پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى

قۇرۇلغانلىقىنىڭ يىگىرمە يىللىقىغا بېغىشلايمىز

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ

# پىچاندىكى تەرەققىياتىغا نەزەر



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
يىگىرمە يىللىقىغا بېغىشلايمىز

# ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يېقىندىكى تەرەققىياتىغا نەزەر

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

发展中的鄯善县维吾尔医/阿不来·买提尼牙孜编. —乌鲁木齐:新疆人民卫生出生社,2004.12
ISBN— 7—5372—3843—X

Ⅰ.鄯... Ⅱ.阿... Ⅲ.医院—发展—鄯善县—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.R199.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004) 第 130157 号

责任编辑:艾尔肯·阿力木
责任校对:阿曼古丽·吐尔迪

发展中的鄯善县维吾尔医
(维吾尔文)

* * *

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编 830001)
乌鲁木齐新协印务有限公司印刷
新疆新华书店发行

* * *

850×1168 毫米 32 开本 9.75 印张 插页 3
2004 年 12 月第 1 版 2004 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—1500
ISBN 7—5372—3843—X 定价:20.00 元



پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى ،
پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ، مۇدىر ۋىراچ ھەببۇللا ھۆسەيىن
خىزمەت ئۈستىدە




شىپاخانا مەسئۇللىرى شىپاخانا خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلماقتا



1985- يىلى 10- ئايدا شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق
رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد پىچان
ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپا-
خانىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن
كەچۈردى



1985- يىلى داڭلىق ئۇيغۇر
تىبابەت مۇدىر ۋراچى ئىلخان
ھەززەت پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر
تىبابەت شىپاخانىسىغا كېلىپ ،
تېۋىپلارغا لېكسىيە سۆزلىدى
ۋە كېسەل كۆردى (ئوتتۇرىدىكى
كىشى )



1990- يىلى داڭلىق تېڭىقچى
پەتھۇللا سوپى پىچان ناھىيىلىك
ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا ئالتە
ئاي تۇرۇپ ، ئۆز تەجرىبىسىنى
كەسپىي خادىملارغا ئۆگەتتى ۋە
كېسەل كۆردى (ئىككىنچى رەت
ئوڭدىن 4-كىشى )



شىپاخانا مەسئۇلى ھەببۇللا ھۇسەيىن ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرمەكتە



شىپاخانا مەسئۇلى ھەببۇللا ھۇسەيىن كەسپىي خادىملارغا تەجرىبە ئۆگەتمەكتە



• ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ تېۋىپلىرى ياتاقتىكى كېسەللەرنى تەكشۈرمەكتە



سۇنۇق ئوپېراتسىيىسىدىن
كۆرۈنۈش



ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈ-
مىنىڭ دوختۇرلىرى 20 يىللىق
بالىياتقۇ چۇقۇقىغا گىرىپتار بولغان
كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلماقتا



ئۆت تېشى ئوپېراتسىيىسىدىن كۆرۈنۈش



بوۋاسىر ئوپېراتسىيىسىدىن كۆرۈنۈش



فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى



ھورداپ داۋالاشتىن كۆرۈنۈش

رېنتگېن بۆلۈمى





B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز
دولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى

لابوراتورىيە بۆلۈمى



# « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ پىچاندىكى تەرەققىياتىغا نەزەر » نى تۈزگۈچىلەر


باش تۈزگۈچى : ھەبىبۇللا ھۆسەيىن

باش مەسلىھەتچى : ھەبىبۇللا ھۆسەيىن

مۇئاۋىن باش مەسلىھەتچىلەر : ياقۇپ ئابدۇراخمان
رەشىدە تۇردى

مەسلىھەتچىلەر : يۇسۇپ داۋۇت ، روسۇل نىياز ،
ماجىنسەن ، ھىمىت ئىلى ،
ئابلىكىم ھىمىت ، مۆمىنجان
ئابدۇراخمان ، ئالىم بەكرى ،
ئابلىز توختىياز

تۈزگۈچى : ئابلەي مەتنىياز

# 《发展中的鄯善县维吾尔医》
# 编写人员

主编:艾比布拉·玉苏音

总顾问;艾比布拉·玉苏音

副总顾问:艾克甫·阿布都热合曼

顾问: 玉素甫·达吾提
肉苏力·尼牙孜
马金山，伊米提·艾力
阿布力克木·伊米提
买明· 阿布都热合曼
阿力木·拜克力
阿布力孜·托合尼亚孜

编者: 阿不来·买买提尼牙孜

# كىرىش سۆز

پىچان ناھىيىسى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە، بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە يەنى، شەرقىي ئۇزۇنلۇق «90°12′28″»، شىمالىي كەڭلىك «42°51′34″» قا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى قۇمۇل شەھىرىگە، غەربىي تەرىپى تۇرپان شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىگە، شىمالىي تەرىپى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن گۇچۇڭ ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 190 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 250 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 38300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەسىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شىتابى، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى 1 - گېئولوگىيە ئەترىتى، شىنجاڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تەتقىقات ئورنى بار. بۇ ناھىيىنىڭ ياۋايى ھايۋانات ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى خېلىلا مول بولۇپ، ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن ياۋا تۆگە، سايگاڭ بۆكىنى، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن قانتېپەر، سوغىگۇل، چاكاندا قاتارلىقلار بار. بايقالغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ماگنىي، بېنتونىت، ناترىيلىق سېلىترا، گىلائۇبېر تۇزى، مەرمەر تاش، كرىستال قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە يەنە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق كەڭ ئىجتىمائىي ئاساس ۋە تۇرپاننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بىلىملىرى بۇ ناھىيىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زامان ـ زامانلار ئۆتسىمۇ بۇ يەردىكى تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى يوقاتماي كۈنسايىن مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولغان. نەتىجىدە تېبابەتچىلىكنى ئۆزىگە ئاتا كەسىپ قىلغان بىر تۈركۈم تۆھپىكار كىشىلىرىمىز قايتىدىن جانلىنىپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، پىچاندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆز رولىنى قايتىدىن نامايان قىلىشىغا كۈچ قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا بىر ھېلىھەم نامىنى تىللاردا داستان قىلىپ كېلىۋاتقان خوجا نىياز ئاخۇنلۇق، مۇھەممەت باقى ئاخۇنلۇق، ئابلىمىت ئاخۇنلۇق، نىياز يوپاڭ . . . كەبى مەشھۇر تېۋىپلار مەيدانغا كېلىپ ئۈزۈلمەس تارىخىي ئېقىنى شەكىللەندۈرگەن. 1983 ـ يىلى پىچاندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئېقىن تېخىمۇ مەۋج ئۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پىچاندىكى تەرەققىياتىدىن ئۇچۇر بەردى.

بۇ كىتاب پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش، شۇنداقلا ئەنە شۇ 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدىن كېيىنكىلەرگە خاتىرە قالدۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئۇنىڭ پىچان ناھىيىسىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى. ئاندىن كېيىن شىپاخانىنىڭ 20 يىللىق تەرەققىيات ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە شىپاخانا مەسئۇللىرى، كەسپىي خادىملار، پىچاندا ياشاپ ئۆتكەن شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پىچاندىكى تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بىر قىسىم داڭلىق تېۋىپلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

بېرىلدى. ئاخىرىدا بولسا بىر قىسىم كەسپىي خادىملارنىڭ ماقالىلىرى بېرىلدى.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ئالاقىدار خادىملارنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە شۇنداقلا قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى يەنى «شاھانە مىراس ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۇرپان رايونىدىكى تەرەققىياتى» ۋە «پىچان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن قىسقىچە ئۇچۇر» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىنى تەييارلاشتا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنگە سەمىمىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

——تۈزگۈچىدىن

2004 - يىل 12 - ئاي

# مۇندەرىجە

**1 . شاھانە مىراس ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۇرپان رايونىدىكى تەرەققىياتى ........................................ 1**

**2 . پىچان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن قىسقىچە ئۇچۇر ........................................................................ 22**

**3 . پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ يىگىرمە يىللىق مۇساپىسى ........................... 25**

**4 . پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى .............................. 49**

1 . مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا .............. 51

2 . مەمۇرىي ئىشخانىنىڭ ئەھۋالى .............................. 54

3 . كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئەھۋالى .................................. 55

**5 . كەسپىي بۆلۈملەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى**

1 . ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ................................ 56

2 . تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ................................ 59

3 . ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت بۆلۈمى ................ 60

4 . سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ............................ 6 1

5 . بوۋاسىر بۆلۈمى ............................................ 63

6 . رېنتگېن بۆلۈمى ............................................ 64

7 . ئېلېكتروكاردىئوگراف ۋە B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى ........................................... 66

8 . فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى ................................ 67

9 . لابوراتورىيە بۆلۈمى ......................................... 68

10 . دورا پىششىقلاش بۆلۈمى ................................. 70

11 . قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى ........................ 72
12 . ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى ................ 76

## 6 . شىپاخانىمىزدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي خادىملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

1 . ھەبىبۇللا ھۆسەيىن ........................ 78
2 . ياقۇپ ئابدۇراخمان ........................ 85
3 . رەشىدە تۇردى ........................ 87
4 . پاتىمە تۇرسۇن ........................ 89
5 . ئالىم بەكرى ........................ 91
6 . مۆمىنجان ئابدۇراخمان ........................ 93
7 . ئابلىز توختىنىياز ........................ 95
8 . ئابلىكىم ھىمىت ........................ 97
9 . يۈسۈپ داۋۇت ........................ 98
10 . ئىلىنىياز روزى ........................ 101
11 . روسۇل نىياز ........................ 102
12 . ئابلەي مەتنىياز ........................ 104
13 . سەيلاخان سەيپۇل ........................ 106
14 . رىزۋانگۈل باۋۇدۇن ........................ 108
15 . شازادىخان سەيپۇل ........................ 109
16 . رەيھانگۈل ئىسمايىل ........................ 110

## 7 . شىپاخانىمىزدىن دەم ئېلىشقا چىققان كەسپىي خادىملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

1 . قاھار سۇلتان ........................ 111
2 . ئابدۇللا توختى ........................ 114
3 . يۈسۈپ سېتى ........................ 116
4 . ئۆمەر تۇرسۇن ........................ 118

5 . نايىت ئىسمايىل ........................ 120
6 . ئەبەيدۇللا هامۇت ........................ 122
7 . تۇرسۇن قارى هاجى ........................ 125
8 . هامۇت قارى ........................ 127
9 . ئابدۇرېشىت روزى ........................ 129
10 . ئابلىتىپ يۇسۇپ ........................ 131
11 . مەخمۇت توخنىياز ........................ 132

**8 . پىچاندا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلار ........................ 133**
1 . غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ........................ 136
2 . ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق ( قىسورى ) ........................ 142
3 . ئابلىمىت ۋاهابى ........................ 144
4 . هەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم ........................ 149
5 . ئابدۇراخمان بەگ ........................ 151
6 . نىياز نەمەت ( يوپاڭ ) ........................ 155
7 . نىياز بەگ ئابلىمىت ........................ 157
8 . مەتنىياز ئىمام ( پاڭ ) ........................ 159
9 . توختى شاڭجاڭ ........................ 161
10 . توخنىياز ئولاتا هاجى ........................ 162
11 . هەمدۇل ئاخۇن ........................ 163
12 . قادىر كاتىپ ........................ 165
13 . ئىنىياز مامۇت ( دوختۇر ) ........................ 166
14 . سادىق ئىمام ........................ 168

**9 . ئىلمىي ماقالىلەر ۋە شىپائىي تامچىلار**
1 . يۈرەك ، قان تومۇر كېسەلى بار بىمارلار قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........................
هەبىبۇللا هۆسەيىن ........................ 169

2 . 38 نەپەر كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارنى زىمادى زاتىلرىيە بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزىتىش.................... ھەبىبۇللا ھۆسەيىن 172

3 . يېڭى توي قىلغان ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى نېمە ئۈچۈن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ............ ياقۇپ ئابدۇراخمان، غۇنچىگۈل غوجامنىياز 176

4. ئېرقۇننىسا ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 177

5 . يېزىخۇ دانچىسىنىڭ دىئابىت كېسىلىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 182

6. 76 نەپەر زىققە بىمارلىرىنى داۋالاشتىن كلىنىكىلىق تەھلىل ............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 185

7. 19 نەپەر پالەچ كېسەللىكىنى كلىنىكىلىق كۆزىتىپ داۋالا-شتىن خۇلاسە............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 188

8. 57 نەپەر قېتىشىش بولغان رىماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغى بى-مارلىرىنى داۋالاش............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 193

9. شەربىتى تۇتنىڭ كلىنىكىلىق ئۈنۈمى توغرىسىدا............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 196

10. ئانار قىيامىغا ئىش قوشۇشتا ھېس قىلغانلىرىم............ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 199

11 . غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان مەقئەت ئۆيۇقچە ياللۇغى ۋە ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغىنى داۋالاش............ ئابلىز توخنىياز 201

12 . « مەجۇنى بەرشىشا » نىڭ ئەكس تەسىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم............ ئابلىكىم ھىمىت 202

13. كالىي تۆۋەنلىك كېسىلىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش............ يۇسۇپ داۋۇت 204

14 . 45 نەپەر پالەچ كېسەلنى ئۇيغۇر تېبابىتى، غەرب تېبا-
بەتى، جۇڭيى تېبابىتى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشتىن خۇلاسە.
................................ روسۇل نىياز، رازاق ئابدۇراخمان 207

15 . ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاشتىكى ئالتە زۆرۈر
شەرتى — ئىنسانلار ساغلاملىقىنىڭ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ
ئاساسى ...................................... ئابلەي مەتنىياز 214

16 . تېبابىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە
مەسىلە توغرىسىدا...................... ئابلەي مەتنىياز 222

17 . دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىم.....
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 226

18 . تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمىنىڭ كېرىلىپ
كېتىشى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا............ ئابلەي مەتنىياز 228

19 . زىققىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا..........
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 231

20 . بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش كېسەلنى داۋالاش توغرىسىدا
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 234

21 . تۇغما خاراكتېرلىك ئىچ مايماقنى داۋالاش...................
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 236

22 . تولغاقنى داۋالاش ئۇسۇللىرى.......... ئابلەي مەتنىياز 239

23 . مەنىي تۇتالماسلىق كېسەللىكىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى
داۋاسى...................................... ئابلەي مەتنىياز 240

24 . دىئابېت كېسەللىكنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش.......
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 241

25 . زۇكامنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش...................
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 243

26 . ھاراق ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش توغرىسىدا...............
.............................................. ئابلەي مەتنىياز 247

27 . پەرۋەر ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى....... ئابلەي مەتنىياز 250
28 . قىزىلمۇچنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرى.............
............................................ ئابلەي مەتنىياز 252
29 . ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەرۋىش ئالاھىدىلىكلىرى.....
............................................ سەيلاخان سەيپۇل 253
30 . ئالتە زۆرۈرىيەت بويىچە پەرۋىش قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى
ئۇستىدە ئىزدىنىش........... سەيلاخان سەيپۇل 259
31 . 12 بارماق ئۇچەي يارىسى بىمارلىرىنى پەرۋىش قىلىش
نۇقتىلىرى.................. سەيلاخان سەيپۇل 260
32 . ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىشقا تېگىش
لىك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى.................. روشەنگۈل كېرەم 262
33 . بوۋاسىر كېسەللىكىنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش چارىلىرى
.............................. رەيھانگۈل ئىسمايىل، ئامىنە ياقۇپ 264
34 . ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن
پەيدا بولىدىغان كېسەللەر.......................
.............................. رەيھانگۈل ئىسمايىل، ئامىنە ياقۇپ 267
35 . ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ پەرۋىشى......
............................................ ئايتىللا ئىسمايىل 269
36 . سۆگەلنى داۋالاشتىكى تەجرىبەم........... قاھار سۇلتان 271
37 . راك كېسەللىكلىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش.................
............................................ ئەبەيدۇللا ھامۇت 272
38 . « ئا، ب» تىپسىز جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ھەققىدە.......
............................................ ئابدۇرېشىت روزى 273
39 . ئەت ياڭىقىنىڭ شىپالىق رولى.....................
............................................ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 275
40 . يۇلغۇن مېۋىسى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى..................
............................................ مۆمىنجان ئابدۇراخمان 277

41. يۇلغۇن يىلىمىنىڭ ئۆزگىچە ئىشلىتىلىشى..........
279 ئىلنىياز روزى ..............................
42. سامساق ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى.............
279 ئابلەي مەتنىياز ..............................
43. ئىگىرنىڭ شىپالىق رولى.............. ئابلەي مەتنىياز 281
44. ئۆزۈمنىڭ شىپالىق رولى ............ ئابلەي مەتنىياز 282
45. سىيادانىنىڭ شىپالىق رولى .......... ئابلەي مەتنىياز 283
46. ئىچ سۈرۈشنى داۋالايدىغان ئاددىي نۇسخىلار ..........
284 روشەنگۈل كېرەم ..............................
47. چاچ ئاقىرىشنى داۋالايدىغان ئاددىي رېتسېپلار ........
286 روشەنگۈل كېرەم ..............................
48. كېلەر ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى.......... ئابلەي مەتنىياز 287
49. قوشقاچ ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى......... ئابلەي مەتنىياز 288
50. تېۋىپ توختى ئىمام رېتسېپلىرى ........ هامۇت قارى 290
51. دېئابېت كېسىلىنىڭ ئاددىي داۋاسى........... هامۇت قارى 292
52. خېنىنىڭ شىپالىق رولى............ رەناخان ئىبراهىم 293

**پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا مەسئۇل بولغان خادىملارنىڭ تىزىملىكى............. 295**

# 1. شاھانە مىراس ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۇرپان رايونىدىكى تەرەققىياتى

يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىر-داش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈرك ئېرپاننى، ئىلمىنى، تېبابەتچىلىكىنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى.

— دوكتۇر ئا. سۈھەيل ئۈنۋەر

مەلۇمكى، مۇنبەت ماكان تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز— ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى داۋا-مىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى- يېڭى مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئەسلى مەدەنىيەتلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. بىر مەدەنىيەتنى ياراتقاندا ۋە ياكى قوبۇل قىلغاندا يەنە بى-رىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتمەستىن، ئۇنى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىپ ئۇنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان «ئۇيغۇر تې-

بابەتچىلىكى » ئەنە شۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر تېبابىتى — مۇكەممەل سىستېمىلاشقان، نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ۋە بۇ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مول ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن دۇنيا مېدىتسىناسى ئىچىدە يۇنان تېبابىتى ياكى ئىسلام تېبابىتى قاتارىدا، جۈملىدىن ۋەتەن تېبابىتى خەزىنىسىدە « ئۇيغۇر تېبابىتى » دېگەن نام بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى مەيلى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن بولسۇن، باشقا ئەل تېبابەتچىلىكى، جۈملىدىن جۇڭيى، زاڭزۇ، موڭغۇل تېبابەتچىلىكى قاتارىدا ۋەتەن تېبابەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ھەقتە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي فاكۇلتېت تىب تارىخى ۋە دېئونتولوگىيە پروفېسسورى دوكتۇر ئا. سۈھەيل ئۈنۋەر « ئۇيغۇرلاردا تېبابەت » ناملىق مەشھۇر كىتابىدا : « ... ھىندى ۋە جۇڭيى تېبابىتىدە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەسىرلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە بەرگەن تەسىرىدىن كۈچلۈك. جۇڭگو تارىخچىلىرى 759 - يىلى تۇخارىستان ياپغۇسى ( ھۆكۈمرانى ) تەرىپىدىن جۇڭگو خاقانىغا ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر ئارىسىدا ئىككى يۈز خىل تېببىي دورا ۋە نۇرغۇن خۇشپۇراق ماددىلارنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ » ① دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئەقىل - پاراسەتلىك، مېھنەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ تارىم بويلىرىدا ياشاپ،

① ئا. سۈھەيل ئۈنۋەر: « ئۇيغۇرلاردا تېبابەت »، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 2 - بەت

ئۆسۈپ كۆپىيىشىدە مۇھىم رول ئويناپ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەتلىك خەلق بولۇشىغا تۈرتكە بولغان.

« ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى يالغۇز يېقىنقى زامانىنىڭ ياكى ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى پەن - مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئىبىن سىنا تېببىي تەلىماتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ سەمەرىسى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك كېسەللىك، ئەمچىلىك، دورا - گىياھچىلىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىپتىدائىي تەجرىبىلىرى ۋە تۈرلۈك ئەم - ئىرىم ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە تۇرانى خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئاناۋ، تاقار، قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ شۇ خىل تەجرىبىلىرى بىلەن ئەم - ئىرىم ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغان »① بولغاچقا، مەزمۇن دائىرىسى كېڭىيىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مۇجەسسەملەنگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى گەرچە ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزدىكى بىردىنبىر سەۋەنلىك — تەزكىرە تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىز سەۋەبلىك كۆپلىگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئۆز تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى خەنزۇ ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيان دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ئارقىلىق ئاندىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيەت كەشپىياتچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق. بىز يېقىنقى دەۋرلەردىن

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى »، « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى »، 1984 - يىل 3 - سان، 57 -، 58 -، 61 - بەتلەر.

بىرى تېبابەتچىلىكىمىز ھەققىدە سۆز ئاچساق، كۆپىنچە ھاللاردا ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزنى ۋە تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تېبابەتچىلىكىمىز توغرىسىدا ئانچە گەپ - سۆز قىلىنىشمىدۇق.

دۇنياغا تېبابەتچىلىكنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بەزى تارىخچىلار « تېبابەتچىلىك دۇنيادا ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ بار ئىدى » ① دېسە، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار « ئەڭ قەدىمكى تېبىبىي پائالىيەت باشلانغۇچ ئېتىقاد بىلەن بىللە بۇنىڭدىن 40 — 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ كونا تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولغان» ① دەيدۇ. ئۇلۇغ رۇس فىزىئولوگى ئىۋان پېترووۋىچ پاۋلوۋ: « ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا مېدىتسىنالىق پائالىيىتى باشلانغان. مېدىتسىنا تارىخىنى ئىنسانىيەت يازما خاتىرىلەر يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاش خاتا تونۇشتۇر » دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مېنىڭچە تېبابەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاش يۈزەكىلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتىن تارتىپلا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش، تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش، قىسقىسى ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلىشى ناتايىن. ئۇلار ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا كۆپ ۋا-

① ھاجى ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى: « ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى » ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 5 - بەت

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى » ، « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، 1984 - يىل 3 - - سان، 57 - ، 58 - ، 61 - بەتلەر.

قىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەڭ دەسلەپتىكى بىر ئادەمنىڭ « ئۆلۈم » نى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ئەمەس. ئۆلۈم ھاياتلىقتىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىناق. مانا مۇشۇنداق رەھىمسىز سىناق ئالدىدا، ئىنسانىيەت ئاندىن ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولغان. « بىر قېتىملىق ئۆلۈمنى كۆرۈش ھەرقانداق بىر ئادەمدە ئۆز ـ ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشنى، ئۆز ھاياتىدا ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۆلۈم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادەمنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق ئەڭ زور سىناقنىڭ زەربىسىدە روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چەكسىز نۇرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ »① شۇڭا، تېبابەتچىلىكنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ خېلى يىللاردىن كېيىن ئاندىن « ئىپتىدائىي تېبابەت » ھالىتىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىختىرا قىلغان ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكتە « يالغۇز دورا گىياھلىرى، تۇز ۋە ئارشاڭ سۇلىرىدىن پايدىلىنىش. پاشا، يىلان، چايانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەدەنگە ياكى پاقچاققا سېغىزلاي سۈركۈۋېلىش، يۈزىگە قېتىق سۇرتۇش، مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش. قان چىكىش، ئىلمە( ياكى خوخولا) ، قۇمغا كۆمۈش، گىياھ سۈيىگە چۆشۈش، ھايۋان تېرىسىگە ئې-

① ئەسئەت سۇلايمان: « تراگېدىيە تۇغقان سوئال » ، « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 9 ـ سان، 18 ـ بەت.

لىش، ئۇچۇغداش، قۇستۇرۇش، تېڭىقچىلىق، ئاددىي ئوپېراتسىيە ۋە مۇمىيا ( مىلادىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت قاراسۇق مەدەنىيىتى قەبرىلىرىدىن مۇمىيا قىلىنغان جەسەت تېپىلغان ) قىلىش قاتارلىق ماددىي داۋالاش ۋاستىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە روھىيەتچىلىك ۋاستىلىرىنى، تۈرلۈك ئىرىملارنى قوللانغان» ① بولغاچقا، « ئۇيغۇر خەلقى پەيدا بولغان زاماندىن تارتىپ بار بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ②مۇ دىنىي تۈس بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى سەۋەبلىك شامان دىنىنىڭ پېرىخونلۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان③ شامان دىنى تېبابەتچىلىكىدە كىشىلەرنىڭ كېسەل بولۇشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن جۈملىدىن « يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن » كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولغاچقا، كېسەل ئادەملەرنى داۋالاش قانداقتۇر يېمەكلىك ۋە ياكى دورا يېگۈزۈش ئارقىلىق بولماستىن، بەلكى مۇشۇ دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دىن ئاساسەن « ئادەم پەقەت جىن ئالۋاستى ياكى يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن كېسەل بولىدۇ »، « داخانلار جىن ئەرۋاھلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى قايتۇرالايدۇ » دەپ قارايدىغان بولغاچقا، شامان دىنى ئېتىقادچىلىرىدا ئەپسۇن ئوقۇش، جىنكەشلىك، رەمباللىق، پالچىلىق ئەۋج ئالغان. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ئىسرىقدانغا چوغ ئېلىپ ئۈستىگە قوينىڭ قۇيرۇق يېغى ياكى ئادراسمان، ئارچا ياغىچى قاتارلىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى سېلىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆيىنى ئىسلاپ

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى »، « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى »، 1984 ـ يىل 3 ـ ـ سان، 57 ـ، 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

② ھاجى ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى: « ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسى نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى »، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 5 ـ بەت

③ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: « قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى توغرىسىدا »، « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 12 ـ سان.

روھ ـ ئەرۋاھلارنى قوغلاش؛ يۈرۈك تىلەپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ بىمار-نىڭ بېشىدىن يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇش؛ ئاق توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش؛ كىچىك بالىلار ئۇخلاپ قالغاندا قارا بېسىپ، كېسەل بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا پىچاق، قايچا، ئەينەك قاتارلىقلارنى قويۇپ قويۇش؛ ئاياللار تۇغۇتتا قىي-نالسا « جىن دارىدى » دەپ ئوقۇتۇش؛ بالا ئاۋاق بولۇپ قالسا « جىن چاپلىشىپتۇ » دەپ قاراپ ئەسكى لاتىدا قورچاق ياساپ كىشىلەر كۆرمەستە ياكى كېچىدە چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا قويۇپ قويۇش؛ سەپەرگە چىقىش ۋە ئۆي كۆچۈشتىن بۇرۇن ياغ پۇرىتىپ روھتىن مەدەت تىلەش؛ شۇنداقلا قېرى ـ يوغان دەرەخلەرگە « جىن بار » دەپ لاتا چىگىپ قويۇش؛ ھەرخىل قارانچۇقلارنى، ھايۋاناتلارنىڭ باشلىرىنى دەل ـ دەرەخلەرگە قاداپ قويۇش ... قا-تارلىقلاردىن ئىبارەت.

شامان دىنى تېبابەتچىلىكىدە باخشى، داخان، پېرىخونلار مەيدانغا چىقىپ، قۇتقازغۇچى نىجاتكار سۈپىتىدە كېسەللەرنى ئۇچۇقداپ، ھەرخىل ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، ئوت-تىن ئاتلىتىش، پېرە ئوينىتىش، بەدەنلىرىنى ( كېسەلنىڭ ـ ئا ) ئۇچۇقداپ « كۆچ، كۆچ، كۆچ »، « يىراق جاڭگاللارغا كەت »، « ماكانىڭغا ئوت قويىمەن »، « رەسۋا »، « شەرمەندە »، « چىق ـ يوقال» ... دېگەندەك تىللاش، پوپوزا قىلىش ئەپسۇنلىرىنى ئو-قۇغان. مەسىلەن، بىرەر ئادەمنىڭ چىشى ئاغرىپ قالسا، شۇ ئا-دەمنىڭ ئاغرىق چىشى تەرەپتىكى يۈزىگە لۆڭگە قويۇپ، ئۈستىگە يۇمشاق ئاق پاختا ( چىگىتى ئايرىۋېلىنغان ـ ئا ) قويغاندىن كې-يىن ئوت يېقىپ پاختىنى كۆيدۈرۈش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقىدەك ئەپسۇنلارنى ئوقۇش ئارقىلىق « يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن » كېلىپ چىققان چىش ئاغرىق كېسىلىنى داۋالاش شامان باخشى-لىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. جىن ـ ئالۋاستىلارنى بىر نەرسە ئوقۇپ بەند قىلىش، كومزەككە

سولاپ سۇغا غەرق قىلىش، كۆمۈش، ئېقىتىش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، مۇداپىئە تىلتۇمارى ئېسىش قاتارلىقلار شامان دىنى ئەم ئىرىمچىلىكى (تېبابەتچىلىكى) دىكى ئاساسلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى بولۇپ، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى ھازىرقى كۈنلەردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئادەتتىكى خەلق ئارىسىدىكى داۋالاش ئىشلىرى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ چىقىپ بىر خىل ئىلمىي تېبابەتچىلىك شەكلىگە كىرگەنلىكىگە 2500 يىلدىن ئاشتى. مىلادىدىن 770 ــ 221 يىل بۇرۇن ئالىملار ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىپ چىققان ئەڭ قەدىمكى جۇڭگو تېبابەت ئەسىرى «خۇاڭدى ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» (黄帝内正秦问) نىڭ «باشقىلارنىڭ شىپالىق نۇسخا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە» دېگەن بابىدا، غەربىي دىيار (شىنجاڭ) نىڭ كىلىماتى، تەبىئىي شارائىتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلىگەندىن كېيىن «.. . ئۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەردە كېسەللىك ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ، داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلارنى قوللىنىدۇ. شۇڭا زەھەرلىك دورىلار غەربىي دىياردىن كېلىدۇ» دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب بۇنىڭدىن 2500 يىلچە بۇرۇن چىن، خەن، جەنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە جۇڭگو تېۋىپلىرى قايتا ــ قايتا تولۇقلاپ تۈزۈپ چىققان ئەسەردىن ئىبارەت. دېمەك، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنلا غەربىي دىيار (شىنجاڭ) خەلقى داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتەلەيدىغان ۋە ئىچكىرىگە زەھەرلىك ھەم كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان دورىلارنى كىرگۈزەلەيدىغان دەرىجىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىلىملىرىگە ئىگە بولمىسا، ①

① «ئۇيغۇر تېبابەت چولپانى» 27 ــ بەت.

مەرغۇر دىلاسسىك تېببىي ئەسەردە غەربىي دىيارنىڭ دورا ئۆسۈ-
لىتىش ئۆسۈللىرى مۇنداق روشەن قەيت قىلىنمىغان بولاتتى.
ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەدەنىيەت مىراسى بولغان تېبا-
بەتچىلىكتە يېمەكلىك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئەڭ ئالدىنقى
قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.
بىز ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تېبابەت-
چىلىككە ئائىت يازما ئەسەرلەر ۋە ياكى شۇ دەۋرلەرگە تەئەللۇق
ھەرخىل مەدەنىي يادىكارلىقلارغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، يۇ-
قىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆپلىگەن مەنبەلەرنى
ئۇچرىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئالايلى « دورا ئۆسۈم-
لۈكلەر قامۇسى » ( 本草纲目 ) ، « تاڭ ئاھاڭلىرى » ( 唐韵 ) ،
« گۇاڭ جىۋ » ( 广志 ) ، « پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەس-
تۇرى ، 19 - سامساق تېرىش » ( 齐民要术 · 种蒜十九 ) ،
« خەننامە ، پەرغانە تەزكىرىسى » ( 汉书 · 大宛列传 ) ،
« تەرمىلەر خاتىرىسى » ، « دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە تەرمىلەر
( 本草拾遗 ) ، « تەرمىلەر خاتىرىسى » ( 拾遗录 ) ، « مېڭشى
باغچىسى پۈتۈكلىرى» ( 梦溪笔谈 ) ، « تەيپىڭ شىڭكو يىللى-
رىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى » ، « يۈيياڭ
خاتىرىلىرى، ياغاچ سەھىپىسى » ( 酉阳杂 · 木篇 ) ، « تاڭ
سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر ، ھەرخىل خاتىرىلەر»
( 唐会要 · 杂录 ) ، « گۇاڭجۇ خاتىرىلىرى » ( 广州记 ) ،
« خەرىتە ھەم تەپسىرلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ( 图经本草 ) ،
« سەنشۈي تەزكىرىسى ، ماددىي مەھسۇلات قىسمى ، كۆكتات »
( 澉水志物产门 · 菜 ) ، « جىنجاڭ تەزكىرىسى » ( 镇江志 ) ،
« يېمەك - ئىچمەك ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار »
( 钦食须知 ) ، « گۈل - گىياھلار شەجەرىسى» ( 草花谱 ) ،
« چۇنفاڭ شەجەرىسى » ، « تائام تەييارلاش دەستۇرى» ( 钦膳正要 ) ،
« مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» ( 博物志 ) ، « غەربكە ئەلچىلىك

خاتىرىسى » ، « ئىككى خەننىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى » ، « تارىخىي خاتىرىلەر» (史记) ، « غەربىي پايتەخت ھەققىدە خاتىرىلەر » ، « يۇيياڭ خاتىرىلىرى، ئۆسۈملۈك 2 ـ» (酉阳杂·支植下) ، « گۇاڭدۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى » ( 广东通志初稿 ) ، « يېڭى بەش دەۋر تارىخىي، يات قەۋملەرگە دائىر قوشۇمچىلار3 » (新五代史·四夷附录第三) ، « كىدانلار تەزكىرىسى » 25 ـ جىلد « قولدىن كەتكەن شىمالىي يەرلەر خاتىرىسى » (《契丹园志卷》二五陷《北记》) ، « ئىچكى كېسەللىكلەر رىسالىسى » ، « دېھقانچىلىق پىرى تۈزگەن ئۆسۈملۈك دورىلار دەستۇرى » ( 神农本草经 ) ، « ئۇيغۇر رېتسېپلىرى» ( 回回药方 ) ، « چەت ئەل دورا ئۆسۈملۈكلىرى » ، « دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تەييارلاش ئاساسلىرى » ، « بامبۇكزارلىق سارايدا تەجرىبە قىلىنغان رېتسېپلار» ... قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە « ئەزەلدىن دورا ئەشيالارغا باي خاسىيەتلىك يۇرتىمىزدىن 2200 يىللاردىن بۇيان ئىچكى جايلارغا تارقالغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئەشيالىرى » ① دىن بىدە، سامساق، يۇمغاقسۈت، تەرخەمەك، كۈنجۈت، پۇرچاق، نوقۇت، قارىمۇچ، پالەك، ئارپىبەدىيان، تۇرۇپ، سەۋزە، كاۋا، كۆممە چامغۇر ( ياڭيۇ ) ، قىزىلمۇچ ( لازا ) ، پەمىدۇر، پىياز، كارتام گۈلى، زەپەر، باقىلە، پۇدىنە ( يالپۇز ) ، ئارچا، ئاشىر، نوقۇسار، كۈچۈلا، ئۈزۈم، ياڭاق، بېھى، چىلان، بادام، پىستە، ئالما، ئانار، نان دەرىخى ( بۇ دەرەخ قەدىمدە پېرسىيىدىن يۇرتىمىزغا كىرگەن، ئاندىن يۇرتىمىز ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. ئەمما بۇ دەرەخنىڭ قايسى ئەسىرلەردە يۇرتىمىزغا

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: « يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئەشيالىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم » ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، 1998 ـ يىل 1 ـ سان 65 ـ بەت.

كىرىپ، قايسى ئەسىرلەردە نەسلىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق )، زەيتۇن دەرىخى، ماڭگۇ دەرىخى، ئەنجۈر، قوغۇن، تاۋۇز، كۆركە قۇشقىچى، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، ئۇۋ قۇرتى بوغىسى، ئۆمۈچۈك، يىلان مۈڭگۈزى، تۆگە قۇشى، شىر، توخرى كالىسى، ئىپار ( مۈشك ) ... قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئەشيالىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىش جەريانى، ئۇ ئەشيالارنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، چىقىش ئورنى. . تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە تونۇشتۇرۇلغان دورا ئەشيالىرىنىڭ شۇنچە كۆپ ھەم بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇشى، بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆز دائىرىسىگىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئەللەرگىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تېخىمۇ بېيىپ بارغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ( بۇ ھەقتە يولداش ئابلىمىز مۇھەممەت سايرامى ئۆزىنىڭ « يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورا ئەشيالىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم » ناملىق ماقالىسىدا تەپسىلىي توختالغان ـ ئا ).

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى خاس ئىلىملەر قاتارىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەردە تۇرپان رايونىدا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودا ـ سېتىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ...قاتارلىقلار زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ رايوندا تېبابەتچىلىك مەخسۇس كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. نۇرغۇنلىغان ئەمەچى ـ ئوتاچىلار مەيدانغا كېلىپ، تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، خەلق-

نىڭ ساغلام بەدەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان تېبابەتچىلىك دورىلىرىنى تۇرپان دائىرىسىگە تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە قوشنا يۇرت، قوشنا ئەللەرگە قەدەر تارقىتىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ھەقىقىي خاسىيىتىنى جەۋلان قىلغان ھەم ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكەن كۆپلىگەن تېببىي دورا رېتسېپلىرىنى يېزىپ چىقىپ تارقىتىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىشى ۋە بېيىشىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، ئەجدادلىرىمىز ھايات كەچۈرگەن تارىم ۋادىسىدىكى تاغ - دەريالاردىن چىقىدىغان زور كۆپچىلىك ئۆسۈملۈك - مەدەنلەر كېسەل داۋالاشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك دورىلار بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەركىزىي مەسىلە ئەنە شۇ ماددىي ئەشيالارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، قايسى خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتۇر. ئەقىل - پاراسەتكە تويۇنغان ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل ئىقتىدارنى خېلى بۇرۇنلا ئۆزىدە ھازىرلىغان بولغاچقا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى سانسىزلىغان دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئاستا - ئاستا ئىگىلەپ چىققان. بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇ ئىش كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان. شۇ سەۋەبلىك تۇرپان دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش پائالىيەتلىرىدە تېببىي رېتسېپلار يېزىلغان كۆپلىگەن قول يازمىلار تېپىلغان. مەسىلەن : گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېتىپ بېرلىندا ساقلاۋاتقان «تېبابەتچىلىككە ئائىت قولىيازمىنىڭ پارچىسى» دا ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن تېببىي رېتسېپلار خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ قولىيازمىلاردىكى رېتسېپلار بىلەن ھازىرقى زاماندا قايتا ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن رېتسېپلاردىن بىر قىسمىنى

سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقمىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1000 يىللار بۇرۇنقى تۇرپان تېۋىپلىرىنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقتا ئېيتىلغان رېتسېپلار بىلەن ھازىرقى دەۋردە يېزىلغان رېتسېپلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى (قىسقارتىپ «يادىكارلىق» دەپ ئېلىنىدۇ ـ ئا).

«يادىكارلىق» تا: «كۆز غۇۋالىشىپ كۆزدىن سوغۇق ياش كۆپ ئاقسا، كالا ئۆتىنى كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە كۆز ئېنىق كۆرىدىغان بولىدۇ» ①.

ھازىرقى دەۋردە يېزىلغان رېتسېپ كىتابىدا: «كالا ئۆتىنى زەپەر بىلەن ئېزىپ كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ» ②.

«يادىكارلىق» تا: ئانار ئۇرۇقى، سېرىق چاكاندا، ئۆچكە گۆشى، كەرەپشە، قىچا ئۇرۇقى، قارىياغاچ قوۋزىقى، ئۆچكە ئۆتى، توشقان ئۆتى، كەپتەر مايىقى، سۆگۈپياز، بەدىيان، كەكلىك ئۆتى، زىغىر مېيى، توخۇ تۇخۇمى، توخۇ ئۆتى، ئۈزۈم سىركىسى، تۆگە گۆشى، ئۇجمە، قۇرۇق ئۈزۈم سۈيى، كالا ئۆتى، توشقان مېڭىسى، كۈنجۈت يېغى، زەپەر، قوناق ئۇنى، ئىپار، ئۆرۈك مېغىزى، ھەشقىپىچەك، كۈنجۈت، ھەسەل، تېرىق ئۇنى، قۇندۇز قەھرى، كۈنجۈت ئۇرۇقى، قارىمۇچ، نۆشۈدۈر، قوي سۈتى، پىياز يىلتىزى، سامساق يىلتىزى، بېلىق ئۆتى، مۇسەللەس، قېتىق، سامساق، توغراق يېلىمى، نوقۇت، سىماب، ئىتئۈزۈمى، ئاق ئۇجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقى، تۆگە سۈتى... قاتارلىق دورا ماتېرى-

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1999 ـ يىل 3 ـ سان، 82 ـ بەت.

② تەۋەككۇل قۇربان، مەلىكەم مۇھەممەت: «ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ شىپالىق رولى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 73 ـ بەت.

ياللىرىنىڭ ھەرخىل كېسەللەرگە بولغان داۋاسى سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇندىن 1000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلگەن بۇ دورا ماتېرىياللىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىدىكى يەنە كۆپلىگەن كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى جەۋلان قىلدى. شۇڭا مەزكۇر يادىكارلىقتا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ دورىلىق قىممىتى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان، تەجرىبە ئۇسكۈنىلىرى تولۇق بولغان بۈگۈنكى دەۋردە « كۆكتاتلارنىڭ شىپالىق رولى » ( 1997 ـ يىل نەشرى ) ، « ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ شىپالىق رولى » ( 1999 ـ يىل نەشرى ) ، « مەدەنلەرنىڭ شىپالىق رولى » ( 1998 ـ يىل نەشرى ) ، « ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى » ( 1992 ـ يىل نەشرى ) ، « سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار » ( 1998 ـ يىل نەشرى ) ، « كېسەللىكلەرنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش » ( 1995 ـ يىل نەشرى ) ، « مېۋىلەرنىڭ شىپالىق رولى » ( 1991 ـ يىل نەشرى ) ، « گۈل ـ چېچەك تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولى » ( 1996 ـ يىل نەشرى ) ، « ئەرلەر جىنسىي ئاجىزلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش » 1996 ـ يىل نەشرى ) ، « مۇرابىا ۋە شەربەتنى قانداق ياساش كېرەك؟ » ( 1988 ـ يىل نەشرى ) ، « شىنجاڭ مىللىي تېبابەت مۇرەككەپ رېتسېپلار توپلىمى » ( 1997 ـ يىل نەشرى ) ، « قەنت سىيىش كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش » ( 1986 ـ يىل نەشرى ) ، « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن ئۆلچەملىك رېتسېپلار » ( 1989 ـ يىل نەشرى ) ، « ئۇيغۇر تېبابىتى خەزىنىسىدىن تەرمىلەر » ( 1998 ـ يىل نەشرى ) ، « ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مايلارنىڭ شىپالىق رولى » ( 1999 ـ يىل نەشرى ) ، « مېغىزلارنىڭ شىپالىق رولى » ( 2003 ـ يىل نەشرى) ...قاتارلىق مەخسۇس كىتابلاردا ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى.

«يادىكارلىق» نىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا مۇسەللەس ( شاراب ) تىلغا ئېلىنىدۇ. « شاراب ـ قەدىمكى تارىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ

ئەجدادلىرى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن مۇھىم ئىچىملىك بولۇپ، ئۇ مەنىۋى جەھەتتە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، شادلاندۇرۇش، روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش، كەيىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، قەدىمكى تېبابەتچىلىكىمىزدە بالا چۈشۈرۈش، دەم سىقىلىشقا ۋە مەست قىلىش ( ناركوز قىلىش )، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، يەنە كۆپ خىل تېببىي دورىلارنى ئېچۈرۈشتە مۇھىم ئارىلاشما قاتارىدا خېلى كەڭ قوللىنىلغان» ① بولغاچقا، «يادىكارلىق» تىكى بىر قىسىم رېتسېپلاردا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «ئىككى سۆڭەك ( مىقدار سۆز ) ئۆچكە گۆشىنى بىر قاچا مۇسەللەس، بىر قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۈيىنى سوۋۇتۇپ ئىچسە، قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ»، «كەكلىك ئۆتىنى قۇرۇتۇپ مۇسەللەس ياكى بوزۇغا قوشۇپ ئىچسىمۇ، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز ئېچىلىدۇ»، «ھەيز كۆپ كېلىپ توختىمىغان ئايالغا زەپەر، قوناق ئۇنى، ئىپارلارنى مۇسەللەسكە قوشۇپ ئىچۈرسە ساقىيىدۇ»، «ئىت سۇتىنى مۇسەللەس بىلەن ئىچىپ بەرسە، قورساقتا ئۆلۈپ قالغان بالا چۈشۈپ كېتىدۇ».

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىن تەۋەلىكىدە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىكمۇ تېز تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، شاراب ـ مۇسەللەسنىڭ خام ئەشيالىرى شۇ جايدىن ناھايىتى كۆپ چىققان. ئادەتتىكى كىشىلەردىن تارتىپ تاكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگىچە ئۈزۈملۈك باغنى كېڭەيتىش، مول ـ ھوسۇلنى كۆپ ئېلىشقا تىرىشقان. نەتىجىدە مۇسەللەس ئىشلەش ئومۇملاشقان. شۇڭا مەيلى تېببىي ھۆججەتلەردە بولسۇن ۋە مەيلى ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە بولسۇن مۇسەللەس ھەققىدە ئالاھىدە خاتىرىلەر قالدۇ-

① «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىل 2 ـ سان، 78 ـ بەت.

رولغان ( شاراب ــ مۇسەللەسنىڭ تارىخى ھەققىدە يولداش ئابلىز مۇھەممەت سايرامى : « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى تېببىي دورا شاراب ۋە ئۇنىڭ يۇرتىمىزدىكى تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم » ناملىق ماقالىسىدە ئەتراپلىق توختالغان ــ ئا ) ، تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ تېببىي ھۆججەتنىڭ چەت ئەللەردىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە بىر نېمىس ئالىمى مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان : « ئەنگلىيە ، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىدە بۇ خىل نەرسىلەر يوقكەن ، گۈزەل ۋە ئۇلۇغ مەدەنىيەتكە ئىگە تۈركىي خەلقلەر ئۆز ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقتۇر » . مەزكۇر تېببىي ۋەسىقىلەر چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىلمىي قىممەت جەھەتتە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولغاچقا ، 1936 ــ يىلى ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ مېدىتسىنا تارىخى ۋە دېئونتولوگىيە پروفېسسورى دوكتۇر ئا . سۇھەيىل ئۇنۋەر ئەشۇ تېببىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان ئاساستا « ئۇيغۇرلاردا تېبابەت » ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئىنچام قىلىپ « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر بۇ ئەسەر بىر يەردىن تەرجىمە قىلىنغان بولماستىن ، بەلكى ساپ يەرلىك بىلىملەرگە بۆلەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تەجرىبە ، كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا يېزىلغان» ① دەيدۇ . مەزكۇر ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە كېسەللىكلەرنى تېرە كېسەللىكلىرى ، كۆز كېسەللىكلىرى ، قۇلاق ، تاماق ۋە بۇرۇن كېسەللىكلىرى ، چىش كېسەللىكلىرى ، نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ، يۈرەك ۋە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھەرخىل ئىچكى كېسەللىكلەر ، ئەسەب ( نېرۋا) كېسەللىكلىرى،

---

① دوكتور سۇھەيىل ئۇنۋەر : « ئۇيغۇرلاردا تېبابەت » ، شىنجاڭ پەن ــ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ( W ) 1997 ــ يىل نەشرى ، 4 ــ بەت .

سۈيدۈك يولى ۋە جىنسىي/ ئەزا كېسەللىكلىرى، ۋىرۇسلۇق ۋە
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر.. . قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن ۋە ئۇنى دا-
ۋالاشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىققان بولۇپ، بۇنى
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دۇنيا تېبابەت-
چىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان غايەت زور تۆھپىسى،
دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

تۇرپان ئويمانلىقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىن ئىبا-
رەت ئىككى چوڭ سودا يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا جايلاشقان
بولغاچقا، ھەرخىل سودا - سېتىق قاتارىدا دورا - دەرمەك سودى-
سىمۇ تەرەققىي قىلغان. قوڭغۇراق ئاۋازىنى ياڭرىتىپ ئايىغى
ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان تۇركۇم - تۇركۇم سودا كارۋانلىرى شىن-
جاڭنىڭ يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا،
كىچىك ئاسىيا ھەم ئەرەب ئەللىرىدىن ئىمپورت قىلغان دورا ما-
تېرىياللىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئاپى-
رىپ، قىممەت باھادا سېتىپ زور پايدىغا ئېرىشكەن.

مەسىلەن: تۇرپان ئاستانىدىكى 514 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تې-
پىلغان ۋەسىقىلەردىكى دورا ماتېرىياللىرى سودىسىغا دائىر
ھۆججەتلەردە بىر قېتىملىق دورا سودىسى ئەھۋالى مۇنداق پۈتۈل-
گەن: « شۆبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى 572 جىڭ،
شۆبەن ساتقان 输石 ( يۇشى - پارسلار زېمىنىدىن چىقىدۇ، سې-
رىق ئالتۇنغىلا ئوخشايدۇ. ئوتقا سېلىپ تاۋلىسىمۇ ھەرگىز قا-
رىدىمايدۇ. مەزكۇر دورىنىڭ ئۇششۇقنى ياندۇرۇپ، قىزىتمىنى
قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئۇنۇملۇك ) 300 جىڭ، ئەن ؟ ساتقان نۆ-
شۇدۇر 50 جىڭ، كاڭ ۋۇتى ساتقان كۆكۈم يىلتىزى 87 جىڭ، شى
مەنبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 362 جىڭ، شى مەنبەن
ساتقان نۆشۇدۇر 241 جىڭ، ؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 400
جىڭ، ؟ ساتقان 蜜石 ( تاش ھەسىلى ) 30 جىڭ، كاڭمۇ ساتقان
نۆشۇدۇر 250 جىڭ، ؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 172 جىڭ،

؟ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 92 جىڭ، كالىڭ نيۇخېبەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 650 جىڭ، كالىڭ نيۇخېبەن ساتقان نۇشۇدۇر 201 جىڭ، نىچۇلياڭشاڭ ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 50 جىڭ، ئەنپۇ يېمىنىيەن ساتقان پۇراقلىق دورا ماتېرىيالى 33 جىڭ » ①

يۇقىرىدىكى تارىخىي ھۆججەتكە پۈتۈلگەن بىر قېتىملىق دورا ھېساباتى ۋە دورا مىقدارىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشىدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر يىللىق دورا سودىسىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يالغۇز ئۆزئارا دورا سودىسى قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى سۇلالە ـ خانلىقلار بىلەنمۇ دورا ۋە خۇشپۇراق ماتېرىياللار سودىسى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ سۇلالىلىرىنىڭ پايتەختى لوياڭ، كەيفېڭگە ئەكىلىپ ساتقان دورا ـ دەرمەك ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىم ۋادىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى. 942 ـ يىلدىن 951 ـ يىلغىچە ئۇيغۇرلار لوياڭ، كەيفېڭگە ئالتە قېتىم كېلىپ سودا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماللىرى ئىچىدە نۆشۇدۇر، بۆكەن مۈڭگۈزى، دانىكا، دېڭىز ئىتىنىڭ چۇۋىقى، كەھرىۋا، دېۋىرقاي ۋە پۇراقلىق دورا قاتارلىقلار بار. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپارغان دورا ماتېرىياللىرى ۋە پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرىغا يەنە يېڭى سورتلار قوشۇلغان. « سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن بايانلار توپلىمى يېمەكلىكلەر» 38 [دە: « شىنىڭنىڭ 10 ـ يىلى ( 1077 ـ يىلى ) 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مېھمان كۈتۈش ۋازىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئەلچىلىرى لۇشۇن، نەنساۋىن قاتارلىقلار ئەكەلگەن مەستىكى رۇمى 31 مىڭ

① « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 41 ـ بەت.

جىگەردىن ئارتۇق بولۇپ، پۇلى 44 مىڭ تىزىق يارماق بولىدۇ» دېيىلگەن. بىر قېتىمدا 30 مىڭ جىگەردىن ئارتۇق مەستىكى رۇ- مىنىڭ سېتىلىشىنى چوڭ سودا دېيىشكە بولىدۇ①

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بەرەس ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىقلىقى بىلەن ئىلمىيلىكى كىشىنى خېلى قايىل قىلىدۇ. ئۇ داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە كۆپلۈكى بىلەن ئەلگە تونۇلۇپ، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلمەكتە ھەمدە تېبابىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئالاقىدار يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر تېبا- بەتچىلىكىنىڭ بەرەسنى كېسەللىك قاتارىدا تونۇپ كەلگىنىگە 1500 يىلدىن ئاشقان. بۇنى، بۇنىڭدا 1200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىك كىتابىدىن كۆرۈۋال②. غىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ كېسەل «ئېتى ئالا» ياكى «ئالا ئېت» دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنى بەدىيان سۈيى بىلەن داۋالىغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇ بىزگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر قانداق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەدەن تازىلىقى ۋە يېمەك- ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە چۈشىنىپ يەتكەن بولغاچقا، ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇ-

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 - يىل 2 -، 3 - سان (ئىچكى ژۇرنال) 192 — 194 - بەتلەر.

② «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، 1990 - يىل 1 - سان، 13 - بەت.

غۇللىنىش، قىز ـ ئاياللار ھەيز تاسمىسى ئىشلىتىشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. يۇقۇملىنىش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان كېسەللىكلەرنى ھەرخىل جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىشتىن توسىغان. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ بىر قىسمىدا خاتىرىلىنىشچە، ماخاۋ كېسىلى قاتارلىق يامان سۈپەتلىك، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ ئۆزۈنىچە ساقايمىغانلارغا قانۇنىي جەھەتتىن چارە كۆرۈش، جازالاش ئېلىپ بېرىش چەك تۇتۇلغان. شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار بۇنداق جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە ئۆزلىرىگە يۇقۇشىدىن قورقۇپ، بۇ خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئېغىرلىرىغا ئۆلۈم جازاسى، يېنىكلىرىگە ئىقتىسادىي جازا بېرىش ھەققىدىمۇ مەخسۇس قانۇن ماددىلىرىنى تۈزۈپ، ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلغان. ھەتتا يۇقۇملۇق كېسىلى بارلارنى توي ـ تۆكۈن، مۇراسىم، ھېيت ـ بايرام ۋە شۇ خىلدىكى ئاممىۋى سورۇنلارغا قاتنىشىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلمىغان. ناۋادا يوشۇرۇن قاتناشقانلار بولسا (بايقالسا)، ئۇلارغا قوي، كالا ۋە ئاقچا تۆلەش جەرىمانىسى قويۇپ ئىجرا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا ساغلاملىقنى ئاسراش ئۇچۇن تازىلىققا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ئۈنۈملۈك رېتسېپلارنى تۈزۈپ چىقىپ كېسەلگە داۋا ئىزلەيدىغان ھالەت تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تېبابەتچىلىككە قارىغاندا بىر قەدەر سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، ئۈنۈملۈك رېتسېپلار ئىجاد قىلىنغان. ھەربىر كېسەلنىڭ خاراكتېرى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى. . قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن. دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە

ئىشلىتىش ۋاقتى، دورىلارنىڭ قايسى شەكىلدە ۋە نېمىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىشى، دورا ياسالمىلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە دورا ياساش ئۇسۇللىرى، دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى، دورىگەرلىك جاھازىلىرى، دورا ئۆلچەملىرى ۋە مىقدارلىرى، ئۆسۈملۈك دورىلار ۋە داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى ئوزۇقلۇقلار، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئورگانىك ماددىلار، يەردىن ۋە كاندىن ئېلىنىدىغان دورىلار، كېسەللىكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلار، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانىي دورىلار ئىسمىلىرى، ئۇيغۇرلاردا ھايۋانىي ( ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان ) دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە داۋالىغان كېسەللىكلەر، كېسەللىك ئالامەتلىرى، سەۋەبلىرى ۋە داۋالاش نەتىجىلىرى ...قاتارلىقلار ھەققىدە تېبىبىي ۋەسىقىلەردە ئەتراپلىق چۈشەنچە بەرگەن بولۇپ، يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ھازىر قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان شەكىللەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىز بۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

# 2 . پىچان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن قىسقىچە ئۇچۇر

پىچان ناھىيىسى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى، بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى قۇمۇل شەھىرىگە، غەربىي تەرىپى تۇرپان شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى چاقىلىق ناھىيەسىگە، لوپنۇر ناھىيىسىگە، شىمالىي تەرىپى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن گۇچۇڭ ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 190 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 250 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 38300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەسىدە تۇرپان – قۇمۇل نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش – ئېچىش قوماندانلىق شتابى، گېئولوگىيە – قېزىلما بايلىق مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى 1 – گېئولوگىيە ئەترىتى، شىنجاڭ قوغۇن – تاۋۇز، مېۋە – چېۋە تەتقىقات ئورنى بار. بۇ ناھىيىنىڭ ياۋايى ھايۋانات ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى خېلىلا مول بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلاردىن كۆپ قىسمى تېپىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئاساس ۋە تۇرپاننىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بىلىملىرى بۇ ناھىيىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولغان.

قەدىمكى دەۋرلەردە پىچان تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ باشقا نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى قاتارىدا ئەمەلىي داۋالاش تېخنىكى-

سىمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، شۇ دەۋردە ئۆتكەن ھەكىملەر دورا ئارقىلىق داۋالاشتىن سىرت تېبىبىي ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ كېسەل داۋالاپ زور ئۇنۇم ھاسىل قىلىغان. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار پىچان ناھىيىسىدىكى يانخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مېڭە ئوپېراتسىيىسى قىلىنغان 3 جەسەتنى بايقىغان. بۇ جەسەتلەر ئىچىدە بىر ئەرنىڭ جەسىتى بولۇپ، مېڭە سۆڭىكىنىڭ سول تەرىپى دىئامېتىرى 1.5mm چوڭلۇقتا، يۇمىلاق شەكىلدە ئوپېراتسىيە قىلىنغان.① بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان باش سۆڭىكى تېشىلگەن ئادەم جەسىتى بۇنىڭدىن 2200 - 2500 يىللاردىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ② بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز پىچاندا 2500 يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىمۇ تېبىبىي ئوپېراتسىيە پائالىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ باش مېڭە ئوپېراتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىش تېخنىكىسىنى ياراتقانلىقىدەك تارىخىي پاكىتقا ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا پىچاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقالغان قەدىمىي قەبرىلەردە تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالارنىڭ داۋاملىق تېپىلىپ تۇرۇشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

پىچاندا ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئاساس بولغاچقا زامان - زامانلار ئۆتسىمۇ، بۇ يەردىكى تېبابەتچىلىك ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتماي كۈنسايىن مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بەزىبىر توسالغۇلۇقلار سەۋەبىدىن تېبا-

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېبىبىي ئوپېراتسىيە پائالىيەتلىرىگە ئائىت تېپىلمىلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 - يىلى 4 - سان 44 - بەت.

② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمىي تېبىبىي ئوپېراتسىيە تارىخىغا نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1999 - يىل 3 -، 4 - سان. 167 - بەت.

بەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان تېۋىپ ـ ئەمچىلەر بىر مەزگىل چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ھالەت ئۇزاققا بارمىغان. نەتىجىدە تېبابەتچىلىكنى ئۆزىگە ئاتا كەسىپ قىلغان بىر تۈركۈم تۆھپىكار كىشىلىرىمىز قايتىدىن جانلىنىپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، پىچاندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆز رولىنى قايتىدىن نامايان قىلىشىغا كۈچ قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا بىز ھېلىھەم نامىنى تىللاردا داستان قىلىپ كېلىۋاتقان غوجام نىياز ئاخۇنلۇق، مۇھەممەت باقى ئاخۇنلۇق، ئابلىمىت ئاخۇنلۇق، نىياز يوپاڭ.... كەبى مەشھۇر تېۋىپلار مەيدانغا كېلىپ بورۇلمەس تارىخىي ئىقىن شەكىللەندۇرگەن. 1983 ـ يىلى پىچاندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىقىن تېخىمۇ مەۋج ئۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پىچاندىكى تەرەققىياتىدىن ئۇچۇر بەردى.

# 3 . پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ يىگىرمە يىللىق مۇساپىسى

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى 1982 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ( 82 ) 45 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ ئىلتىماس قىلىشى ، 1982 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ( 82 ) 013 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ ، بۆلۈمچە دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلگەن .

پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىپاخانىنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن 4 مو يەرنى ئاجرىتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشتى . تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئاۋۋال دۆڭبازار يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى رۇسۇل نىياز ، كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئەبەيدۇللا ھامۇت قويۇلدى . 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىپاخانىنىڭ ھازىرقى دورا ئامبىرى ، ئاشخانا قىلىنغان جايغا 5 ئېغىز ( 200$m^2$ ) ئۆي سېلىندى ( بۇ ئۆيلەر كېيىن دورا ياساش ئورنى قىلىنغان ) شىپاخانا ئۇدۇلىدىكى بازار چوڭ مەھەللە 3 ـ كەنتىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ئۆيلىرى ۋاقىتىنچە ئىجارىگە ئېلىنىپ دورا ئامبىرى قىلىندى . پىچان يېزىلىق دوختۇرخانا ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە ئىشلىتىلىۋاتقان دورىلار بىر قىسىم ھاۋانچا قاتارلىق دورا تەييارلاش سايمانلىرى شىپاخانىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يۇقىرىقى بەش ئېغىز ئۆينىڭ ئۈچ ئېغىزى ۋاقىتىنچە دورا تەييارلاش ئۆيى قىلىنىپ ، رۇسۇل

نىياز، ئەبەيدۇللا هامۇتلار بىر تەرەپتىن شىپاخانىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن خام دورىلارنى يىغىش، يىغىلغان خام دورىلاردىن مەجۇن، ھەب، سۇفۇپ قاتارلىق پىشىشىق دورىلارنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىپاخانىنىڭ هازىرقى ئامبۇلاتورىيە بىناسى پىچان ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى، سەھىيە ئىدارىسى، سەھىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ 240 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىشى بىلەن قۇرۇلۇش باشلاپ، 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا $800m^2$ كۆلەمدىكى كۆركەم، مىللىي ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇش رەسمىي پۈتتى.

بۇ ئارىلىقتا شىپاخانىغا قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئابلىكىم ھېمىت، پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان رىشىت روزى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەن يۈسۈپ داگۇت، مەخمۇت توختىنىياز، كىچىك دادۇيدە تېڭىقچىلىق قىلىۋاتقان ئىمنىياز دوختۇر (17 نەپەر كېسەل بىلەن) قاتارلىقلار شىپاخانىغا يۆتكەپ كېلىندى.

ئىمنىياز قارىغا هازىرقى ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋەت شىمالىي تەرىپىدىكى ئۆيلەر (ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كەينى قىسمىغا، بەش ئېغىزدىن جەمئىي ئون ئېغىز ئۆي سېلىنىپ ۋاقتىنچە ياتاق قىلىنغان ئىدى) ئاجرىتىپ بېرىلىپ سۆڭەك كېسەللىكلىرىنىڭ ياتىقى قىلىندى. جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆيلەر ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئىشخانا ۋە ياتاقلىرى قىلىندى. ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتى دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسى، مالىيە بۆلۈم ئىشخانىلىرى، يىغىن زالى، دورا ئامبىرى قىلىندى. بوش ئۆيلەر ياتاق قىلىندى. ئىمنىياز قارى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ھەم دوختۇرى، رىشىت روزى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ

مەسئۇل دوختۇرى بولۇپ ئىشلىدى. رۇسۇل نىياز دورىخانىدا ئىشلىدى. ئابلىكىم ھىمىت دەسلەپتە سىلىنغان ئۆيلەردە دورا ياساش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەبەيدۇللا ھامۇت مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولۇپ قويۇلدى ھەم كۆپىنچە دورا ياساش بۆلۈمىدە ئابلىكىم ھىمىتكە ياردەملىشىپ، دورا كىرگۈزۈشكە مەسئۇل بولدى.

1983 - يىلى يىل ئاخىرىدا بازار مەھەللىسىنىڭ قۇمباغ باغچىسىغا سېلىنىپ قۇم ساناتورىيىسى قىلىنغان 40 ئېغىز ئۆيى شىپاخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1984 - يىلى يىل بېشىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئىمەر تۇرسۇننى دوختۇرخانا باشلىقى، ئەبەيدۇللا ھامۇتنى مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى قىلىپ بېكىتتى. ھامۇت قارى دوختۇر، ھەمدۇل كېرەم، ھەبىبۇل ئىبراھىملار مالىيە خادىمى، ئانارخان دورىگەر، ئابلىمىت يۇسۇپ ئاشپەز، ھوشۇرخان سېسترا بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دوختۇرخانىنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقلىرى پۈتۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى، پىچان ناھىيىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىپ پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىش باشلىغانلىقىنى داغدۇغىلىق جاكارلىدى.

سەھىيە نازارىتى مىللىي تىبابەت باشقارمىسى دورا سوقۇش، ھەب تەييارلاش ماشىنىلىرىنى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر ئازاد ماركىلىق ماشىنا ياردەم قىلدى

شۇنىڭدىن باشلاپ شىپاخانىدا رەسمىي كېسەل كۆرۈش (ياتاقتا كېسەل ئېلىپ داۋالاش) باشلىنىپ كەتتى. ئىچكى بۆلۈمدە تۇرسۇن دوختۇر، ھامۇت قارى (قوشۇمچە دورا ئامبىرىنى تۇتتى)،

ئابدۇرېشىت روزى قاتارلىقلار ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈشكە، يۇسۇپ داگۇت، مەخمۇت توختىنىياز ياتاقتىكى كېسەللەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. رۇسۇل نىياز دورىخانىدا تۇردى. ئابلىكىم ھەممىت ئاساسلىق دورا تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا دورا سوقۇش ماشىنىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، دورا ياساشتا بۇرۇنقى ھاۋانچا بىلەن سوقۇپ دورا ياساشقا خاتىمە بېرىلگەنىدى. ئەبەيدۇللا ھامۇت، رۇسۇل نىيازلار بوش بولسىلا دورا تەييارلاش بۆلۈمىگە كىرىپ ئابلىكىم ھەممىتكە ياردەملىشىپ تۇردى. ھەمدۇل كېرەم شىپاخانىنىڭ مالىيە خىزمىتىنى باشقۇردى.

شۇ يىلى 7 - ئايدا قۇمباغ قۇمدا داۋالاش ئورنى رەتلىنىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ، ياتاقلىرىغا ئاغرىقلارنى ئېلىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىپ، بىمارلارنىڭ قۇمدا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىلدى.

شۇ چاغلاردا كېسەل كۆپ، دورا ئاز بولۇش تۈپەيلى دورىلارنى تولۇقلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شىپاخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپى، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەرقايسى يېزىلىق دوختۇرخانىلاردىن ئىككىدىن ئادەم ئېلىنىپ، جەمئىي 15 دەك كىشى شۇ يىلى 9 - ئايدا بىر ئايدەك جاپالىق دورا يىغىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىزخىر يىلتىزى، گاۋزىبان، پىرسىياۋشان، قار لەيلىسى، ئۇد سەلىب، ياۋا قىزىلگۈل، بادرەنجى، يېزىخۇ، ئۇستقۇددۇس، سۆرۈنجان، ياۋا زىرە... قاتارلىق 20 خىلدەك، ئىككى توننا ئەتراپىدىكى دورىنى ئېلىپ كەلدى.

يەرلىك كىشىلەردىن، كارس، بەديان، كۆك چېچەك، سېرىق يۆگەي، چىلان، ئوغرىتىكەن، قوغۇن، تاۋۇز ئۇرۇقلىرى، ئانار پوستى، غولى، غۇنچە ئۈزۈم، ئەۋرىشىم... قاتارلىق دورىلارنى يىغىپ بۇنىڭ بىلەن دورا مەسىلىسىنى ئاساسەن ھەل قىلدى.

1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ھۆج-

جەت چۇشۇرۇپ نايىت ئىسمايىلنى شىپاخانا ياچېيكىسىنىڭ شۇ-جىلىقىغا قويدى. شۇ چاغدا سەيلاخان سەيپۇل، شازادىخان سەي-پۇللارمۇ شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزاسى بەش نەپەرگە يېتىپ، شىپاخانىنىڭ پارتىيە ياچېيكا خىزمىتى تەرتىپكە چۈشتى، 1985 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن ۋىلايەت-لىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى داڭلىق تېۋىپ، مۇدىر ۋراچ ئېلىخان ھەزرىتىم شىپاخانىغا كېلىپ خادىملارغا دەرس سۆزلەپ بەردى ھەم كېسەل كۆردى. ئېلىخان ھەزرىتىم بىر ئاي تۇرۇش جەريانىدا ئاغرىقلار كۇنبويى ئۆچىرەت بولۇپ كۆرۈنۈپ ياتاقتىكى ئاغرىقلار 45 كە يەتتى.

1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىپاخانا ئىشچىلار ئۇ-يۇشمىسى قۇرۇلۇپ، يۇسۇپ داگوت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، شازادىخان سەيپۇل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى. شۇ يىلى 9 -، 10 -، 11 - ئايلاردا مۇئاۋىن رەئىس توختى سابىر، نازىر رەقىپ ئاباس ئاپتونوم رايوننىڭ رە-ئىسى ئىسمائىل ئەھمەدلەر شىپاخانىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شىپاخانا ياتاق بىناسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا خوتەن تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن مۆمىن-جان ئابدۇراخمان دورا زاۋۇتىغا ۋاقىتلىق ئىشقا چۈشۈشى بىلەن دورا ئىشلەپچىقىرىشمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ ياتاقتىكى ئاغرىقلار-نىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاز مىقداردا شەربەت تەييارلاپ داۋالاشقا قوللىنىش يارىتىلدى. ھەر ئايدا بىر تونىغا يېقىن دورا ئىشلەپ-چىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى.

1986 - يىلى يىل بېشىدا تاغ چارۋا داۋالاش پونكىتىدا ئىش-لەيدىغان قاھار سۇلتان، ئۈرۈمچىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن رەشىدە تۇردى، 9 - ئايدا ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت

داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئابلەي مەتنىيازلار شىپاخانىغا ئىشقا چۈشتى. بۇ چاغدا تۇرسۇن دوختۇر پېنسىيىگە چىققان، مەخمۇت توختىنىياز تۇيۇقتا يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئامبۇلاتورىيىدە ھامۇت قارى، رىشىت روزىلار، ياتاقتا قاھار سۇلتان، يۇسۇپ داگۇتلار، سۆڭەك بۆلۈمىدە ئىنىياز روزى، شازادىخان سەيپۇللالار ئىشلىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا يۇسۇپ داگۇت، رۇسۇل نىياز، ئابلىكىم ھېمىتلار شىپاخانىدا تۇنجى بولۇپ پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ پارتىيە قوشۇنى كۈچەيتىلدى. نايىت ئىسمايىل ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىپ كەتكەچكە، ياچېيكا شۇجىلىقىنى ئىمەر تۇرسۇن قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا رەشىدە تۇردى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولدى.

1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سابىق سەھىيە مىنىستىرى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مەتتىمىن سابىر شىپاخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇھىم يوليورۇق بەردى.

شۇ يىلى دورا زاۋۇتىغا ئابلىكىم، مۆمىنجان، ئابلەي، رەشىدە، رەيھان، پاتىگۈل قاتارلىق خادىملار تولۇقلىنىپ دورا پىششىقلاش بۆلۈمى كۈچەيتىلدى. ۋاقتىنچە بەش ئېغىزلىق دورا پىششىقلاش بۆلۈمى سېلىنىپ، دورا شەكىللىرى سۇفۇپ، شەربەت، مەجۇن قاتارلىقلاردىن ھەب، مەلھەم، ياغ قاتارلىق تۈرلەرگە كۆپەيتىلدى. گۈلقەنت، سۈزە گۈلقەنتى، پەرۋەر، ئانار شەربىتى قاتارلىق كىشىلەر ياخشى بىلىدىغان، دائىم ئىستېمال قىلىدىغان ھەم داۋالىق، ھەم غىزالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورىلار تېخىمۇ كۆپەيتىپ ياسالدى.

1987 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك پارتكوم پ. ت ( 87 ) 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ قاھار سۇلتاننى پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى، 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يۇسۇپ سىتى

شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى قىلىپ بېكىتتى.

قاھار سۇلتان مەسئۇللۇققا قويۇلغاندىن كېيىن يېڭىنىڭ چەت ۋە يىراق يېزىلىرىدىكى دېھقانلارغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن سەييارە داۋالاشنى يولغا قويدى. بۇ ئىش كەڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ جەمئىيەتتە شۇ چاغدا ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ناھىيە بازىرىغا ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلۇپ ھامۇت قارى، رۇسۇل دوختۇر قاتارلىق ئۈچ خادىم كېسەل كۆرۈشكە قويۇلۇپ كەڭ بىمارلارغا قولايلىق يارىتىلدى. قوم بىلەن داۋالاش ئورۇنلىرىمۇ كۆچەيتىلدى. نەتىجىدە يىل ئاخىرىغىچە شىپاخانىدا كۆرۈنگەن كېسەل سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپىيىپ، كىرىمىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. شىپاخانىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن رەھبەرلىك يەنى ناھىيىلىك پارتكوم پ. ھ. ك (87). (118) - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ 1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاھار سۇلتاننى شىپاخانىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا كۆتۈردى.

1988 - يىلىدىن باشلاپ شىپاخانىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلدى. شۇجى، تەشكىلات، تەشۋىقاتتىن ئىبارەت تەشكىلىي قۇرۇلۇش تۇرغۇزۇلدى. دوختۇر سېستىرالار ئىچىدىكى ئىلغارلاردىن قاھار سۇلتان، مۆمۈنجان، ئابلەي، سەيلاخان، ھەمدۇل، كېرەملەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، تىرىشىپ بىمارلار ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت روھ تۇرغۇزۇلدى.

شىپاخانىنىڭ دائىرىسى كىچىك بولۇش سەۋەبىلىك داۋالاش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىككى قېتىمدا 4 مودىن جەمئىي مودىن 8 مو يەر ئېلىنىپ شىپاخانا دائىرىسى 12 موغا كېڭەيتىلدى.

شىپاخانىنىڭ دورا ياساش ئۆيلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە دورا پىششىقلاش ئۆيلىرى بىر نۆۋەت رېمونت قىلىنىپ شارائىتى بىر ئاز ياخشىلاندى.

كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 2000 تۈپ قىزىلگۈل، ئۈزۈم، ئۆرۈك، چىلان، بىر قىسىم دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىلىپ شىپاخانا مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.

قاتناش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇلغاندىن كېيىن 88 - يىلىنىڭ ئاخىرى سەككىز كىشىلىك قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى سەھىيە نازارىتىنىڭ ياردىمى بىلەن 50 مىڭ يۈەنگە ئېلىندى.

قىشلىق ئىسسىنىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 35 مىڭ يۈەن ھەل قىلىنىپ يېرىم تونىلىق پار قازىنى ئورنىتىلىپ، ئىسسىنىش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش شارائىتى بىرقەدەر كاپالەتكە ئىگە بولدى.

1988 - يىلى 7 - ئايدا شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىپاخانا ئاياللار خىزمىتى بۆلۈمى قۇرۇلدى. سەيلاخان سەيپۇل ئاياللار خىزمىتى رەئىسى بولۇپ سايلاندى. 1989 - يىلىنىڭ بېشىدا شىپاخانا ئەسلىدىكى بۆلۈمچە دەرىجىدىن بۆلۈم دەرىجىلىككە كۆتۈرۈلۈپ مالىيە جەھەتتە سەھىيە ئىدارىسىغا قاراشتىن بىۋاسىتە مالىيە ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى. 1989 - يىل 7 - ئايدا قومۇلدىكى 55 يىل تېڭىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق تېڭىقچى پەتھۇللا سوپى شىپاخانا سۆڭەك بۆلۈمىگە تەكلىپ قىلىندى. پەتھۇللا سوپى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىپاخانىدا ئالتە ئايدەك تۇرۇپ، شۇ چاغدىكى سۆڭەك بۆلۈمىدىكى ياش تېڭىقچى ئابلەي مەتنىياز قاتارلىقلارنى شاگىرتلىققا ئېلىپ مەخسۇس تەربىيىلىدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە

سەھىيە نازارىتىنىڭ 340 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىشى بىلەن $1500m^2$ لىق ياتاق بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ياتاقلارغا 60 كىشىلىك كارىۋات، 40 دانە ئورۇندۇق، يوتقان – كۆرپە، پالاز قاتارلىق لازىمەتلىكلەر ۋە داۋالاش سايمانلىرى تولۇقلىنىپ ئاغرىقلارنىڭ ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئازادە مۇھىت يارىتىلدى.

1990 – يىلى 9 – ئايدا مۆمىنجان ياتاق دوختۇرى، ھەم ياتاق مەسئۇلى، سەيلاخان سېيۇل سېستىرالار باشلىقى، ئابلەي مەتنىياز سۆڭەك بۆلۈم مەسئۇلى بولدى. ياتاق بىناسىنىڭ 1 – قەۋەت جەنۇب تەرىپى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمگە، شىمالىي تەرىپى سۆڭەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە، 2 – قەۋەتتى قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەنلەر ئۈچۈن ياتاق قىلىپ بېرىلدى. 1991 – يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ دوختۇر ۋە سېستىرالىرى نۆۋەت بىلەن كېلىپ شىپاخانا خىزمەتلىرىگە ياردەمدە بولدى ھەمدە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىپاخانىنىڭ بەزى قائىدە تۈزۈملىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى.

1992 – يىلى 7 – ئايدا شىپاخانىنىڭ قۇمباغدىكى قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى شۇ چاغدىكى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قارارى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىلدى.

1992 – يىلى يىل بېشىدا شىپاخانىغا ئاپتونوم رايونلۇق شىپاخانىنىڭ بۇۋاسىر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى زويا، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى دىلشاتلار كېلىپ كېسەل كۆردى. زويا دوختۇر بۇۋاسىر كېسىلىنى داۋالاپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

1993 – يىل 5 – ئايدا ئېلېكترو كاردىئوگرام بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىشلەتكەن ئاپپارات 654 تىپلىق كۆچمە ئاپپارات بولۇپ، شۇ يىللاردا بۇ ئاپپارات كۆپ ئىشلىتىلمىدى. يەنى ئې-

لېكترو كاردىئوگرام ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش كۆپ بولمىدى . 1994 - يىلى تۇرپان سەھىيە باشقارمىسىدىن 100mA لىق رېنت- گېن ئاپپاراتى 15 مىڭ يۈەنگە ئېلىپ كېلىنىپ شىپاخانىنىڭ رېنتگېن بۆلۈمى كۈچەيتىلدى . 1995 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيە- لىك ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ بۇرۇن جىمسار ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئابدۇل توختىنى شىپا- خانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويدى .

1995 - يىلى 7 - ئايدا يۈسۈپ سىتى دەم ئېلىشقا چىققاچقا ، ناھىيىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىلات بۆلۈمى شىپاخانا ياچېيكا شۇجىلىقىنى قاھار سۇلتاننىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى .

بۇ چاغدا شىپاخانا خىزمەتچى خادىملىرى 28 نەپەرگە يەتكەن بولۇپ ، كەسپىي خادىملار 25 نەپەرنى ئىگىلەيتتى . بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ بىر نەپەر ، ئۇيغۇر تېبابەت مەسئۇل ۋىراچى تۆت نەپەر ، غەرب تېبابەت مەسئۇلى ۋىراچى بىر نەپەر ، ئۇيغۇر تېبابەت ۋىراچى توققۇز نەپەر ، ۋىراچ سېسترا ئىككى نەپەر ، فې- لىتشىر تۆت نەپەر ، دورىگەر فېلىتشىر بىر نەپەر ، سېسترا ئۈچ نەپەر ، مەمۇرىي خادىم ئۈچ نەپەرگە يەتكەنىدى . شۇ يىلى 10 - ئايدا فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ ، بەكرى مۇسا دوختۇرلۇققا قويۇلدى . 1996 - يىلى يازدا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا زور بۆسۈش بولدى . مۆمىنجان ئابدۇراخمان 1995 - يىل 12 - ئايدا تېرە كېسەللىكلىرى كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ تېرە كېسەللىكلىرىنى بولۇپمۇ بەرەس ، كالا تەمرەتكىسىنى نۇقتىلىق داۋالىدى . نەتىجىدە شۇ يىلى ( 1996 ) 6 - ، 7 - ئايلاردا شىنـ جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەتتا شۆبىتسارىيىلەردىن كەلگەن بىمارلار ياتاقتا يېتىپ داۋالاندى . بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمىمۇ خېلى يۇقىرى بولدى . 1996 - يىلى 10 - ئايدا بوۋاسىر

بۆلۈمى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئابلىز توختىياز بىلەن ئابلىز رۇسۇل غۇلجىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇ بۆلۈمنىڭ دوختۇرلۇقىغا قويۇلدى. 1997 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە سەھىيە نازارىتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھەل قىلىنىپ قاتناش ئىشلىرىغا قۇلايلىق يارىتىلدى. كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. ئامبۇلاتورىيە كەينىدىكى ياتاقتا تۇتىشىدىغان يول سېمونتلاشتۇرۇلۇپ، لەمپە ياسالدى. بۇ شىپاخانىنىڭ مۇھىتىغا زور ھۆسن قوشتى. دورا زاۋۇتىغا دانچە تەييارلاش ماشىنىسى ، شەربەتلەرنى خالتىغا قاچىلاش ماشىنىسى، مىكروبسىزلاندۇرۇش ماشىنىسى، سۇزۇش ماشىنىسى، ئىچىملىك، جەۋھەر دورا ياساش ماشىنىسى قاتارلىق زامانىۋى دورا تەييارلاش ماشىنىلىرى تولۇقلىنىپ دورا شەكىللىرى خېلى زامانىۋىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىشكە، كېسەل داۋالاشقا لايىقلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن زەفىران جەۋھىرى ئىچىملىكى، يېزىخۇ ( يېزىق ئوت ) ، گاۋزىبان، بادرەنجى، رەيھان، خەشخاش دانچىلىرى ، مەجۇنى زەيقۇل نەپەس ، مەجۇنى مەسھا مۇكەييىپ قاتارلىق دورىلارنىڭ تەسىرى ۋە سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ ، بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ يىللاردا يەنە بىرمۇنچە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ شىپاخانىدا داۋالانغان بىمارلار سانى ۋە كەسپىي كىرىم ئالدىنقى يىللاردىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى [ 2002 ] 20 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ شۇ چاغدىكى پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا ھۆسەيىننى قوشۇمچە پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قويدى.

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك

خەلق ھۆكۈمىتى [ 2002 ] 32 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ رەشىدە تۇردىنى شىپاخانىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ شىپاخانىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئالدى بىلەن قائىدە تۈزۈملەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. بىرمۇنچە دورىلارنى تولۇقلىدى. لابوراتورىيە بۆلۈمىنى يۇرۇشلەشتۈردى. دوختۇرخانا باشلىقى ھەبىبۇللا ھۆسەيىن ياتاقتا ئېلىنغان ئاغرىقلارنى بىر قوللۇق تۇتۇپ كۆرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. نەتىجىدە شىپاخانىغا كېلىدىغان ئاغرىقلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىگە ئومۇرتقا ئۆسۈشنى داۋالاش زامانىۋى ئۈسكۈنىسى تولۇقلىنىپ، بۇ بۆلۈم جانلاندۇرۇلدى.

بىر تونىنلىق پار قازىنى ئورنىتىلىپ ئىسسىنىش مەسىلىسى تولۇق ھەل قىلىندى.

نەتىجىدە 2002 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا ئامبۇلاتورىيىدە 13146 نەپەر كېسەل كۆرۈلۈپ، ياتاقتا 365 نەپەر كېسەل يېتىپ ئومۇمىي كىرىم 124 تۈمەن يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلىغا قارىغاندا ئومۇمىي كىرىم كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك پارتكوم ( 2003 ) 50 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ ھەبىبۇللا ھۆسەيىننى شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا قويدى. 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـكۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ( 2003 ) 53 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ ياقۇپ ئابدۇراخماننى شىپاخانىنىڭ كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويدى.

2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى B تىپلىق ئۇلترا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە كومپيۇتېرلىق ئېلېكترو كاردىئوگراف كىرگۈزۈلۈپ تەكشۈرۈش بۆلۈملىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. خۇنەن ئۆلكىسىدىن بۆرەك كېسەللىكلىرىنى

داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئاغرىقلارغا زور ئىقتىسادىي قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقلارغا دىئاگنوز قويۇش، داۋالاشتا بىر بۆسۈش بولدى.

شۇ يىلى تېخنىكىلىق بۆلۈملەر ئۈچۈن $105m^2$ لىق مەخسۇس ئۆيلەر سېلىنىپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دورا ئامبىرى ئۈچۈن مەخسۇس $135m^2$ لىق ئۆي سېلىنىپ، دورا ئامبىرى يېڭى ئورۇنغا كۆچۈرۈلدى. دوختۇرخانا باشلىقى دەرس ئۆتۈش، كېسەل تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ياش دوختۇرلارنى تەربىيىلەپ تۇردى.

2003 - يىلى ئەتىيازدا سارس كېسەللىكى تارقالغاندا، ناھىيىمىز بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. شۇ چاغدا چىقتىم پونكىتىغا خىزمەتكە بارغان خادىملاردىن ياقۇپ ئابدۇراخمان بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

بۇ ھەرىكەتتە يەنە لەمجىن يېزىسىنىڭ خاندۇشا مەھەللىسىگە بارغان خادىملار ناھىيە بويىچە ئىلغار بولۇپ مۇكاپاتلاندى. رەشىدە تۇردى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى. شىپاخانا باشلىقى ھەبىبۇللا ھۆسەيىنىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان «قىزىل بايراق جەۋلان قىلماقتا» دېگەن قامۇسقا كىرگۈزۈلدى. كۆپ قېتىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تۇرپان گېزىتى، تۇرپان ژۇرنىلى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلۇپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى سۇلايمان يۇنۇس، كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى جۇرئەت قاتارلىقلار تېببىي خادىملارغا لېكسىيە

سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە 2003 - يىلى ئامبۇلاتورىيىدە 20 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق كېسەل كۆرۈنۈپ، ياتاقتا 588 نەپەر كېسەل يېتىپ داۋالىنىپ ئىقتىسادىي كىرىم 226 تۈمەن يۈەندىن ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا يەنە بىر ھەسسىگە يېقىن قاتلاندى.

ھازىر شىپاخانىدا 3 مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ، 10 نەپەر مەسئۇل ۋىراچ، 16 نەپەر ۋىراچ، 13 نەپەر فېلدشېر دوختۇر، بىر نەپەر مەسئۇل سېستىرا ۋىراچ، 9 نەپەر ۋىراچ سېستىرا، 4 نەپەر فېلدشېر سېستىرا بولۇپ، جەمئىي 66 نەپەر خادىم ئىشلىمەكتە.

2004 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىپاخانىدا ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت بۆلۈمى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈمگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان، 30 نەچچە يىللىق داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ پاتىمە دوختۇر بۆلۈم مەسئۇللىقىغا، ھەم دوختۇرلۇققا تەكلىپ قىلىندى. سەلىمە، خاتىمە قاتارلىق ياش دوختۇرلار ياردەمچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىپاخانىدا ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى يوق بولۇشتەك بوشلۇققا خاتىمە بېرىلدى. بۇ بۆلۈم قۇرۇلۇپ ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ چىقىقى، ھەر خىل تۇغۇت كېسەللىكلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش باشلاندى. بىر ئايدەك جىددىي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىر بالىياتقۇ راكى كېسىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىپاخانىدا تۇنجى ئاياللار كېسەللىكى ئوپېراتسىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمى يوق بولۇشقا خاتىمە بېرىلدى.

2004 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى زامانىۋى ھورداقتىن تۆت يۈرۈش، ئادەتتىكى ھورداقتىن ئىككى يۈرۈش فىزىكىلىق

داۋالاش بۆلۈمىگە سەپلەپ بېرىلىپ يەنە بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دورا تەييارلاش بۆلۈمىگە زامانىۋى ھەب ماشىنىسىدىن بىر يۈرۈش ( بەش مىڭ يۈەن ) ۋە زامانىۋى سۈزۈش ماشىنىسى ( ئىككى مىڭ يۈەن ) سەپلەپ بېرىلىپ، دورا تەييارلاش بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ قۇلايلىق يارىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئادەتتىكى سوزۇلما بۆرەك ئاجىزلىقى، رېماتىزم، بوۋاسىر، بىر قىسىم تېرە كېسەللىكلىرى، سۇنۇق، چىقۇقلار داۋالىنىپ كېلىنگەن بولسا، 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك، پالەچ، يۇقىرى قان بېسىم، دىئابىت كېسىلى، جىددىي ئۆت ياللۇغى، ئۆتتە تاش پەيدا بولۇش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان ئۆسمىلىرى، ھەر خىل سۇنۇقلار، بالىياتقۇ چىقۇقى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى، دورا ۋە فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن داۋالىنىپ، بىمارلارنىڭ شىپاخانىغا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرلىرى شىپاخانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ 2004 ـ يىللىق « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىدا مەخسۇس تونۇشتۇردى. « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ شىپاخانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىگىلەپ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا شىپاخانىنى مەخسۇس تونۇشتۇردى. يۇقىرىقى ئىككى ژۇرنالدا شىپاخانىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى جەمئىيەتتە زور ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. دوختۇرخانا ئارا رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىقىدەك زور نەتىجىلەر قانداق بارلىققا كەلدى؟ بۇنىڭغا دوختۇرخانا رەھ-

بەرلىك كولللېكتىپىنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش جەريانىدىكى ئىش پائالىيەتلىرىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1 . تېببىي ئەخلاق ، تېببىي ئىستىل قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى.**

بۇرۇن شىپاخانىدىكى بىر قىسىم تېۋىپلاردا شەخسىي دورا ساتىدىغان ئىللەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ جەمئىيەتتە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلىپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن دوختۇرخانا كىرىمى كۆپ تۆۋەنلەپ ... كونسېرى ئازلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ شىپاخانىغا بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ بىمارلار بارغانچە ئازلاپ كەتكەنىدى.

2002 - يىلى 3 - ئايدا يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن ئەڭ ئالدى بىلەن تېببىي ئەخلاق ۋە تېببىي ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ئالدى بىلەن شىپاخانىدا نازارەت قىلىش تاختىسى چىقىرىلىپ، ئەگەر شىپاخانىدا كەسپىي خادىملار ئىچىدە كىم شەخسىي دورا ساتقان بولسا مەلۇم قىلغۇچىلارغا ئۈچ مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. دورا ساتقۇچىغا ساتقان دورا پۇلىنىڭ 10 ھەسسىسى بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ دەپ يېزىلىپ، ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويىدى ھەمدە بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان خادىملارغا بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇپ، يۇقىرىقىدەك ناچار خاھىشلارنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇردۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن كېسەل بىرىنچى، مۇلازىمەت بىرىنچى دەيدىغان ئاڭنى دوختۇر سېستىرالارنىڭ كاللىسىدا ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىمارلارغا ئىللىق مۇئامىلە، ياخشى مۇلازىمەت قىلىدىغان، بىمارلارغا ئۆز تۇغقىنىدەك كۆيۈنىدىغان ھالەت شەكىللەندۇرۇلدى.

**2 . سۇپەت ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى.**

« كېسەل بىرىنچى، مۇلازىمەت بىرىنچى، تېخنىكا بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچى » دىن ئىبارەت « بەش بىرىنچى » ئىسلاھات جەريانىدا پۈت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىندى. « ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت، ئەڭ ياخشى تېخنىكا، ئەڭ ئەرزان ھەق ئېلىش ئۆلچىمى » دىن ئىبارەت ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان خىزمەت ئېگى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلغاندىلا « ھۆكۈمەت رازى، خەلق رازى، دوختۇرخانا رازى » بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ رازىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى دوختۇر سېستىرالارنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تولۇق كۆرسىتىلدى. داۋالاش بىلەن سۈپەت چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاغرىقلارنى ئىمكان بار تولۇق رازى قىلىشقا تىرىشىلدى. مانا بۇلار پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئىككى يىللىق تەرەققىياتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن چوڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئەدىيۋى ئاساسى.

**3 . دوختۇرخانا رەھبەرلىك بەنزىسىدىن باشلاپ دوختۇرخانىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە مۇقىملىق چىڭ تۇتۇلدى.**

مۇقىملىق دېيىلسە بۇنى نوقۇللا جەمئىيەت مۇقىملىقى دەپلا چۈشىنىش بەكلا يۈزەكى ئوي، خالاس. شىپاخانا رەھبەرلىكى مۇقىملىق دېگەن بۇ سىياسىي ئىبارىنى دوختۇرخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈردى. مەسىلەن، رەھبەرلىك بەنزىسى بىلەن خادىملار ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقتا مۇقىم بولۇش، خىزمەت ئورنىدا مۇقىم بولۇش، سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە مۇقىم بولۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ۋە تۇرمۇش مۇقىملىقىنى ساقلاش قاتارلىقلار.

**4 . ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كىرگۈزۈش بىلەن خادىملارنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلدى.**

غەربچە، جۇڭيىچە ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش، غەرب تېبابىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىنى گۈللەندۇرۇش يولىدا مېڭىپ، دادىللىق بىلەن باشقا رايونلاردىن بەش نەپەر داڭلىق دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ، دوختۇرخانىدا بۆرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرنى قۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى، كەسپىي دەرسلەر سۆزلىنىپ خادىملار تەربىيىلەندى.

داڭلىق تېۋىپ ئىلىخان ھەزرىتىم، داڭلىق تېڭىقچى پەتھۇللا سوپى، تاشقى كېسەللىكلەر مۇدىر ۋىراچى قاۋۇل ئىمىن، ئىچكى كېسەللىكلەر مۇدىر ۋىراچ دوختۇرى مەتقاسىم سىدىق، داڭلىق بوۋاسىر كېسەللىكلەر مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى ئەنەيتۇللا ئايۇپ، تەن دوختۇر، نىرۋا تاشقى كېسەللىكلەر مۇدىر ۋىراچى سۇلايمان يۇنۇس ھاجىم، كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى جۇرئەت قاتارلىقلار شىپاخانىمىزغا كېلىپ كېسەل كۆرۈپ دەرس سۆزلەپ، شاگىرت تەربىيىلىدى. كەسپىي خادىملاردىن 30% تىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭ ئىشچى – خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، تۇرپان، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ بىلىم ئاشۇرۇپ تەربىيىلەندى. شىپاخانىمىز « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىلغار تەكشۈرۈش – داۋالاش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » شوئارى بويىچە غەرب تېبابىتى ئوقۇغانلارنى ئۇيغۇر تېبابىتى، ئۇيغۇر

تېبابىتى ئوقۇغانلارنى غەرب تېبابىتى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، كەسپىي خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە 70 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق خىراجەت ئاجراتتى.

نۆۋەتتە دوختۇرخانا ھەرقايسى بۆلۈم ۋە ئىشخانىلارغا ۋەزىپە بېكىتىپ، باھالاش كۆرسەتكۈچىنى بۆلۈملەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پەن - تەتقىقات خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، يېڭى دورىلارنى ئېچىش جەھەتلەردە بەلگىلىك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۆلۈملەردە ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ھەم ياشلارنى تەربىيىلىدى ھەم كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. خىزمەتلەردە ئاكتىپ شارائىت يارىتىپ، خىراجەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، توغرا لىنىيىلىك باشلامچىلىق ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنى ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس ۋە نىشان قىلدى.

**5. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.**

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى يېقىنقى يىللاردا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە يەنى قوشنا تەڭ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار بىلەن تەرەققىياتتا تەڭ ئورۇندا تۇرۇش ھەتتا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شىپاخانا تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كلىنىكا تەتقىقاتى ۋە دورا تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر خادىم مەخسۇس شىپاخانا تەزكىرىسىنى يېزىشقا بېكىتىلدى. زىققە كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مەجۇن زەيقۇل نەپەس، يۈرەك سانجىقىنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى جەۋھىرى زەفىران ئىچىملىكى، بادرەنجى، گاۋزىبان، بۇزۇرى جەۋھەرلىرى، زۇكام جەۋھىرى، خەشخاش دانچىسى، نىرۋا كې-

سەللىكلىرىگە رەيھان جەۋھىرى ، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ۋە رېماتىزمغا ئىشلىتىلىدىغان شىپائىي ئابىزەن، مۇپاسىل، جىگەر ، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان بۇزۇرى جەۋھىرى ، يۆتەلگە ئىشلىتىلىدىغان يۆتەل توختىتىش جەۋھىرى، دېئابېتقا ئىشلىتىلىدىغان سۇفۇپى زىيابىت، بويۇن، بەل ئومۇرتقىلىرى ئۆسۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇرتقا ئۆسۈكچە مەجۇنى ، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى ۋە يۇقىرى مايلىق قان كېسىلىگە تەييارلانغان قارا قېرىن قۇلاق، ئالقات جەۋھىرى قاتارلىق دورىلار كۆپ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەسىرىنىڭ ئالاھىدە ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلدى، ھەمدە زامانىۋى شەكىلدە ياسىلىپ ئىشلىتىلدى ، ( يۇقىرىقىلار دورا پىششىقلاش بۆلۈمى توختۇتۇلۇشتىن بۇرۇن ياسالغان ) . دوختۇرلار بىرەر كېسەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، يېڭىچە ئۇسۇلدا داۋالاپ ئاغرىقلارنى رازى قىلسا ئاغرىقلار لەۋھە تەقدىم قىلسا، دوختۇرغا 1 لەۋھە ئۈچۈن 20 يۈەن مۇكاپات بېرىش؛ خادىملار بىرەر كېسەللىك، بىر تۈر ياكى بىرەر تېمىدا ئىزدىنىپ ماقالە ئېلان قىلغان بولسا ناھىيە دەرىجىلىككە 30 يۈەن، ۋىلايەت دەرىجىلىككە 50 يۈەن، ئۆلكە دەرىجىلىككە 100 يۈەن، دۆلەت دەرىجىلىككە 150 يۈەن مۇكاپات بېرىشنى بېكىتىپ، خادىملارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇرغۇتۇلدى.

مۆمىنجان ، ئابلەي قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرى 2003 ـ يىللىق خەلقئارالىق ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلدى . جاپپارنىڭ بىر پارچە ماقالىسى مەملىكەتلىك ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. مۆمىنجاننىڭ بىر پارچە ماقالىسى مىللىي تېبابەتچىلىك مۇھاكىمە يىغىنىدا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھازىرغىچە شىپاخانىدىكى خادىملارنىڭ تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللاردا 100 پارچىگە يېقىن ماقالىسى ئېلان قىلىندى . ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تۈرلۈك يىغىنلارغا 60 ئادەم قېتىم كىشى قاتناشتۇرۇلدى.

مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خادىملارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەرزان ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئابرويىنى تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

شىپاخانا نامرات، ئاجىز، يوقسۇل كىشىلەرنىڭ 00 . 67322 يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي يۈكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

## 6 . تەرەققىيات قاتتىق پاكىت، تەرەققىيات مۇھىم ۋەزىپە دېگەن كۆز قاراش تىكلەندى.

تەرەققىيات ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. تەرەققىيات بولمايدىكەن، ھەرقانداق مەۋجۇدات ھالاك بولۇپ تۈگەيدۇ. ئىسلاھات دەۋرىدە دوختۇرخانىلار ئارا رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان مۇشۇ جىددىي ۋاقىتلاردا دوختۇرخانىنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنى گۈللەندۇرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان دوختۇرخانا رەھبەرلىكى، يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق قىممەتتىكى زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىپ، تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. غەرب، جۇڭيى، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىكتىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن داڭلىق دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ، يېڭى بۆلۈملەرنى قۇرۇپ، كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ئوبرازىنى كونسېرى يۇقىرى كۆتۈردى. نەتىجىدە نۇرغۇن كېسەل شىپا تېپىپ، رازى بولغان بىمارلار 100 پارچىدىن ئوشۇق لەۋھە، رەھمەت خېتى، گۈل قاتارلىق نەرسىلەرنى شىپاخانىغا ھەم تېۋىپلىرىمىزغا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن شىپاخانىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنىڭ كونسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

**7 . ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ مەخسۇس بۆلۈم ، مەخسۇس كېسەل قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.**

شىپاخانىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئۇيغۇر تېبابىتى ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، شىپاخانىنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى، ئاغرىقلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلغىلى بولىدۇ.

شىپاخانا رەھبەرلىكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئالاھىدىلىكىنى دوختۇرخانىنىڭ مۇھىم خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈپ تەشكىلىي جەھەتتىن بىرىنچى قول ئۆزى تۇتۇش، تەقسىملەپ باشقۇرغۇچى رەھبەر مەسئۇل بولۇش، ماس ھالدىكى چوڭ ئىشلارنى شىپاخانا ئىش بېجىرىش يىغىنىدا كوللېكتىپ قارار قىلىش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ رەھبەرلەر ۋە ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمىتىدە ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوللاپ ھەمدە قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئالاھىدىلىكىنى دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە سىڭدۈردى. بۇنىڭ بىلەن شىپاخانىمىز ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتىنى جۇڭيىچە، غەربچە داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى داۋالاش ئۇسۇلى ۋە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كلىنىكىلىق دىئاگنوز سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، بۆرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، فى-

زىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى قاتارلىق يېڭى بۆلۈملەر قۇرۇلۇپ ئاغ-رىقلارغا كۆپ قۇلايلىق يارىتىلدى. داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆ-تۈرۈلدى.

يېزىخۇ دانچىسى، قارا قېرىن قۇلاق، ئالقات جەۋھىرى، گاۋزىبان دانچىسى، زەفىران ئىچىملىكى قاتارلىق يېڭى دورىلار ئىشلەپچىقىرىلىپ ئاشقازان، يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ، شۇن-داقلا يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە يۇقىرى مايلىق قان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

قىسقىسى، پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخا-نىسى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن غەربچە، جۇڭگوچە داۋالاش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بەلگىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى سەۋىيىسىگە ئىگە داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات بىر گەۋ-دىلەشتۈرۈلگەن ئۈنىۋېرسال دوختۇرخانىغا ئايلاندى. ھازىر شىپا-خانىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 12 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000 $m^2$غا، مۇقىم كېسەل كارۋىتى 70 كە يەتتى. مۇقىم مۈلكى 260 تۈمەن يۈەندىن ئاشتى، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 66 نەپەر بولۇپ كەسپىي خادىملار 55 نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر 3 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجە-لىك ئۇنۋاندىكىلەر 12 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر 42 نەپەر، تەكلىپ قىلىنغانلار 17 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئا-لىي دەرىجىلىكلەر 2 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك 1 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر 15 نەپەر، تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 4 نەپەر، مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 2 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 27 نەپەر. ئامبۇلاتورىيىدە داۋا-لىنىدىغان كېسەللەر سانى يىلدا ئوتتۇرىچە 20 مىڭ ئادەم قې-تىمغا، بالىنىتسىدا داۋالىنىدىغانلار يىلدا ئوتتۇرىچە 600 نەپەرگە يەتتى. شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىدا 20 نەپەر خادىم بار. شى-پاخانىدا يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار خىزمەت بۆلۈمى،

ئىتتىپاق ياچېيكىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە دوختۇرخانا ئىشخانىسى، كەسپىي بۆلۈم، ئامبۇلاتورىيە، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، بوۋاسىر كېسەللىكى بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى تۇغۇت بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى، دورا بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى، B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش ۋە ئېلېكتروكاردىئوگراف بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، دورا زاۋۇتى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى.

2004 ـ يىلى شىپاخانىمىز تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، ياتاقتا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1500 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئامبولاتورىيىدە كۆرۈنگەن كېسەللەرنىڭ سانى 25000 ئادەمگە يېقىنلاشتى، ئومۇمىي كىرىم 330 تۈمەن يۈەندىن ئېشىپ، شىپخانىمىز تارىخىدا يەنە بىر ئىلگىرىلەش بولدى.

# 4 . پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھۆججەت چۈشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ياچېيكا شۇجىلىقىغا نايىت ئىسمايىل تەيىنلەندى. ئەزالىرى ئەبەيدۇللا ھامۇت، ئۆمەر تۇرسۇن، رىشىت روزى، لىتىپ يۇسۇپ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نايىت ئىسمايىلنىڭ خىزمىتى باشقا ئورۇنغا يۆتكەلگەچكە ياچېيكا شۇجىلىقىنى شۇ چاغدىكى دوختۇرخانا باشلىقى ئۆمەر تۇرسۇن ئۆتىدى. ياچېيكىنىڭ پارتىيە قوشۇنغا كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پارتىيە قوشۇنغا ئۈزلۈكسىز يېڭى قان قوشۇلۇپ تۇردى. بۇ يىللاردا يۇسۇپ داگۇت، روسۇل نىياز، ئابلىكىم ھىمىتلار پارتىيە قوشۇنغا قوبۇل قىلىندى.

1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ھاكىمى يۇسۇپ سىتى شىپاخانا ياچېيكا شۇجىلىقىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىپاخانىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى بۇرۇنقىدىن خېلى كۈچىيىشكە باشلىدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، نىزامنامىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىلدى.

1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىپاخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سايلام ئارقىلىق قۇرۇپ چىقىلدى. ئۇيۇشما ئەزالىرى يۇسۇپ داگۇت، شازادىخان سەيپۇل قاتارلىقلار بولدى. كېيىن ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ يۇسۇپ داگۇت، ئابلىز توخنىياز، سەيلاخان سەيپۇل، رىسالەت ئىبراھىم، مۆمىنجان ئابدۇراخمانلار قويۇلدى. يۇسۇپ داگۇت ئۇيۇشما رەئىسلىك خىزمىتىنى داۋام-

لىق ئىشلەپ كەلدى. 1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دوختۇرخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن شىپا- خانا ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ياچېيكا ھەيئەتلىرى رەشىدە تۇردى، مۆمىنجان ئابدۇراخمان، ئابلىز توختىنىيازدىن تەركىب تاپتى. رەشىدە تۇردى ياچېيكا شۇجىسى بولدى. 1995 ـ يىلى رەشىدە تۇردى شىپاخانىدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئابلىز توختىنىياز، مۆمىنجان ئابدۇراخمانلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئىت- تىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن ھازىرغىچە ئابدۇكېرىمجان شىپاخانا ئىتتىپاق ياچېيكى- سىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇ- زاكىرە قىلىپ تەستىقلىشى بىلەن شىپاخانا ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. بىرلەشمە رەئىسلىكىگە سەيلاخان سەيپۇل قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە سەيلاخان سەيپۇل ئاياللار خىزمىتى ۋە قوشۇمچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يۈسۈپ سېتى دەم ئې- لىشقا چىققاندىن كېيىن ياچېيكا شۇجىلىقىنى، دوختۇرخانا باشلىقى قاھار سۇلتان قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 2003 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەبىبۇللا ھۆسىيىن شىپاخانا ياچېيكا شۇجىلىقىغا تە- يىنلەندى. شۇنىڭدىن بۇيان شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسى ئۆز قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بى- لەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ «پار- تىيە ئەزالىرىنى ئىلغارلىق خاراكتېرىنى ساقلاش تەربىيىسى»نى ئورۇنلاپ، چىن دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاۋانگارتلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش، مۇھىم ئىدى- يىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەسپىتىكى ناتوغرا ئىس-

تىللارنى تۈزىتىپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى. نامرات، ئاجىزلارغا كۆپ قېتىم مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى نامرات كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئورتاق ھەل قىلىپ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات تىكلىدى. شىپاخانا ياچېيكىسى دوختۇرخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

2003 - يىلى 2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ياقۇپ ئابدۇراخماننى شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك قوشۇنى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھازىر شىپاخانىدىكى بۇ ئاۋانگارت قوشۇننىڭ سانى 20 گە يېتىپ، دوختۇرخانىدىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 30%نى ئىگىلىدى.

ھازىر شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىدا ھەببۇللا ھۆسىيۇن ياچېيكا شۇجىسى، ياقۇپ ئابدۇراخامان مۇئاۋىن شۇجى، ماجىنسەن، ئابلىكىم تەشكىلات ھەيئىتى، ئابلىز توختىياز تەشۋىقات ھەيئىتى، مۆمىنجان ئابدۇراخمان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار ۋە ياشلار خىزمىتىگە مەسئۇل ھەيئەت بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسى ئىلغار، يېڭى كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەپ، پارتىيە قوشۇنىنىڭ كۆچىيىشى ئۈچۈن، شىپاخانا خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن قان تەر تۆكمەكتە.

## 1. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى 2000

-يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئورۇن دېگەن شە-رەپكە ئېرىشكەن بولۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋىلايەت دەرى-جىلىك ھەتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئو-رۇن بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

يېچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى 1986 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئو-رۇن. 1 -، 2 -، 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن، 1988 - يىلى يېچان ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىدە ئىلغار ئورۇن، 2001 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيە دەرى-جىلىك تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن ھەم ناھىيە دەرىجىلىك گۈلزارلىق ئورۇن، شۇنداقلا ئارمىيە خەلق ئورتاق قۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. 2003 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بىڭتۇەن بىلەن ھەمكارلاشقان شىپاخانا بو-لۇپ قالدى. 2003 - يىلى ۋىلايەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى شىپاخانىنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن دېگەن شە-رەپنى بەردى. 2003 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسى شىپاخانىنىڭ مال باھا خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆت-كۈزۈۋېلىپ شىپاخانىغا مال باھادا ئىشەنچلىك ئورۇن دېگەن شە-رەپنى بەردى.

2004 - يىلى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىپاخانا ئا-ياللار خىزمىتىنى باھالاپ 2003 - يىللىق ئاياللار خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپنى بەردى. 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى شىپاخانىغا «ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن

شەرەپنى بەردى. يېچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپا-
خانىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش
مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش
روھىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ « ئۆلۈمگە ئامال،
ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك » ئاساسىي مەقسەتنى زىچ چۆرىدەپ
دوختۇرخانىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك
ئىلگىرى سۈردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ « ئۈچكە ۋەكىللىك قى-
لىش مۇھىم ئىدىيىسى »، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پروگرام-
مىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇ-
شىغا دائىر بىلىملەرنى ۋە پارتىيىنىڭ تۆرلۈك لۇشيەن، فاڭ-
جېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، خىزمەتچى
خادىملارنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، ئۆگىنىش خاتىرىسىنىڭ رەتلىك، تولۇق بولۇشىنى ئىشقا
ئاشۇردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تېببىي ئەخلاق،
تېببىي ئىستىل ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى كەسپىي
ئىستىلنى تۇرغۇزدى. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋاب-
ئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ياشانغانلار، ئاجىزلار ۋە مېيىپ -
مەجرۇھلارغا ياردەم بېرىش ئىش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ
بېرىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ئەكس
ئەتتۈردى. دوختۇرخانا يەنە دوختۇرخانا قورۇسىنى باغۋارانلاشتۇ-
رۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، گۈزەل، پاكىز، ئازادە مۇھىت بەرپا
قىلدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ
پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە
جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پائال
قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيلىك ئورۇن

بولۇشىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكتە.

## 2 . مەمۇرىي ئىشخانىنىڭ ئەھۋالى

شىپاخانىنىڭ مەمۇرىي ئىشخانىسى 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشخانا مۇدىرلىقىنى ماجىنسەن ئۆتىگەندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەخسۇس ئىشخانا بولمىسىمۇ ئىشخانىغا ئائىت كاتىباتلىق ئىشلىرىنى ئابلىكىم ھېمىت قوشۇمچە ئۆتەپ كېلىۋاتقانىدى. رەسمىي ئىشخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي ئىشخانا باشقۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش، تارقىتىش، تىزىملاش، تامغا باشقۇرۇش، ماشىنىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوغداش، ئارقا سەپ تەمىنلەش خىزمەتلىرىنى تولۇق ئىشلەشكە باشلىدى.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئابلىز توختىياز، مەمۇرىي ئىشخانا مۇدىرى بولدى. 2003 ـ يىل 3 ـ ئايدا ماجىنسەن قايتىدىن ئىشخانا مۇدىرلىقىغا قويۇلدى.

2004 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماجىنسەن شىپاخانا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ياچېيكا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا قويۇلدى. ئابلىز توختىياز يۇقىرىقى بۆلۈملەرنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھېمىت ئېلى دوختۇرخانا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ دوختۇرخانا ئىشخانىسىدا ماجىنسەن، ھېمىت ئېلى، ئابلىز توختىياز قاتارلىق ئۈچ خادىم دوختۇرخانا ئىشخانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تىرىشىپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## 3 . كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئەھۋالى

كەسپىي بۆلۈم 1999 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئابلىكىم ھىمىت بۆلۈم مەسئۇلى، سەيلاخان سەيپۇل باش سېسترالار باشلىقى بولدى . بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ داۋالاش، پەرۋىش، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، يۇرۇشلەشتۈرۈش نازارەت قىلىش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2001 ـ يىلى يىلىنىڭ بېشىدا ئابلىز توختىياز كەسپىي بۆلۈم مەسئۇلى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ، كەسپىي تېخنىكا ئورۇنلىرىدا ئۈنۈمېرسال، نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . دوختۇرخانا مەسئۇللىرى ۋە بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى بېكىتىلىپ ھەربىر خادىم ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى . ئاغرىقلار دوختۇر تاللاپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ شىپاخانىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە قايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى، كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي ئىستىل جەھەتتە تۈزۈم بېكىتىلىپ، كەسپىي ئەخلاقتا زىت ئىش ھەرىكەتلەرگە تۈپتىن خاتىمە بېرىلدى. كەسپىي خادىملارنىڭ ئۈنۈۋان ئېلىش ئىشلىرىغا زور قولايلىقلار يارىتىلدى . كەسپىي خادىملارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ تەرتىپكە سېلىندى . 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رەھبەرلىك مۇزاكىرە قىلىپ ئالىم بەكرىنى كەسپىي بۆلۈم مۇدىرى، ئابلىز توختىيازنى مۇئاۋىن كەسپىي بۆلۈم مۇدىرى، سەيلاخان سەيپۇلنى باش سېسترالار باشلىقى قوشۇمچە ئاياللار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، خاتىمە ئابدۇلنى مۇئاۋىن باش سېسترالار باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى.

# 5. كەسپىي بۆلۈملەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى

## 1. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى

ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى شىپاخانا قۇرۇلغان 1983 ـ يىلى يىل بېشىدىلا ئىش باشلىغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شىپاخانىنىڭ ھازىرقى ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ۋاقىتلىق سېلىنغان ئۆيلەر ياتاق قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا پېشقەدەم تېۋىپلاردىن ھامۇت قارى، تۇرسۇن دوختۇر، رىشىت دوختۇر، روسۇل دوختۇر قاتارلىقلار كېسەل كۆرەتتى. رىشىت دوختۇر ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئامبۇلاتورىيىگە كۈنىگە 40 ـ 30 نەپەر كېسەل كېلەتتى. ياتاقتا 10 دىن ئوشۇق كېسەل بار ئىدى. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئەتراپىدا ناھىيە رەھبەرلىرى خوتەندىكى داڭلىق تېۋىپ ئىچكى كېسەللىكلەر مۇدىر ۋىراچى ئىلىخان ھەزرىتىمنى كېسەل كۆرۈش، خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىپاخانا باشقىچىلا جانلىنىپ ئامبۇلاتورىيىگە كېسەل كۆرۈنگىلى كەلگەنلەرنىڭ سانى كۈنىگە 100 نەپەردىن ئېشىپ، ياتاقلار كېسەللەرگە توشۇپ كەتتى. 1984 ـ يىلى يىل بېشىدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىر يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەن يۇسۇپ داگۇت، مەخمۇت دوختۇرلار بۇ بۆلۈمگە ئىشقا چۈشۈپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى خادىملار تېخىمۇ كۈچەيدى. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد، مۇئاۋىن رەئىس توختى سابىر، ساۋدانوف قاتارلىق رەھبەرلەر شىپاخانىمىزغا كېلىپ

خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى پېشقەدەم دوختۇر ھامۇت قارىغا تومۇر تۇتقۇزۇپ ھامۇت قارىنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولغان.

رىشىت دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە شۇ يىلى ياتاقتا ياتقان ئاغرىقلارنىڭ سانى 45 كە چىققان. 1986 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە ناھىيىلىك تاغ چارۋىچىلىق پونكىتى دوختۇرخانىسىدىن قاھار سۇلتان شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىچكى بۆلۈمگە ئىشقا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ بۆلۈمدىكى خادىملار تېخىمۇ كۈچەيدى.

1990 - يىلى مۆمىن ئابدۇراخمان ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە مەسئۇل بولدى. سەيلاخان سەيپۇل سېستىرالار باشلىقى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرى بۇرۇنقىدىن خېلى مۇنتىزىملاشتى. شۇ يىللاردا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ھەر خىل يۇرەك، ئاشقازان، جىگەر، نېرۋا، ئۆپكە، بۆرەك، بىر قىسىم تېرە كېسەللىكلىرى داۋالىنىپ تۇردى.

1992 - يىلى 9 - ئايدا مۆمىن ئابدۇراخمان شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن ياتاق بۆلۈمگە رىشىت روزى مەسئۇل بولدى. مۆمىن ئابدۇراخمان 1995 - يىل 6 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچكى كېسەللىكلەر ياتاق بۆلۈمگە مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى 11 -ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ ئاچقان تېرە كېسەللىكلىرى بويىچە دوختۇر تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1996 - يىلى يازدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قارمىقىدا تېرە كېسەللىكلىرىنى بولۇپمۇ ئاق كېسەل، كالا تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا كىرىشتى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى، ئالتاي ھەتتا چەت ئەللەردىن ئاغرىقلار كېلىپ ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىپ، ياخشىلىنىپ قايتتى. 2002 - يىلى 3 - ئايدا رەھ-

بەرلىك بەنزىسى تەخشەلگەندىن كېيىن لابوراتورىيە بۆلۈمى، B تېپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇندا تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئېلېكتروكاردىئوگرافىدا تەكشۈرۈش بۆلۈملىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئەنئەنىۋى تومۇر تۇتۇپ، قاراپ، سوراپ تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتىن زامانىۋى تەكشۈرۈش سايمانلىرىدىن پايدىلىنىپ بىرلەشمە تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش يولىغا قويۇلۇپ غايەت زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. دوختۇرلار كۈندە 1 ياكى 2 قېتىم تەكشۈرۈش، بۆلۈم مەسئۇللىرى ھەپتىدە 2 كۈن تەكشۈرۈش، دوختۇرخانا باشلىقى ھەپتىدە 1 كۈن تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، (ئېغىر كېسەللەر بولسا شىپاخانا باشلىقى كۈندە نەچچە رەت تەكشۈرىدۇ)، ياتاقتا ياتقان بىمارلار كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇرۇن ياتاقتىكى بىمارلار 10 دىن ئاشماي كېلىۋاتقان بولسا، ھازىر كۈنسېرى كۆپىيىپ كارىۋاتلار قوشۇلۇپ، بىكار ئۆيلەر ياتاق قىلىنىپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ئاغرىقلارنىڭ سانى 50 ~ 60 كە يېتىپ ياتاق يېتىشمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ھازىر ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئېغىر كېسەللىكلەر ۋە جىددىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئىقتىدارى يېتىلدى. (چۈنكى دوختۇرخانا باشلىقى ھەبىبۇللا ھۆسىيىن ياش دوختۇرلارنى دەرس سۆزلەش ئارقىلىق تەربىيىلەپ چىقتى). پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈزلىنىپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ھازىر ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلەردىن يۈرەك، مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىش كېسەللىكلىرى، پالەچ، لەقۋا، يۇقىرى قان بېسىم، قاندا ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، دىئابېت، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، تەڭگە تەمرەتكە، ئاق كېسەل، ھەر خىل بۆرەك كېسەللىكلىرى قاتارلىق داۋالاش تەس بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئوخشاش دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ

سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ بۆلۈمدىكى تېۋىپلار يازغان 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قا-تارلىق گېزىت – ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەسىپداشلار ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ھازىر ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدە كۆرۈنىدىغانلار 20 مىڭدىن ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىدىغانلار 1500 دىن ئارتۇق كىشىگە يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن زور دەرى-جىدە ئېشىپ كەتتى.

ھازىر ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە 14 نەپەر دوختۇر ۋە سېسترا ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىمەكتە. بەكرى مۇسا 2004 – يىلى 1 – ئايدىن باشلاپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە مەسئۇل، خاتىمە ئابدۇل سېستى-رالار باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## 2. تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 2004 – يىلى 4 – ئاينىڭ 13 – كۈنى نا-ھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ئالىم بەكرىنىڭ يېتەكلىشى كېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بىلەن بۇۋاسىر بۆلۈمىنى بىر-لەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلدى. بۆلۈم مەسئۇللۇقىنى ئالىم بەك-رى ئۈستىگە ئالدى. سېسترالار باشلىقلىقىنى زۆھرەگۈل سىتى-نىياز ئۈستىگە ئالدى.

ئەزالىرى ئالىم بەكرى، ئىمنىياز روزى، ئابلەي مەتنىياز،

ئوسمان تۇرسۇن، ئابلىز روسۇل، جاپپار ئۇرايىم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. ناركوز دوختۇرلۇقىغا رىزۋانگۈل مەمەت بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر خىل ئوپېراتسىيىلەر قىلىنىشقا باشلىدى.

## 3 . ئايالالار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت بۆلۈمى

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئايالالار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت بۆلۈمى 2004 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىپاخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەكلىپى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئايالالار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى مۇدىر ۋىراچ پاتىمە دوختۇرنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن رەسمىي قۇرۇلدى.

پاتىمە دوختۇر ئايالالار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئايالالار كېسەللىكلىرى تۇغۇت بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆي ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈشكە ئاجرىتىپ بېرىلدى. ياتاق بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى چوڭ يىغىن زالى ئوپېراتسىيە ئۆيى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ كارىۋات، ئوپېراتسىيە سايمانلىرى تولۇقلاپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بۆلۈمدە تۇرلۇك بالىياتقۇ ئۆسمىلىرى، بالىياتقۇ چىقىۋېلىش، تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى، تۇغۇت بۆلۈمى ئەگەشمە كېسەللىكلىرى، تۇغماسلىق، II ، III دەرىجىلىك سىرتقى جىنسىي ئەزا يېرىقى، راك كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەر داۋالىنىشقا باشلىدى.

ياش دوختۇرلاردىن سەلىمە، خاتىمە قاتارلىق دوختۇرلار ئايالالار

كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە دوختۇرلۇققا تەكلىپ قىلىندى.

2004 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچ دوختۇرى رىزۋانگۈل باۋدۇن بۇ بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بۆلۈمنىڭ دوختۇرلىرى تۆت نەپەرگە يەتتى.

2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئايالالار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى باللىياتقۇ ئۆسمىسى خاراكتېرلىك باللىياتقۇ سىرتقا چىقىۋېلىش كېسەللىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىپ شىپاخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىر نەپەر 20 يىللىق باللىياتقۇ چىقىۋېلىش كېسەللىكى پىچان تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، مۇشۇ تۈردىكى ئوپېراتسىيىدە پىچاندا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ھازىر بۇ بۆلۈمگە پاتىمە تۇرسۇن مەسئۇل بولۇپ، زۆھرە سىتنىياز سېسترالار باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## 4. سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى

تېڭىقچىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر تېبابەت تېڭىقچىلىقى داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئاددىيلىقى، ساقىيىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، داۋالىنىش تەننەرخىنىڭ ئەرزانلىقى بىلەن مىللىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس بەلكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدىمۇ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە. پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ سۆڭەك بۆلۈمى 1983 - يىلى 10 - ئايدا ئىنىياز قارىنىڭ كېچىك دادۇيدىن 17 نەپەر كېسەل ۋە بىر دانە 30mA لىق رېنتگېن ئاپپاراتى بىلەن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنىياز روزى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى-

نىڭ دوختۇرى ھەم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ چاغلاردا ھوشۇرخايلا، غوجەخمەتلەر تېڭىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

1986 - يىلىنىڭ بېشىدا ھوشۇرخان باشقا ئورۇنغا ئالمىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئانارخان، شازادەم سەيپۇل، سەيلاخان قاتارلىقلارمۇ بىر مەزگىل تېڭىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئىشلىدى. 1988 - يىلى يىل بېشىدا مەنسۇر ھاسان سۆڭەك بۆلۈمىگە ياردەمچى دوختۇر بولۇپ كىرىپ 95 - يىلى 9 - ئايغىچە ئىشلىدى . 1988 - يىلى 10 - ئايدا ئىنىياز دوختۇر ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن 11 - ئايدا سەھىيە نازارىتى تۇرپاندا ئاچقان تېڭىقچى تەربىيىلەش كۇرسىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن ئابلەي مەتنىياز سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە دوختۇر ھەم مەسئۇل بولۇپ 1991 - يىلى 10 - ئايغىچە ئىشلىدى . 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل ئۆگىنىپ كەلگەن ئابلىتىپ يۇسۇپ يىل بېشىدىن 2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە 10 يىلدىن ئوشۇق سۆڭەك بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

1993 - يىلى ئىنىياز قارى كېسەلدىن ياخشىلىنىپ قايتىدىن سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشۈپ ھازىرغىچە ئىشلىمەكتە.

1996 - يىلى يىل بېشىدىن 2000 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ئوسمان تۇرسۇن ياتاق دوختۇرى بولۇپ بەش يىل ئىشلىدى . ئوسمان تۇرسۇن 2001 - يىلى يىل بېشىدا بازار ئامبۇلاتورىيىسىگە يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل ئۆگىنىپ كەلگەن جاپپار ئۇرايىم سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ ياتاق دوختۇرى بولۇپ ھازىرغىچە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

شىپاخانىمىزنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇلغان

20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىرمۇنچە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. پىچاندىكى سۆڭەك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بىر قىسىم بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولدى. مىڭلىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى دەردتىن خالاس قىلدى ۋە شادلىق ئاتا قىلدى. سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەۋە خادىم بەش نەپەر بولۇپ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ، ئىككى نەپەر مەسئۇل ۋىراچ، ئىككى نەپەر ۋىراچ بار. 2003 - يىلى ئامبۇلاتورىيە شارائىتىدا كۆرۈلگەن ھەر خىل سۆڭەك كېسەللىكلىرى بىمارلىرىنىڭ سانى 2000 دىن ئاشىدۇ. ياتاقتا داۋالانغان ئاغرىقلار سانى 150 ئادەمگە يېتىدۇ.

2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىپاخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قايتا تەشكىللىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئالىم بەكرى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىغا قويۇلدى. زۆھرەگۈل سىتنىياز سېستىرالار باشلىقى بولدى. سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، بۇۋاسىر بۆلۈمى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈملەر قىلىپ بېكىتىلىپ، دوختۇرلار قوشۇنى ئالىم بەكرى، ئىمنىياز قارى، ئوسمان تۇرسۇن، ئابلىز روسۇل، ئابلەي مەتنىياز، جاپپار ئۇرايىم قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇرەككەپ سۇنۇقلارنى ئوپېراتسىيە بىلەن ئىچىدىن مۇقىملاشتۇرۇپ داۋالاش رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى.

## 5. بۇۋاسىر بۆلۈمى

بۇۋاسىر بۆلۈمى ئابلىز توختىنىياز بىلەن ئابلىز روسۇل

1996 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك گېمىروي دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئالتە ئاي مەخسۇس ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئىش باشلىدى. دەسلەپتە غۇلجا شەھەرلىك گېمىروي دوختۇرخانىسىنىڭ بوۋاسىر بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى تەن چېنگمەي دوختۇر تەكلىپ بىلەن شىپاخانىغا كېلىپ 3 ئاي تۇرۇپ، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىنى ئاساسلىق ئوپېراتسىيە بىلەن داۋالىدى، كېسەللەر سانى 20 دىن چۇشمىگەن ئىدى. ئىچكى بوۋاسىر، تاشقى بوۋاسىر، ئارىلاشما بوۋاسىر، مەقئەت ئاقمىسى، مەقئەت ئەتراپى يىرىڭلىق ئىششىقى، مەقئەت تەمرەتكىسى، مەقئەت ئۆچلۈق هۆل سۆگىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلغان ۋە ئۇيغۇر تېبابەت ۋە جۇڭيى دورىلىرىنى مۇناسىپ تاللاپ ئىشلىتىپ داۋالاپ كەلگەن. بوۋاسىر بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن هازىرغىچە ئامبۇلاتورىيىدە 5000 نەپەر، ياتاقتا 420 نەپەر كېسەل داۋالىنىپ ساقىيىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بوۋاسىر بۆلۈمى دەسلەپتە قۇرۇلغاندا ئادەتتىكى ئوپېراتسىيە سايمانلىرى بىلەن ئىش باشلانغان بولسا، 2001 ـ يىلى ئېلېكترونلۇق مەقئەت ـ ئۆچەي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش سايمىنى كىرگۈزۈپ بوۋاسىر بۆلۈمىنىڭ تەرەققىياتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. بۇ بۆلۈمدىكى دوختۇر، سېسترالار بوۋاسىر مەلهىمى، مامرانچىن قايناتمىسى، بوۋاسىر سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلارنى ياساپ ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بوۋاسىر بۆلۈمى 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قايتا قۇرۇلغاندا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈمچە قىلىپ بېكىتىلدى. تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئالىم بەكرى مەسئۇل قىلىپ قويۇلدى.

## 6. رېنتگېن بۆلۈمى

1983 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىمنىياز روزى پىچان يېزىسىنىڭ

كىچىك مەھەللىسىدىن شىپاخانىغا كۆچۈپ چىققاندا 30mA لىق رېنتگېننى ئېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئىمنىياز روزى بۇ رېنتگېن بىلەن سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى ئۆزى تەكشۈرەتتى.

1988 - يىل 10 - ئايدا ئىمنىياز روزى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن ئابلەي مەتنىياز سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە دوختۇر بولۇپ كىرىپ، تاكى 1992 - يىل 9 - ئايغىچە قوشۇمچە رېنتگېندە تەكشۈرۈش ئىشىنىمۇ بىرگە ئىشلەپ كەلدى.

1992 - يىلى 9 - ئايدا تۇرپان تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مۇسا ئەيسا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا 6 ئاي رېنتگېن كەسپىنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن 10 - ئايدىن باشلاپ رېنتگېن بۆلۈمىدە ئىشلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن رېنتگېن بۆلۈمى قۇرۇلدى. شۇ چاغدا 50mA لىق رېنتگېن ئاپپاراتىمۇ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن سۇنۇق - چىقىقلارنى فىلىيونكىغا ئېلىپ كۆرۈش رەسمىي يولغا قويۇلدى.

1994 - يىلى تۇرپان سەھىيە باشقارمىسى بەرگەن100mA لىق رېنتگېن ئاپپاراتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1994 - يىلى مۇسا ئەيسا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا بىر يىل رېنتگېن كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان مەزگىلدە رېنتگېن بۆلۈمىدە جاپپار ئۇرايىم ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرغان. ھازىر يەنىلا مۇسا ئەيسا رېنتگېن بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

2003 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپنىڭ رېنتگېن كەسپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن روشەنگۈل جاپپار رېنتگېن بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ ئادەملىرى خىللاشتى. 2004 - يىلى 5 - ئايدا 500mA لىق رېنتگېن ئاپپاراتى ئېلىپ كېلىندى. بۇنىڭ بىلەن رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ ئاپپاراتلىرى خىللىشىپ، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز

قويۇشتا زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر رېنتگېن بۆلۈمىدە مۇسا ئەيسا بىلەن روشەنگۈل جاپپار ئىشلەپ كەلمەكتە.

## 7. ئېلېكتروكاردىئوگراف ۋە B تىپلىق ئۇلترا ئاۋازدولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى

شىپاخانىمىزدا ئېلېكترو كاردىئوگرافدا تەكشۈرۈش 1993 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن يىل بېشىدا 6511 تىپلىق بىر كىچىك ئېلېكتروكاردىئوگراف ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئايتىللا ئىسمايىل 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئاچقان ئېلېكتر-كاردىئوگراف ئىشلىگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئېلېلكترو كاردىئوگرافدا تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە يەنە 6 ئاي بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشكەن. 2003 ـ يىلى رەھبەرلىك بەنزىسى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ بۆلۈمگە 155 مىڭ يۈەنگە زامانىۋى ئېلېكترو كاردىئوگراف ۋە يۈرۈشلۈك كومپيۇتېر سېتىۋېلىنىپ يۈرەك كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇشتا، دىئاگنوزنىڭ توغرىلۇق دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى: ئىبادەتگۈل ئوسمان يېڭى رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 155 مىڭ يۈەنگە 3000 ـ ZK تىپلىق B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش سايمىنى سېتىۋېلىپ 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن

باشلاپ بۇ بۆلۈم رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىپاخانىمىزدا بۇ خىل سايمان يوق بولۇشتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا زور قولايلىقلار يارىتىلدى. ھازىر بۇ بۆلۈمدە ئىبادىگۇل ئوسمان، ئايىتىللا ئىسمايىل، ھاۋاگۇل ئۇرايىم قاتارلىقلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## 8. فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى

فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئابابەكرى مۇسا توقسۇن شىپاخانىغا بېرىپ بېيجىڭ 304 ـ دوختۇرخانا بويۇن، بەل ئومۇرتقىلىرى ئۆسۈش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى شىڭچاۋدوڭ پروفېسسوردىن مەخسۇس بەش ئاي ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلغان بولۇپ، دورىنى يەرلىك ئورۇنغا سىڭدۈرۈپ داۋالاش ماشىنىسىدىن بىر يۈرۈش، بويۇننى سوزۇپ داۋالاش ئۇسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش، كىچىك تىپتىكى يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ماشىنىسىدىن بىر يۈرۈش قاتارلىق سايمانلار بىلەن ئىش باشلىغان.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئابابەكرى باشقا بۆلۈمگە يۆتكەلگەندىن كېيىن روشەنگۇل كېرەم 2000 ـ يىلغىچە بۇ بۆلۈمدە ئىشلىدى. 2001 ـ يىلى شازادىخان سەيپۇل بىر يىل ئىشلىدى. 2002 ـ ـ يىلى 4 ـ ئايدا گۇلشەن غوجابدۇل بۇ بۆلۈمگە كىرىپ مەخسۇس ئىشلەشكە كىرىشتى. فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. مەزكۇر بۆلۈمگە رېماتىزم كېسەللىكلىرى ئۇچۇن بوغۇم ۋە بەلگە يۆگەپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش سايمىنى، توك ئارقىلىق تارتىش كارىۋىتى بىر، يۇمشاق توقۇلمىلار زەخىملىنىشنى داۋالاش سايمىنى، دورا ھورىنى سۈمۈرتۈپ داۋالاش سايمىنى، ئۇنىۋېرسال قۇرۇق يىڭنە سانجىش سايمىنى، توكلۇق لوڭقا، پەللىلەر ئارقىلىق داۋالاش سايمىنى،

ئۈچ كارىۋات، ئىككى دانە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش سايمىنى ۋە ئۈچ كەسپىي خادىم سەپلەپ بېرىلىپ فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىنىڭ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن بۇيان بەل ئومۇرتقا تەخسىسى چىقىپ كېتىش كېسىلى، بەل ۋە بويۇن ئومۇرتقىلىرى ئۆسۈش كېسىلى، بەل چىم بولۇپ قېلىش، مورە بوغۇم ياللۇغى، تىز بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ياخشى ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى. گۈلشەن غوجابدۇللا ھازىرغىچە بۇ بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىگە زامانىۋى ھورداقتىن تۆت يۈرۈش، ئادەتتىكى ھورداقتىن ئىككى يۈرۈش سەپلەپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن رېماتىزم، بەل، پۇت ئاغرىش، ئاق خۇن كۆپىيىش، تېرە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا داۋالاش ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 9. لابوراتورىيە بۆلۈمى

لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش — ھازىر تېببىي داۋالاشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر تېببىي ساھەدە بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تېۋىپلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ قان، سۈيدۈك، چوڭ تەرەت، بەلغەملەرگە قاراپ، پۇراپ بەزى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇپ كەلگەن. مەسىلەن، دىئابىت كېسەللىكىنى ئېنىقلاشتا سۈيدۈكنى بىر تەخسىگە ئېلىپ چىۋىن ياكى چۈمۈلە بار جايغا قويغاندا سۈيدۈككە چىۋىن ياكى چۈمۈلىلەر ئولىشىۋالسا دىئابىت كېسەللىكى دەپ، سۈيدۈككە چىۋىن ياكى چۈمۈلە ئولىشىۋالمىسا دىئابىت كېسەللىكى ئەمەس دەپ دىئابىت كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇپ كەلگەن. بۇنداق مىساللارنى كۆپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لابوراتورىيىلىك

تەكشۈرۈش شىپاخانىمىزدا كەڭ ئومۇملىشىپ، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا تېخىمۇ كۆپ قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

شىپاخانىمىزنىڭ لابوراتورىيە بۆلۈمى 2002 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بۆلۈمگە 1993 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ئاچقان لابورانت تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، كېيىن ناھىيىلىك دوختۇرخانا لابوراتورىيە بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن ئامىنە ياقۇپ لابورانتلىققا قويۇلدى. ياتاق بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلدى. دەسلەپتە بۇ بۆلۈمدە بىر مىكروسكوپ، BG - 2000 تىپلىق قان شارچىلىرىنى 18 خىل تەكشۈرۈش ئۇسكۇنىسى ۋە SCOUt11 تىپلىق بىئوخىمىيىلىك يېرىم ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئۇسكۇنىسى، تەجرىبە دورىلىرى ۋە باشقا كېرەكلىك سايمانلار بار ئىدى. كېيىن ياتاقتا ياتىدىغان كېسەللەر كۆپىيىپ كېتىپ ئۆي قىسلىقى تۈپەيلى 2003 - يىلىنىڭ بېشىدا لابوراتورىيە بۆلۈمى ئامبۇلاتورىيە بىناسىغا يۆتكىلىپ ئىككى ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ھاۋا تەڭشىگۈچلەر ئورنىتىپ بېرىلدى. 2002 - يىلى 6 - ئايدا لابوراتىيە بۆلۈمگە H - 100 تىپلىق سۈيدۈكنى 12 خىل تەكشۈرۈش سايمىنى تولۇقلاپ بېرىلدى. 2002 - يىلى 10 - ئايدا ئاينىسا ھەبىبۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ لابوراتورىيە بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كېلىپ، شىپاخانا لابوراتورىيە بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشتى.

2003 - يىلى 3 - ئايدا HDP - 99 تىپلىق قاندىكى ئېلېكترولىتلارنى بىئوخىمىيىلىك ئانالىز قىلىش سايمىنى تولۇقلاپ بېرىلدى.

2003 - يىلى 11 - ئايدا چىقتىم يېزىلىق دوختۇرخانىسىدا لابورانت بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان رىسالەت ئابلەي بۇ بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قاننى مۇنتىزىم تەكشۈرۈش، ۋە بىئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆيلىرى تولۇق ئىشقا كىرىشىپ، لابوراتورىيە بۆلۈمىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ۋە خادىملىرى خىللىنىپ

كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا تېخىمۇ قۇلايلىق يارىتىلدى. ھازىر بۇ بۆلۈمدە ئامىنە ياقۇپ، رىسالەت ئابلەي، ئايىنىسا ھەبىبۇل قاتارلىق ئۈچ نەپەر خادىم ئىشلەپ كەل- مەكتە، 2002 - يىلى 4 - ئايدا لابوراتورىيە بۆلۈمىنىڭ مەس- ئۇللىقىغا قويۇلغان ئامىنە ياقۇپ 2003 - يىلى 6 - ئايدا لابورا- تورىيە، B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى، ئېلېكترو كاردىئوگراف ۋە رېنتگېن قاتارلىق تېخنىك بۆلۈملەرنىڭ باش مەسئۇلى قىلىپ قويۇلدى.

## 10 . دورا پىششىقلاش بۆلۈمى

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ دورا پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمى 1983 - يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شىپاخانىنىڭ ھازىرقى ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دەسلەپ سېلىنغان ياتاق ئۆيلەردە ئىش باش- لىغانىدى. ئۇ چاغدا بۇ بۆلۈمدە ئابدۇرۇسۇل نىياز، ئابلىمىكىم ھىمىتلار بار ئىدى. سايمانلاردىن بىر دانە قازان، ئىككى كورا، ئىككى لىگەن، بىر ھاۋانچا، بىر ئەلگەك، بىر پەنزىلىك جىڭ بار ئىدى.

يېڭى ئىش باشلىغاندا شۇ چاغدىكى دوختۇرخانا مەسئۇلى مەر- ھۇم ئەبەيدۇللا ھامۇت بىرمۇنچە خادىملارنى باشلاپ موربي تاغلى- رىدىن كۆكيار، قىزىل سىگىرلاردىن، دورا شىركەتلىرىدىن، يەرلىك ئاھالىلەردىن دورا ئەشيالىرىنى يىغىپ كېلىپ ئامبارغا 200 خىلغا يېقىن دورا ئەشياسى جۇغلىغان. دورا ئامبىرىغا مەر- ھۇم ھامۇت قارى قوشۇمچە مەسئۇل بولغان. ئابلىكىم ھىمىت دورا پىششىقلاش بۆلۈمىگە مەسئۇل بولغان. دەسلەپتە سۇفۇپ، مەجۇن، مۇرابىا، پەرۋەر، شەربەتلەردىن بولۇپ 30 خىلدىن ئوشۇق ياسالما تەييارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ چاغلاردا دورىلار ئاساسەن ھاۋانچا بىلەن سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلەتتى. دوختۇرخانا

مەسئۇلى ئەبەيدۇللا هاموت تولا هاللاردا دورا پىششىقلاش بۆلۈمىگە كىرىپ هاۋانچىدا دورا سوقاتتى. تەتىل مەزگىللىرىدە باللىرىنى ئېلىپ كېلىپ دورا سوقتۇراتتى.

1984 – يىلى سەھىيە نازارىتى دورا سوقۇش ماشىنىسى قاتارلىق بىرقانچە لازىملىق سايمانلارنى بەرگەندىن كېيىن دورا پىششىقلاش بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرى كۆپ قولايلاشتى. دورا ياساشتا كۆپ ئىلگىرىلەش بولدى. دورا مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى. دورا شەكىللىرىمۇ رەۋغەن، مەلھەم، ئەرەق قاتارلىق تۈرلەرگە كۆپەيتىلدى. كېسەللەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەر ئايدا بىر توننىغا يېقىن دورا ئىشلەپچىقىرىلدى.

1986 – يىلى 200 $m^2$ لىق دورا پىششىقلاش بۆلۈمى سېلىنىپ ھەربىر دورا تەييارلاش بۆلۈمى ئايرىۋېتىلدى. خادىملار ئابلىكىم ھېمىت، مۆمىن ئابدۇراخمان، ئابلەي مەتنىياز، رەشىدە تۇردى، رەيهان، پاتەم غوجى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۆلۈم مەسئۇللۇقىنى ئابلىكىم ھېمىت داۋاملىق ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىللاردا دورا ياساش بۆلۈمىنىڭ سۈيى قولايسىز بولغاچ قىش كۈنلىرى سۇنى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتەتتى. شۇ چاغلاردا گۈلقەنت، ئانار شەربىتى، پەرۋەر، جۇجەم شەربىتى، سۇزە گۈلقەنتى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە دورىلارمۇ كۆپلەپ ياسىلىشقا باشلىدى.

1998 – يىلى دورا پىششىقلاش بۆلۈمى هازىرقى ياتاق بىناسىنىڭ 1 – قەۋەت شىمال تەرىپىگە كۆچۈپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى تەرەپلەردە كۆپ قولايلىقلار يارىتىلدى. پاكىز، ئازادە، ئۆلچەملىك ئۆيلەردە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. دورا زاۋۇتى ئەنئەنىۋى دورا ياساشتىن زامانىۋى دورا ياساشقا يۈزلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ دورا پىششىقلاش بۆلۈمىگە جەۋھەر ياساش ماشىنىسى، ئاپتوماتىك دورا يۇغۇرۇش ماشىنىسى، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن خالتىلىق شەربەت ئىشلەش ماشىنىسى، قوش قە-

ۋەتلىك پارلاندۇرۇش قازىنى، ئىچىملىك جەۋھەر دورا ئىشلەش ماشىنىسى، دېزىنفېكسىيە قازىنى، سۈزگۈچ ماشىنىسى قاتارلىق ئىلغار دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. شەربەت، ئەرەق دورىلار خالتىلىق قىلىپ قاچىلىنىپ قولايلىق يارىتىلدى. گاۋزىبان، بادرەنجى، يېزىخۇ، رەيھان، بۇزۇرى، ئەپتىمۇن، خەشخاش شەربىتى قاتارلىق دورىلار دانچە، جەۋھەر، زۇكام شەربىتى، زۇپا شەربىتى قاتارلىق دورىلار دانچە قىلىنىپ، بىر قىسىم مەجۇن دورىلار كۇمىلاچ قىلىنىپ كورۇپكىلارغا قاچىلىنىپ، زەپەر جەۋھىرى ئىچىملىك شەكلىدە تەييارلىنىپ، شىپايى ئابزەن، جەۋھىرى مۇپاسىل، يۆتەل توختىتىش دانچىسى، ئومۇرتقا ئۆسۈكچە مەجۇنى قاتارلىق يېڭى ياسالمىلار ياسىلىپ دورىلارنىڭ سۈپىتى، شەكلى، ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن دورىلار يېتىشمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئىسكىلاتتىكى دورىلار 300 خىلغا يېقىنلاشتى. ياسالما دورىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 180 خىلغا يېتىپ، ئومۇمىي دورا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 50 تۈمەن يۈەنگە يەتتى. دورا ئىشلەش بۆلۈمىدە ھازىر 12 نەپەر كەسپىي خادىم بولۇپ، رەيھانگۈل ئىسمايىل مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. 2002 ـ يىلى يىل بېشىدا ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئىدارىسى شىپاخانىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، دورا پىششىقلاش بۆلۈمىنىڭ دورا ياساشنى توختۇتۇشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن، دورا پىششىقلاش بۆلۈمى دورا ياساشنى توختىتىپ، دورا ياساش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىش، دورا پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

## 11 . قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى

ئۇيغۇر تېبابىتىدە قۇم بىلەن داۋالاش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا

ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قۇمغا كۆمۈلۈش ئارقىلىق ئاق كېسەل، مەزى بېزى ياللۇغى، رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى، بەل – پۇت ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، تولا ئېھتىلام بولۇش، جىنسىي ئاجىزلىق، بەدەنىنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، ماغدۇرسىزلىق، ئاق خۇن كۆپىيىش قاتارلىق سوغۇقتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ كەلگەن.

تەتقىقات نەتىجىلىرى قۇم بىلەن داۋالاشنىڭ سوزۇلما بوغۇم ياللۇغى، رېماتىزم خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغى، ئۇشۇشۇك، سوزۇلما ئاشقازان – ئۈچەي ياللۇغى، نېرۋا ئاجىزلىق، يۇقىرى قان بېسىم، مەنىي تۇتالماسلىق، مەنىي تېز كېتىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، پالەچلىك، يېنىك دەرىجىدىكى ئىششىق كېسەللىكلىرىگە قارىتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاندى.

4152 نەپەر ئاغرىقنى ئۈچ يىل كۆزىتىپ ستاتىستىكا قىلىنغان ساندا يېزىلىشىچە، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغاندا ساقىيىش نىسبىتى 89.6%، رېماتىزم خاراكتېرلىك بوغۇم ئاغرىقىنىڭ 96.7%، سوزۇلما بەل – پۇت ئاغرىقىنىڭ 94.81% بولغان.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا قۇمنىڭ تەركىبىدە Al، Mn، Zn، Fe، Cu، Si، Ca قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار بولۇپ، دوكتۇر مەريەم ساقىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا قۇمدىكى تۆمۈر ئېلېمېنتى ماگنىتلىق تۆمۈر ئىكەن. تېۋىپلىرىمىز ئىزدىنىش ئارقىلىق قۇمنىڭ ئۆزىدىكى ماگنىت مەيدانى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەش، فىزىكىلىق قىزىقلىقى ئارقىلىق قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ، چۆكمىلەرنى ئېرىتىپ قان ئېقىمىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كېرەكسىز، زەھەرلىك چىقىرىندىلارنى تەر ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىش، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەزالارنىڭ

خىزمىتىنى ياخشىلاش، رەئىس ئەزا بولغان يۇرەكنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق يۇرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالىيالايدىغانلىقىنى بايقىغان.

پىچاننىڭ قۇمى 4019.8km² بولۇپ، پىچان يەر مەيدانىنىڭ 10.1%نى ئىگىلەيدۇ.

پىچان قۇمى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ناھىيە بازىرىغا يېقىنلىقى، باغرىدىكى ئورمانلىقى، پاكىزلىقى، قۇم دانچىلىرىنىڭ ئۇششاق، تەكشىلىكى بىلەن باشقا جايلاردىكى قۇملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

پىچان قۇمىنىڭ شەكىللىنىشى توغرۇلۇق ئەجدادلىرىمىز شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا قۇم تاغ ئورنىدا ناھايىتى ھەشەمەتلىك، بىر شەھەر بولۇپ، پىشامشان شەھىرى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى باي بولۇپ، ئۆي سايمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى ئىسراپخور بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كىشىلىك قورسىقىغا نەچچە كىشىلىك تاماق تەييارلاپ بىر قىسمىنى يەپ، قالغىنىنى تۆكۈپ تاشلايدىكەن. ئاللانىڭ ئۇلارغا بەرگەن چەكسىز نېمەتلىرىنى قەدىرلىمەيدىكەن. بىر كۈنى بىر مومايىنىڭ بالىسى چوڭ تەرەت قىلىپ قويسا موماي قەغەز، لاتا ياكى داڭگال دېگەندەك نەرسە بىلەن بالىنىڭ تەرىتىنى تازىلاشتىن ئېرىنىپ داستىخاندىكى يۇمشاق پوشكال بىلەن بالىنىڭ تەرىتىنى تازىلىغانىكەن تەڭرىنىڭ غەزىپى تېشىپ بۇ ئىسراپخورلار شەھىرىگە قۇم ياغدۇرۇپ، بۇ شەھەرنى قۇم ئاستىغا غەرق قىلىۋەتكەن....

بۇ قۇم توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت بولسىمۇ ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پىچاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كېسەل داۋالاش بۇرۇندىنلا بار بولۇپ، 1977 ـ يىلى پىچان يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە بازار دادۇيىنىڭ شۇ-

جىسى مۇسا قۇم تاغ باغرىدىكى هازىرقى مەيدانغا 40 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 40 ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ، قۇم ساناتورىيىسى قۇر- غان. مەخسۇس ئادەملەرنى قاراشقا قويۇپ، قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەنلەرنى ياتاقتا قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرغان. 1983 ـ يىلى شىپاخانا قۇرۇلغاندا بۇ ئورۇن شىپاخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىل- گەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىغا دەسلەپ روسۇل نىياز دوختۇر بىر نەپەر سېستىرا بىلەن بارغان. مەرھۇم ئەيسا زۇ- نۇن ياتاقلارنى، مۈلۈكلەرنى باشقۇرغان. تازىلىق ئىشلىرىنى قىلغان. روسۇل دوختۇر كېسەل كۆرۈش، قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەنلەرگە تېببىي مەسلىھەت بېرىش، ياتاقتا ياتقانلارنى مەخ- سۇس داۋالاش، قۇرۇق يىگنە سانجىش قاتارلىق بىر قاتار داۋالاش ئىشلىرىنى بىرگە ئېلىپ بارغان. سېستىرا بولسا ياتاقتا ياتقانلارنى كۈتۈش، ئوكۇل سېلىش، قان بېسىمىنى ئۆلچەش قاتارلىق بىر قاتار پەرۋىشكە ئائىت خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ روسۇل دوختۇر بىرقانچە يىل قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىدا تۇرغاندىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يۈسۈپ داۋۇت، مۆمىن ئابدۇراخمان، ئابلەي مەتنىياز، ئوسمان تۇرسۇن قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن دوختۇر بولۇپ كەلگەن. ياتاقتا 50 گە يېقىن كارىۋات بار بولۇپ ھەر يىلى يۈز ئادەم قېتىم ئاغرىقلار يېتىپ داۋالىناتتى. قاتناپ قۇمدا داۋالىنى- دىغانلارنىڭ سانى يىلدا بىرقانچە مىڭغا يېتەتتى. 1992 ـ يىلى شۇ چاغدىكى ناھىيە رەھبەرلىرى شىپاخانىنىڭ قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىنى شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

92 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە قۇم تاغ باغچىسىغا ھەر يىلى دوخ- تۇر، سېستىرا ئەۋەتىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەن ئاغرىقلارغا تېببىي مەسلىھەت بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ كەلمەكتە.

## 12. ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى

ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى شىپاخانا رەھبەرلىكىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى بىلەن 2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى شىپاخانا باشلىقى ھەبىبۇللا ھۇسەيىن ئۈستىگە ئالدى. مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ياقۇپ ئابدۇراخمان بولدى. ئىشخانا مەسئۇللۇقىغا ئابلىز تۇختىياز قويۇلدى. ئەزالىرى يۇسۇپ داگۇت، رۇسۇل نىياز، ئابلىكىم ھېمىت، مۆمىنجان ئابدۇراخمان، ئابلەي مەتنىياز قاتارلىقلار بولدى.

تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ۋەزىپىسى قەرەللىك يىغىلىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا دورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، يېڭى تۇر، يېڭى دورىلارنى قېزىش، رېتسېپ ئۆلچىمىنى بېكىتىش، رېتسېپلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىقات تېمىسى تاللاش ۋە يوللاش، كەسپىي خادىملارنىڭ ئىلمىي ماقالە يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، شىپاخانا تەزكىرىسىنى يېزىش، پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ تەرجىمىھالىنى رەتلەپ چىقىش، ياسالما شەكىللىرىنى يېڭىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىپاخانىنىڭ 20 يىللىق تەزكىرىسى رەتلەپ يېزىلىپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىپاخانا تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال بولماسلىقتا خاتىمە بېرىلدى.

شىپاخانا باشلىقى ھەبىبۇللا ھۇسەيىننىڭ بايقىشى، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىنچىكە ئانالىز تەجرىبە قىلىپ بېكىتىشى بىلەن قارا قېرىن قۇلاق بىلەن ئالقات جەۋھىرىنىڭ يۇقىرى قان بېسىم، يۇقىرى مايلىق قان، مايلىق جىگەر، قان قويۇلۇش قاتارلىق

كېسەللىكلەرگە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۈنىڭدىن باشقا شىپائىي ئابىزەن، جەۋھىرى مۇپاسىل، يۆتەل توختىتىش دانچىسى، ئومۇرتقا ئۆسۈكچىسى مەجۇنى قاتارلىق يېڭى دورىلار تەجرىبە قىلىنماقتا.

پالەچ كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا مول تەجرىبىگە ئىگە مەسئۇل تېۋىپ روسۇل نىياز، رازاق ئابدۇراخمان قاتارلىق بىرقانچە كەسپىي خادىمنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەپ يېزىلغان « 45 نەپەر پالەچ كېسەللىكىنى غەرب تېبابىتى، ئۇيغۇر تېبابىتى، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىمىز » دېگەن ئىلمىي ماقالە نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

بۇ گۇرۇپپىدىكى خادىملار ھازىر بەش يېڭى تۈر يوللاش، دورىلارغا نومۇر ئېلىش، يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش، مۇرەككەپ كېسەللىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارماقتا.

# 6 . شىپاخانىمىزدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي خادىملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

## 1 . ھەبىبۇللا ھۆسەيىن



ھەبىبۇللا ھۆسەيىن 1957 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پىچان بازىرىدا بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سابىق شىنجاڭ تىببى ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىكى ھەبىبۇللا ھۆسەيىننىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ ، ئۇنى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالغان ئۇ خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەپ تېزلا كەسپداشلىرىنىڭ ، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئاناتومىيە كافېدىراسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، كېيىن مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەينى چاغدىكى ناھىيە ھاكىمى ئابلا يۇسۇپ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، خىزمەت شارائىتى ئاددىي پىچانغا قايتىپ كەلدى ... چۈنكى شۇ چاغلاردا پىچاندا ھەبىبۇللا ھۆسەيىندەك ئىقتىساسلىق خادىملار ناھايىتى ئاز ، ھەتتا يوق دېيەرلىك ئىدى ، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بەخت ئامىتىنى پىچان خەلقىنىڭ

ساقلىقى، بەختى ئۈچۈن قۇربان قىلغانىدى.

ئۇ پىچان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە مۇدىر بولۇپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن خىزمەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاغرىقلار ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز پەرۋانە بولۇپ ئىشلىدى. مەيلى ئاغرىقلار يېرىم كېچىدە ئىشىك قاقسۇن ياكى شەنبە، يەكشەنبە، ھېيت ـ بايراملاردا چاقىرسۇن دەرھال كېسەللەرنىڭ يېنىغا كىرەتتى، تەكشۈرەتتى، ھالىغا يېتەتتى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي قىلچە ۋايسىمايتتى. ئاغرىقلار مىننەتدار بولۇپ كۆڭلىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدىغا پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى قويسا قەتئىي رەت قىلىپ قايتۇراتتى. كەسىپتىكى قابىللىق، بىمارلارغا بولغان ئىللىق مۇئامىلە، ئېسىل ئەخلاق ئۇنى پىچاندا تېزلا مەشھۇر دوختۇرغا ئايلاندۇردى. ئۇ، 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياچېيكا شۇجىسى بولغاندىن كېيىنمۇ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلارنى قىلچە يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دوختۇرخانا خىزمىتىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرەتتى. ئۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە B دەرىجىلىك لاياقەتلىك دوختۇرخانا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن، ئارمىيە، خەلق ئورتاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئۈچىنچى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

1998 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەشكىل ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىچاننىڭ سەھىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇنى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ بۇ

ئورۇنغا يۆتكەلگەندىن كېيىن دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ دوختۇرخانىلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى جانلاندۇردى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سەھىيە ئىدارىسى 2001 – يىلى ناھىيە دەرىجىلىك كەسپتە مەدەنىي، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە مۇنەۋۋەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامغا، 2002 – يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيلىك ئورۇن، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگىلىك ئورۇن دېگەن شەرەپلىكناملارغا مۇيەسسەر بولدى. 2002 – يىلى 3 – ئايدا تەشكىل ئۇنى تەرەققىياتتا قوشنا دوختۇرخانىلاردىن خېلىلا ئارقىدا قالغان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا قوشۇمچە مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن سەھىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر ياقلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىپاخانىنىڭ خىزمىتىنى تۇتتى. ئۇ ئالدى بىلەن كېسەل بىرىنچى، مۇلازىمەت بىرىنچى، تېخنىكا بىرىنچى، ئۈنۈم بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچىدىن ئىبارەت بەش بىرىنچىنى ئىسلاھات ئىچىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى. ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت، ئەڭ ياخشى تېخنىكا، ئەڭ ئەرزان ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۇرغۇزدى. دوختۇرخانا مالىيىسىدە 300 مىڭ يۈەن قەرز بار، داۋالاش ئەسلىھەلىرى قالاق، دورا ئامبىرىدا تۇزۇك دورمۇ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا 80 مىڭ يۈەنلىك دورا كىرگۈزۈپ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. قىممىتى بىر مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى قەرزگە سېتىۋالدى. قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدىلا بىر مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك سەپلىدى.

دادىللىق بىلەن ئىچكى ئۆلكە چوڭ دوختۇرخانىلاردىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ بۆرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، ئېلېكترو

كاردىئوگرام بۆلۈمى، B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ھورداق بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرنى قۇرۇپ دوختۇرخانا خىزمەتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈردى.

2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەشكىل شىپاخانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، شىپاخانىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەبىبۇللا ھۆسەيىننى سەھىيە ئىدارىسىدىكى خىزمەتلىرىدىن ئازاد قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بارلىقىنى شىپاخانىغا ۋە بىمارلارغا بېغىشلاپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەتكە چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شەنبە، يەكشەنبىسى، دەم ئېلىش كۈنلىرى، ھېيت ـ بايراملىرى يوق ئىدى. گاھىدا يېرىم كېچىدە، دەم ئېلىش كۈنلىرى كېسەللەردىن ياكى ياش دوختۇرلاردىن قايسىبىرى ئېغىر كېسەل كەلگەنلىكى، قايسىبىرى ئېغىر كېسەلنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ دورا ۋە ئوكۇللار تەسىر قىلمايۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى تېلېفوننى ئالسىلا دەرھال شىپاخانىغا قايتىپ ئاغرىقلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى...

ئۇ ئامبۇلاتورىيىدە مۇقىم ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرەتتى. قولى ئازراق بوشىسىلا ياتاقتىكى ئېغىر كېسەللەرنى تەكشۈرەتتى. دوختۇرخانا ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى بولسىمۇ ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈش جەريانىدا بىجىرەتتى.

مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ياكى ئۆزى ۋاقىت چىقىرىپ دەرس ئۆتۈپ، كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەيتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى 180% تىن ئېشىپ كەتتى. شىپاخانىدا ساقىيىپ شىپا تاپقانلار كۆپىيىپ، شىپاخانىنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمى كۈنسايىن ئاشتى. نەتىجىدە، 2002 ـيىلى بىر مىليون 260 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، شىپاخانا

قۇرۇلۇپ 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورد يارىتىلدى. 2003 - يىلى يىل ئاخىرىدا بولسا بۇ سان يەنە بىر قاتلىنىپ ئاز كەم 2 مىليون 300 مىڭ يۇەنگە يەتتى. شىپاخانىمىز شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋىلايەت بويىچە بىڭتۇەن بىلەن ھەمكارلاشقان تۇنجى « ھەمكارلىق دوختۇرخانىسى » بولۇپ قۇرۇلدى. يەنە ۋىلايەت بويىچە « سەھىيە قىزىل بايراقدارى » ، « مال باھاسىدىكى ئىشەنچلىك ئورۇن » ( ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ) ، 2004 - يىل 8 - مارتتا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن « ئاياللار خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن » ، 2004 - يىل 19 - ئاپرېل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن « ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ياشلار كوللېكتىپى » دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋە شىپاخانىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى كۆپ قېتىم تۇرپان گېزىتى، پىچان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تۇرپان ژورنىلى « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى، « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلى، « قىزىل بايراق جەۋلان قىلماقتا » ( خەنزۇچە: مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان قامۇس ) ، « يېڭى ئەسىردىكى تەپەككۇر » ( خەنزۇچە تونۇشتۇرۇلىدىغان ) ... قاتارلىقلاردا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى.

ھەبىبۇللا ھۆسىيىن يەنە قىسقىغىنە خىزمەت تارىخىدا ھەرقايسى ئورۇنلار تەرىپىدىن 50 قېتىمدىن ئارتۇق خىزمەت ئىلغارى، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مەدەنىيەتلىك خىزمەتچى، ئىلغار شەخس، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن مۇكاپاتلاندى.

ئۇ 1999 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭيى قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان « جۇڭگو سەھىيىسىنىڭ 50 يىللىق مۇساپىسى » ، 2001 - يىلى 6 - ئايدا ئۇيۇشتۇرۇلغان « ئەڭ يېڭى

سەھىيە داۋالاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قامۇسى » دې-
گەن چوڭ كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشتى.

« يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكى بار بىمارلار قومغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار » قاتارلىق بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانا باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋىراچلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك تېببىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇرپان ۋىلايەتلىك تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتى داۋالاش ھادىسىلىرىنى تېخنىكىلىق باھالاش مۇتەخەسسىسلىرى ئامبىرىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيىلىك تېببىي پەنلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پىچان ناھىيىلىك پەن مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، پىچان ناھىيىلىك 6 ـ، 7 ـ، 10 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. 12 ـ، 13 ـ، نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. 9 ـ، 10 ـ نۆۋەتلىك پىچان بازارلىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. شىپاخانا باشلىقى، ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە مۇدىر ۋىراچ. ئۇ، 23 يىللىق داۋالاش خىزمىتى جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان مول كلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئۇرغۇنلىغان بىمارلارنى ئۆلۈم گىرداۋىدىن قايتۇرۇپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئۆزىنى خەلقنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھەبىبۇللا ھۆسىيىنىنىڭ تەرجىمىھالىنى تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

كېسەلگە رېنتگېن خۇددى كۆزلىرى،
بىمارغا بال ناۋات دائىم سۆزلىرى.
شاگىرتقا كۆيۈمچان گويا بىر ئاتا،
ئەل ئۇچۇن پەرۋانە دائىم ئۆزلىرى.

يۇرتۇم دەپ راھەتلىك يۇرتتىن كەچتىڭىز،
بىمار دەپ ئاراملىق كۈندىن كەچتىڭىز،
پاكلىق دەپ قۇت ئامەت زەردىن كەچتىڭىز،
خەلقىم دەپ ئەمەل تاجىدىن كەچتىڭىز.

# 2 . ياقۇپ ئابدۇراخمان



ياقۇپ ئابدۇراخمان 1966 – يىلى 1 – ئايدا پىچاندا تۇغۇلغان . 1987 – يىلى 8 – ئايدا تۇرپان تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىنى ، 1999 – يىلى 4 – ئايدا شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن .

1987 – يىلى 8 – ئايدا خىزمەتكە چۈشكەن بولۇپ ، ئىلگىرى – كېيىن ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ، پىچان ناھىيىلىك ئانا – بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەتچى، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، بۆلۈم مەسئۇلى ، پونكىت باشلىقى ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن .

1993 – يىلى 2 – ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 2000 – يىلى 12 –ئايدا مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن .

2003 – يىلى 2 – ئايدىن ھازىرغىچە شىپاخانا ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كەسىپكە مەسئۇل مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە .

ئۇ 2003 – يىلى 7 – ئايدا ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە سارس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ ، ئىلغار ئىش – ئىزلىرى تۇرپان گېزىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ 20 يىلغا يېقىن خىزمەت تارىخىدا ئىدارە ، ناھىيە ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 10 قېتىمدىن كۆپرەك ئىلغار شەخس ، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى . ئۇنىڭ « 60 نەپەر قىزىل كېسىلىنى ئېپىدېمىئولوگ-

يىلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلات » ، « تەسىرى ئوخشاش دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ » ، « ئامبۇلاتورىيىدە دەسلەپتە داۋالانغان ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىرىنى ئانالىز قىلىش » ، « يېڭى توي قىلغان ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى نېمە ئۈچۈن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ ؟ » قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى « شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تېببىي ئىلمىي ژۇرنىلى » ... قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ 1998 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك ۋە پىچان ناھىيىلىك تېببىي ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولدى.

## 3 . رەشىدە تۆردى



رەشىدە تۆردى 1966 – يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . 1982 – يىلى 7 – ئايدا قاراماي شەھەرلىك نېفىت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن . 1982 – يىلى 7 – ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇدۇق بۇرغۇلاش باشقارمىسىغا ئىشقا چۈشكەن . 1986 – يىلى 1 – ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكەلگەن . 1986 – يىلى 9 – ئايدا شىپاخانا ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان 1995 – يىلدىن 2002 – يىلى 3 – ئايغىچە پىچان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. 2002 – يىلى 3 – ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان . ئۇ ھازىر شىپاخانىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە . 2002 – يىلى 7 – ئايدا پارتىيىگە ئەزا بولغان . ئۇ ، 1994 – يىلدىن ھازىرغىچە 23 قېتىم ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ، ناھىيىلىك JH ئىدارىسى ، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ، ئىلغار خىزمەتچى ، مۇنەۋۋەر شەخس ، ئۈلگىلىك ئائىلە ، 5 تە ياخشى مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئەزاسى ، ئىلغار ئوتتۇرا قاتلام كادىرى ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان . 1995 – يىلىدىن 2002 – يىلىغىچە ئۇدا 7 يىل يىللىق باھالاشتىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان ۋە

مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 2002 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى باھالاپ كىرگۈزگەن ئۇلگىلىك 22 نەپەر مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ باھالانغان. 2003 ـ يىلى شىپاخانا تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، لەمجىن يېزىسى، پىچان ناھىيىسى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن سارس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

# 4 . پاتىمە تۇرسۇن



پاتىمە تۇرسۇن 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1968 – يىلى 9 – ئايدا سابىق شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇر-خانىسى ئايالLLار كېسەللىكلىرى تۇغۇت بۆ-لۈمىگە خىزمەتكە چۈشكەن. 1984 – يىلى چىڭدۇ – خۇاشى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئايالLLار كېسەللىكلىرى ساھەسىدە بىلىم ئاشۇرغان.

1990 –، 2000 – يىللاردا بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قا-تارلىق جايلاردا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلەش جەريانىدا يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەمە-لىيلەشتۈرگەن. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئايال-لار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان 30 نەچچە يىلدىن بېرى ئاز بولمىغان بىمارلارنى داۋالاپ، سانسىزلىغان ھا-ياتلىققا سەۋەب قىلىپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا مول كلىنىكىلىق دا-ۋالاش تەجرىبىسىگە ۋە بىرقەدەر يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ 20 نەچچە خىل تەتقىقات نەتىجىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق تىببىي ژورناللاردا ئېلان قىلىن-غان. ئۇ 2002 – يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىشلىگەن، جۈملىدىن ناھىيىمىزدىكى ھەرقايسى تىببىي ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن ناھىيىمىزگە كېلىپ، ئايالLLار كېسەللىكلىرى ۋە تۇغۇت

ئوپېراتسىيىخانىسى قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت ئايال بىمارلىرىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشتا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. ئۇ 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىپاخا رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن شىپاخانىمىزغا كېلىپ ئاياللار كېسەللىكلىرى، تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسلىكىگە ۋە بۆلۈم مەسئۇللۇقىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ جۇڭخۇا ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى راككا قارشى تۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، پېچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋە بۆلۈم مەسئۇلى. ئاياللاردىكى تۈرلۈك ئۆسمىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىش، بالىياتقۇ چىقىۋېلىشنى ئوپېراتسىيە قىلىش، تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ئىشلەش، تۇغۇت بۆلۈم ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ۋە تۇغماسلىق كېسىلىنى داۋالاش، Ⅲ ، Ⅱ دەرىجىلىك سىرتقى جىنسىي ئەزا يېرىقىنى داۋالاش، تۈرلۈك بالىياتقۇ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوپېراتسىيىلەرنى ئىشلەش، بالىياتقۇ Ⅱ، Ⅲ دەرىجىدە سىرتقا چىقىپ قېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جىنسىي يولدىن بالىياتقۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى ئىشلەشكە ۋە داۋالاشقا ماھىر. ئۇ 30 نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا ئۇستۇن تېخنىكىسى ۋە زور تۆھپىلىرىگە ئاساسەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن نۇرغۇن شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان.

## 5 . ئالىم بەكرى



ئالىم بەكرى 1966 - يىلى پىچاندا تۇغۇلغان بولۇپ، 1985 - يىلى تۇرپان تېببىي مەكتەپنىڭ پىچاندا ئاچقان دوختۇر تەربىيەلەش شۆبە سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ 1986 - يىلى 4 - ئايدا لۈكچۈن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. 1987 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ ناركوز بۆلۈمىدە ناركوز قىلىشنى ئۆگەنگەن. 1988 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ كۆز بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1989 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە يۇقىرىقى ئورۇننىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئۆگەنگەن. 1990 - يىلى 2 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ چىقىپ، 1995 - يىلىغىچە 5 يىل ناركوز دوختۇرى بولغان. 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1996 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمىنى 3 يىل مەخسۇس ئوقۇغان.

1999 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە يۇقىرىقى ئورۇننىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە يەنە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان.

2000 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە مەسئۇل ۋىراچ دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن.

2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىپاخانىمىزغا يۆتكىلىپ كېلىپ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچى ۋە بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئالىم بەكرى ناركوز كەسپىدە ناھىيىمىز تەۋەسىدە مول تەجرىبىگە ۋە ئالاھىدە نوپۇزغا ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ھەر خىل ئىغىر، مۇرەككەپ سۇنۇقلارنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا، قالقانسىمان بەزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشقا شۇنداقلا قورساقتىكى ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى ھەر خىل مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشقا، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بالىياتقۇنى پۈتۈن ئېلىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى ئىشلەشكە، بۆرەكتىكى تاشنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، داۋالاشقا ناھايىتى ماھىر.

ئۇ 2004 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىپاخانا تەرىپىدىن مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ ھازىر تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ، دورا بۆلۈمىنىڭ ۋە كەسپىي بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

# 6 . مۆمۈنجان ئابدۇراخمان



مۆمۈنجان ئابدۇراخمان 1963 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پىچان بازىرىنىڭ سايدۆڭ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1985 - يىلى 6 - ئايدا خوتەن تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش كەسپىنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاپ شۇ يىلى 9 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ خىزمەتتە تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغاچقا رەھبەرلىك ئۇنى 1992 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىنى خىزمەتتە ئىشلىتىپ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇشىغا سەرىپ قىلغان. 1995 - يىلى 12 - ئايدا تېرە كېسەللىكلىرى كۆرسىدا ئوقۇغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 20 يىللىق تارىخىدا دورا زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى، ئىچكى كېسەللىكلەر ياتاق بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ۋە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ 1988 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1994 - يىلى 9 - ئايدا ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ خىزمەت تارىخىدا 5 قېتىم مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، 8 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، 3 قېتىم ئىلغار بۆلۈم مۇدىرى، 2 قېتىم ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئاغرىقلاردىن 11 پارچە مىننەتدارلىق لەۋھەسى تاپشۇرۇۋالغان. 8 پارچە ئىلمىي ماقالىسى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ياش تېۋىپلار تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان. 2000 - يىلى خوتەندە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 1 پارچە ئىلمىي ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2003 - يىلى 1 پارچە ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، ياش تېۋىپلار ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى. شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، پالەچ، سۆڭەك ئۆسۈش كېسىلى، بەرەس، تەمرەتكىلەرنى داۋالاشقا ماھىر. ئۇ 2004 - يىلى 5 - ئايدا شىپاخانىمىز تەرىپىدىن مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىققا تەكلىپ قىلىندى.

# 7 . ئابلىز توخنىياز



ئابلىز توخنىياز 1972 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پىچاندا تۇغۇلغان. 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شىپاخانىغا خىزمەتكە چۈشكەن. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا شەھەرلىك مەقئەت ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ 10 ـ ئايغىچە 6 ئاي مەقئەت ـ ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى جۇڭيىچە، غەربچە داۋالاش بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇپ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شىپاخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇۋاسىر كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بۇ بۆلۈمدە مەسئۇل دوختۇر بولۇپ 1999 ـ يىلىغىچە نۇرغۇن بۇۋاسىر كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ شۇ يىللاردا «غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان مەقئەت ئويۇقچە ياللۇغى ۋە مەقئەت ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» قاتارلىق 3 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. 1999 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە ئىچكى بۆلۈمدە ئىشلىگەن. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئىشخانا مەسئۇلى بولغان. 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە كەسپىي بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 10 يىللىق خىزمەت جەريانىدا بىر قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، 1 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك بەشتە ياخشى مەدەنىيەت-

لىك ئائىلە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئىككى قېتىم تەكلىپ بىلەن مىللىي تېبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ ئىككى پارچە ماقالىسى يىغىندا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى، شىپاخانا ئىشخانىسىنىڭ، ياچېيكا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە كەسپىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى. 2004 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ شىپاخانا تەرىپىدىن مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا تەكلىپ قىلىندى.

## 8 . ئابلىكىم ھېمىت



ئابلىكىم ھېمىت 1961 - يىلى تويۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 - يىلى قەشقەر تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن ھەم شۇ يىلى شىپاخانىغا خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ 21 يىللىق خىزمەت تارىخىدا دورا پىششىقلاش بۆلۈمىنىڭ كەسپىي خادىمى، باشلىقى، كەسپىي بۆلۈم باشلىقى، دورا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1998 - يىلى مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ پۈتۈن خىزمەت جەريانىدا 15 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 10 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسى كەسپىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيىلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ھازىر شىپاخانىمىز دورا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# 9 . يۇسۇپ داۋۇت



يۇسۇپ داۋۇت 1949 – يىلى 10 – ئاينىڭ 10 – كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1956 – يىلىدىن 1965 – يىلىغىچە پىچان ناھىيەلىك تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

1966 – يىلى پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن سەھىيە نازارىتى پىچاندا ئاچقان 6 ئايلىق دوختۇر تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ غەرب تېبابەت دوختۇرى ( يالاڭ ئاياق دوختۇر ) بولۇپ 1973 – يىلىغىچە پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. 1971 – يىلى جۇڭيى تېبابىتى بويىچە كاناي ياللۇغىنى داۋالاش كۇرسىغا قاتنىشىپ 6 ئاي ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ئەترىتى بىلەن بىللە ئىشلىگەن. 1973 – يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھىيىلىك چارۋىچىلىق رايونى تېببىي پونكىتىغا دوختۇر قىلىپ بەلگىلىنىپ، چارۋىچىلارنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولسا يەنە بىر تەرەپتىن تاغدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تونۇشۇپ، ھەم ئۇلارنى يىغىپ بۇ دورىلارنى سىناق قىلىپ ھەم ئەمەلىيەتتە بىمارلارغا ئىشلىتىپ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە داۋالاش ئېلىپ بارغان. 1975 – يىلى پىچان ناھىيىلىك بازارلىق تېببىي پونكىت قۇرۇلغاندا سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پونكىت باشلىقى ھەم دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 – يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك سەھىيە

باشقارمىسى ئورۇنلاشتۇرغان، پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى باشقۇرغان لۈكچۈندە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تېۋىپ تەربىيىلەش كۇرسىدا 6 ئاي ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان.

1977 – يىلىدىن باشلاپ جاڭ تېببىي پونكىت ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمچىسىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە كېسەل كۆرۈپ داۋالاشقا كىرىشكەن. 1979 – يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك «باش تەمرەتكىسىنى داۋالاش» ئەترىتىگە قاتنىشىپ، باش تەمرەتكىسىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 – يىلى يەرلىك پوقاق كېسىلىنى داۋالاش دولقۇنىدا ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خاندودا پوقاق كېسىلىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان.

1982 – يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا بېرىپ بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان.

1984 – يىلى پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 – يىلى شىپاخانىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا رەئىس بولۇپ سايلانغان. 1989 – يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرغان.

1993 – يىلى شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى مەكتىپىدە 6 ئاي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدا ئوقۇغان. 1993 – يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە ئىچكى كېسەللىكلەر مەسئۇل ۋىراچلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1991 – يىلى «كالىي تۆۋەنلەش كېسىلىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. 2001 – يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – –

كونى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شىپا-
خانىنىڭ قانۇنىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى سالاھىيەت گۇ-
ۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. يۇسۇپ داۋۇت ئىچكى كېسەللىكلەر بۆ-
لۇمىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ
خىزمەت قىلماقتا. ئۇ بۆرەك، تېرە، جىنسىي كېسەللىكلەر ۋە
راك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تەجرىبى-
لەرنى توپلىغان. ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخىدا شى-
پاخانا، ناھىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن
20 قېتىمدىن ئارتۇق ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ
باھالانغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەر-
لىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىپاخانا ئىچكى كېسەللىكلەر
بۆلۇمىنىڭ پېشقەدەم تېۋىپى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

# 10 . ئىلنىياز روزى



ئىلنىياز روزى 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىچان يېزىسىنىڭ كىچىك مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1970 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1977 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا تېڭىقچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىشكە بارغان. ئۇ بۇ يەردە ئاتاقلىق تېڭىقچى ئەبەيدۇللا ھەزەيدۇللادىن مەخسۇس تەلىم ئالغان. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىپ كېلىپ دەسلەپ پىچان يېزىسىنىڭ كىچىك دادۇيدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلى شىپاخانا قۇرۇلغاندا شىپاخانىغا يۆتكىلىپ چىققان. 1983 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىپاخانا سۆڭەك بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر تېبابەت تاشقى كېسەللىكلىرى ئىلمى بويىچە مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمي جەمئىيىتى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمي جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. ئۇنىڭ «يۇلغۇن يىلىمىنىڭ شىپالىق رولى» دېگەن بىر پارچە ئىلمي ماقالىسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ، 1983 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولغان.

ئىلنىياز روزى شىپاخانا سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنى قۇرغۇچى ئاساسلىق كىشى بولۇپ، 25 يىللىق تېڭىقچىلىق ھاياتىدا نۇرغۇن سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى تېڭىپ داۋالىدى. ئىلنىياز روزى ھېلىھەم بارلىقىنى سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ كەلمەكتە.

# 11. روسۇل نىياز



روسۇل نىياز 1949 – يىلى 10 – ئاينىڭ 15 – كۈنى پىچاندا دۇنياغا كەلگەن. 1956 – يىلى پىچاننىڭ دۆڭبازا يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1966 – يىلى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ئاچقان 6 ئايلىق دوختۇر تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ غەربچە داۋالاش بويىچە يالاڭ ئاياغ دوختۇر بولۇپ تەربىيىلەنگەن. ئاندىن دۆڭبازا يېزىسىنىڭ چوڭ ئەترىتىدە يالاڭ ئاياغ دوختۇر بولغان. 1976 – يىلى 5 – ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى لۈكچۈندە ئاچقان تېۋىپ تەربىيىلەش كۇرسىدا 6 ئاي ئوقۇغان.

1977 – يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ غەربچە داۋالاش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئوقۇشتىن قايتىپ تاكى 1981 – يىلى يىل ئاخىرىغىچە دۆڭبازا يېزا تاۋا دادۇيدە غەرب ۋە، ئۇيغۇر تېبابىتىدىن پايدىلىنىپ كېسەل كۆرۈپ كەلگەن. 1982 – يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قۇرۇشنى تەستىقلىغاندا 2 يىل قۇرۇلۇشقا تەييارلىق قىلىش بىلەن قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولۇپ، 1984 – يىلى شىپاخانا رەسمىي ئىش باشلىغانغا قەدەر ئىشلىگەن. شىپاخانا رەسمىي ئىش باشلىغاندىن كېيىن دەسلەپ دورىخانىدا دورىگەر، كېيىن دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، قوم بىلەن داۋالاش ئورنىنىڭ دوختۇرى، ئامبۇلاتورىيە دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن، ھازىر ياتاق بۆلۈمىنىڭ ياش دوختۇرلار يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

روسۇل نىياز 30 يىلدىن ئارتۇق تېۋىپلىق ھاياتىدا مىڭلىغان تومۇر كېسەللىكلىرىدىن پالەچ كېسەللىكىنى نۇقتىلىق داۋالاپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ياش تېۋىپلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. پالەچ كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە ھەم جۇڭيىچە قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالىدى. يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن 1993 ـ يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. مەسئۇل ۋىراچ روسۇل نىياز ھازىرمۇ ياش دوختۇرلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ياتاقتىكى بىمارلارنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولماقتا.

# 12 . ئابلەي مەتنىياز



ئابلەي مەتنىياز 1965 ــ يىلى پىچاندا تۇغۇلغان . 1986 ــ يىلى ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى شىپاخانىغا ئىشقا چۈشكەن .

1988 ــ يىلى 12 ــ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت تېخنىكچىلىق كۇرسىنى، 1995 ــ يىل 6 ــ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ چوڭلار مائارىپى سىنىپىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن. بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ئابلىمىت يۈسۈپ قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت تېۋىپلىرىدىن مەخسۇس تەلىم ئالغان. ئۇ خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن دورا زاۋۇتى، دورا ئامبىرى، قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ياتاق بۆلۈمى، بازار ئامبۇلاتورىيىسى، ئامبۇلاتورىيە قاتارلىق بۆلۈملەردە دورا ياساش خادىمى، ئامبارچى، تېۋىپ، تېخنىكچى بولۇپ ئىشلىگەن .

1995 ــ يىلى ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا، 2000 ــ يىلى 12 ــ ئايدا مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1985 ــ يىلىدىن هازىرغىچە: ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، خوتەن گېزىتى، قۇمۇل پەن ــ تېخنىكا گېزىتى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، « بىلىم ــ كۈچ» ژۇرنىلى، « شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى ژۇرنىلى، شىنجاڭ

گېزىتى ، « شىنجاڭ ئاياللىرى » ژۇرنىلى، تۇرپان گېزىتى، غەربىي رايون سودا ــ سانائەت گېزىتى ، « تۇرپان » ژۇرنىلى ، شىنجاڭ ياشلىرى، « تارىم » ژۇرنىلى، « تارىم غۇنچىلىرى » ، « ئاتەش نەپەسلەر » ، « تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى » قاتارلىق گېزىت ، ژۇرنال ، رادىئو ــ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە كىتابلاردا 100 پارچىدىن ئوشۇق تېبىبىي ئىلمىي ماقالە، ھېكايە، شېئىر ، چۆچەك ، يۇمۇر قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. 10 پارچىدىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرۇلۇپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. 1997 ــ يىلى 4 ــ ئايدا يىچان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان. ئابلەي مەتنىياز ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ــ دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياش تېۋىپلار تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## 13 . سەيلاخان سەيپۇل



سەيلاخان سەيپۇل 1963 – يىلى 11 – ئايدا تۇغۇلغان. 1983 – يىلى 3 – ئايدا تۇرپان تېببىي مەكتەپنىڭ سېستىرالىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ لۈكچۈن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. 1984 – يىلى 11 – ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكەلگەن. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىدە سېسترا، دورىگەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1990 – يىلىدىن باشلاپ شىپاخانا ئاياللار خىزمىتى ھەم پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ كەلدى. 1999 – يىلى 4 – ئايدا مەسئۇل ۋىراچ سېستىرالىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2003 – يىلى يىل بېشىدىن باشلاپ شىپاخانا باش سېستىرالار باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 20 يىلدىن ئوشۇق خىزمەت ھاياتىدا 20 قېتىمغا يېقىن شىپاخانا، ناھىيە، ۋىلايەت تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە مۇنەۋۋەر سېسترا بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ پەرۋىشكە ئائىت 3 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى 2002 – يىلى غۇلجىدا ئېچىلغان مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇ خىزمەت جەريانىدا قەيەردە ئىش ئالدىراش، ئېغىر بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەپ، كوممۇنىستلارغا خاس

بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئاغرىقلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ ئاغ-رىقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# 14 . رىزۋانگۇل باۋۇدۇن



رىزۋانگۇل باۋۇدۇن 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان. 1994 ـ يىلى تۇرپان تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشكەن. 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان.

2003 ـ يىلى كەسپكە ئائىت بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئىچكى ئۆلكىدىكى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئاياللار كېسەللىكلىرى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. رىزۋانگۇل باۋۇدۇن ھەر خىل قىيىن تۇغۇتلارنى بىر تەرەپ قىلىش، تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىشقا ماھىر.

## 15 . شازادىخان سەيپۇل



شازادىخان سەيپۇل 1960 – يىلى تۇغۇلغان.

1980 – يىلى تۇرپان تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى 9 – ئايدا پىچان يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئىشقا چۈشكەن. 1984 – يىلى 3 – ئايدا شىپاخانىغا يۆتكەلگەن. ئۇ شىپاخانىدا ئىشلىگەن 20 يىلدىن بۇيان سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، دورىخانا، دورا زاۋۇتى قاتارلىق جايلاردا سېسترا، دورىگەر بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن. 1992 – يىلى 12 – ئايدا مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## 16 . رەيھانگۈل ئىسمايىل



رەيھانگۈل ئىسمايىل 1968 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پىچاندا تۇغۇلغان. 1991 ـ يىلى قەشقەر تېببىي مەكتەپىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىپاخانا دورا زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشكەن . 2000 ـ يىلى دورا پىششىقلاش بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ هازىرغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەسئۇل دورىگەر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان .

# 7 . شىپاخانىمىزدىن دەم ئېلىشقا چىققان كەسپىي خادىملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

## 1 . قاھار سۇلتان



قاھار سۇلتان 1949 ـ يىلى پىچان يېزىسىنىڭ كۆكيار مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1966 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى پىچاندا ئاچقان دوختۇر تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇپ غەرب تېبابىتىنى ئۆگەنگەن. 1967 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1974 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق رايونىدا تېببىي پونكىتىنىڭ دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1982 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن 1984 ـ يىلى يىل بېشىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىلىم ئاشۇرۇپ داڭلىق ئۇيغۇر تېبابەت پېشۋاسى ئىلىخان ھەزرىتىمدىن مەخسۇس تەلىم ئالغان. 1986 ـ يىلى يىل بېشىدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن.

1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىپاخانا باشلىقى بولغان.

1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك

ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇي-
غۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان.
شۇنىڭدىن باشلاپ يۇقىرىقى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئاچقان ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە
تاپشۇرغان ھەم ماقالىسى يىغىنلاردا ئالماشتۇرغان. 1993 – يىلى
ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
1996 – يىلى شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان.
2004 – يىلى 2 – ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ شىپاخانىغا مەسئۇل بولغان 16 يىل جەريانىدا شىپاخانا
ئۇچۇن كۆپ تەر ئاققۇزدى. سەييارە داۋالاش، بازار ئامبولاتورىيىسى
قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، خەلققە قولايلىق ياراتتى. شىپاخانىدا
گۈللۈك باغ پەرپا قىلىش، ياتاق بىناسى سېلىش، شىپاخانا دا-
ئىرىسىنى كېڭەيتىش، بىر قىسىم خادىملارنى تەربىيىلەش، بىر
قىسىم داڭلىق دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ خادىملارنى تەربى-
يىلەش، ياسالما دورا شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۇ-
چۇن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن شىپاخانا خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلسا يەنە
بىر تەرەپتىن كېسەل كۆرۈپ تېۋىپلارغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئۇ 30 نەچچە يىللىق تېۋىپلىق ھاياتىدا بەرەس، كالا تەمرەت-
كىسى قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى،
بۆرەك كېسەللىكلىرى، راك كېسەللىكلىرى ئۈستىدە كۆپ قې-
تىم ئىزدىنىپ مول تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ
«سۆگەلنى داۋالاش تەجرىبەم» قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي ماقا-
لىلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بەش

پارچە ئىلمىي ماقالىسى مىللىي تىبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلدى. ئۇ 30 نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخىدا 30 قېتىمغا يېقىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارى بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

ئۇ پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن يەنىلا كۈرەش قىلماقتا.

## 2 . ئابدۇللا توختى



ئابدۇل توختى 1942 – يىلى 6 – ئايدا پىچان يېزىسىنىڭ شۆگە مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 – يىلى شىنجاڭ جۇڭيى ئىنىستىتۇتىنىڭ دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى 9 – ئايدا سانجى ئوبلاستىنىڭ جىمسار ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. جىمسار ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەش جەريانىدا دورىگەرلىك ساھەسىدە ئوقۇغان نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ دورا باشقۇرۇش، دورىلارنى تەتقىق قىلىش، دورا ياساش، مىكروبسىز دورا ياساش جەھەتتە باشلامچى بولۇپ دوختۇرخانا ئۈچۈن زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەرگەن ۋە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. جىمسار ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا 30 يىل ئىشلەش جەريانىدا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ بۆلۈم باشلىقى، دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوختۇرخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھەمدە دوختۇرخانا بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس، ئوبلاست بويىچە ئىشچى – خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئىلغار شەخس قاتارلىق شان – شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. 1993 – يىل 11 – ئايدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پىچان ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، 1995 – يىل 5 – ئايغىچە پىچان ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىدا ئىشلىگەن.

1995 – يىلى 5 – ئايدا پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت

شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولغان. ھەم شۇ يىلى مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇللا توختى شىپاخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، دوختۇرخانىدىكى باشقا رەھبەرلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ شىپاخانىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە كەسپىي ئەخلاق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، شىپاخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش، دورا ياساش ۋە دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىنى تېخنىكىلىق يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش، شىپاخانا قائىدە - تۈزۈملىرىنى تولۇقلاپ، شىپاخانىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، شىپاخانىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئابدۇللا توختى 2002 - يىل 10 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، ھازىر دەم ئېلىشتا.

## 3 . يۇسۇپ سېتى



يۇسۇپ سېتى 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1959 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. 1960 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە لۇكچۇن، پىچان ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە قەدەر پىچان ناھىيىسىنىڭ سەھىيە، مائارىپ مەدەنىيەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 كۈنىدىن 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە شىپاخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان.

بۇ مەزگىلدە شىپاخانا ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلات، تەشۋىقاتتىن ئىبارەت تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تۈرغۈزۇلدى.

دوختۇر ۋە سېستىرالار ئىچىدىكى ئىلغارلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، پارتىيە قوشۇنى كۈچەيتىلدى. قاھار سۇلتان، مۆمىن ئابدۇراخمان، ئابلەي مەتنىياز، سەيلاخان، ھەمدۇل كېرەم قاتارلىق كىشىلەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، بىمارلار ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت روھ تۇرغۇزۇلدى.

يۇقىرىقىدىن باشقا شىپاخانىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش،

ياتاق بىناسى سېلىش، داۋالاش سايمانلىرىنى تولۇقلاش، شىپاخانا مۇھىتىنى كۆكەرتىش دورىلارنى تولۇقلاش، داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شىپاخانا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر كىشىلىك ئەجىر سىڭدۈردى.

يۈسۈپ سېتى 1995 – يىلى 7 – ئايدا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئائىلىسىدە دەم ئالماقتا.

# 4 . ئۆمەر تۇرسۇن



ئۆمەر تۇرسۇن 1936 – يىلى 5 – ئاينىڭ 15 – كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازار ساي ياقىسى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز مەھەللىسىدە تاماملىغاندىن كېيىن، 1958 – يىلى 6 – ئايدا ئۈرۈمچى تېبىبىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملاپلا خىزمەتكە قاتناشقان.

1960 – يىلدىن 1973 – يىلغىچە لۈكچۈن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان. 1974 – يىلدىن 1983 – يىلغىچە ناھىيىلىك چارۋا پونكىتىدا ( مورى يۇۋەنچۇەندە ) تېبىبىي پونكىتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن.

1977 – يىلى 2 – ئاينىڭ 10 – كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان.

1983 – يىلى بېشىدىن 1987 – يىلى 3 – ئايغىچە لۈكچۈن يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 – يىلى 3 – ئايدىن 1987 – يىلى 3 – ئايغىچە پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1987 – يىلى 3 – ئايدىن 1989 – يىلغىچە ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمىدە بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 – يىلى مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989 – يىلدىن 1996 – يىلى 1 – –

ئايغىچە پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلى‑گەن. 1996 ‑ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 1997 ‑ يىلى 6 ‑ ئاي‑نىڭ 12 ‑ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇم ئەينى چاغلاردا شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقاندى. ئۇنىڭ بىلىمى مول بولۇپ، تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى. گەرچە ئاچچىقى يامان بولسىمۇ بىراق كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى.

## 5 . نايىت ئىسمايىل



نايىت ئىسمايىل 1929 – يىلى 5 – ئايدا پىچان ناھىيە پىچان يېزا شوگە كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1929 – يىلىدىن 1936 – يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1937 – يىلىدىن 1946 – يىلىغىچە شوگە باشلانغۇچ مەكتەپنى ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1947 – يىلى تۇرپان رايونىدا قوزغالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1951 – يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1955 – يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1960 – يىلىدىن 1966 – يىلىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1972 – يىلىدىن 1974 – يىلىغىچە لەمجىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1974 – يىلىدىن 1977 – يىلىغىچە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1978 – يىلىدىن 1984 – يىلىغىچە پىچان يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، 1985 – يىلى يىلى بېشىدىن 1986 – يىل يىل بېشىغىچە پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى بولغان. 1987 – يىلىدىن 1992 – يىلىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1992 – يىلى 4 – ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ 2002 – يىل 8 – ئاينىڭ 9 – –

كۆنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. يولداش نايىت ئىسمايىل پاك ياشىغان، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن. ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن. ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالغان ھەقىقىي بىر كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇ شىپاخانا پارتىيە قوشۇنىنىڭ روزىيىشىدا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان كىشى. شىپاخانىدىن روسۇل نىياز، يۈسۈپ داگۇت، ئابلىكىم ھىمىت قاتارلىقلارنى تەربىيىلەپ پارتىيە قوينىغا قوبۇل قىلغان.

# 6. ئەبەيدۇللا ھامۇت



ئەبەيدۇللا ھامۇت 1928 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىدە بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلى 6 - ئايدىن 1952 - يىلى 2 - ئايغىچە سابىق ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىمات بويىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان. 1965 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1980 - يىلى 8 - ئايدا پىچان ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق بۆلۈمىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇ چاغدىكى ناھىيە رەھبەرلىرىدىن ئابلا يۇسۇپ، ئارىز ھامۇت، مەريەمخان كوجاڭ، ئىمىن سەيپۇللا بوجاڭ، ياقۇپ شەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرگە ناھىيىمىزدە ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شىپاخانا قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. 1982 - يىلى 6 - ئايدا شۇ چاغدىكى ناھىيە رەھبەرلىرى شىپاخانا قۇرۇشنى تەستىقلاپ، ئەبەيدۇللا ھامۇتنى شىپاخانا تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەبەيدۇللا ھامۇت شىپاخانا قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ ئالدى بىلەن شۇ مەزگىللەردىكى بەلگىلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئاساسىغا ئىگە تېۋىپلاردىن قاھار سۇلتان، يۇسۇپ داگۇت، مەخمۇت توختىياز، نەجمىدىن قارى قاتارلىق كىشىلەرنى ناھىيە

مەسئۇللىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ماكانى بولغان، داڭلىق تېۋىپلار يېتىلگەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا بىر يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ( بۇ كىشىلەر كېيىن شىپاخانىنىڭ غوللۇق خادىملىرى ھەم مەسئۇللىرى بولۇپ قالدى. ) ھەمدە شىپاخانىدا ئىشلەيدىغان خادىملارنى تاللاش، قوبۇل قىلىشتا شۇ چاغدىكى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرى ھەم ئۇيغۇر تېبابەت كەسىپلىرىدە مول بىلىمى بولغان كىشىلەردىن روسۇل نىياز، يۇسۇپ داگۇت، قاھار سۇلتان، ھامۇت قارى، رىشىت روزى، ئىلىنىياز روزى قاتارلىق خادىملارنى ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ تەستىقى بىلەن شىپاخانىغا قوبۇل قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن.

شىپاخانا قۇرۇلۇشى ئىقتىسادى ئۈچۈن سەھىيە نازارىتىگە 17 قېتىم ، رەئىس ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ قېشىغا ئالتە قېتىم چېقىپ بىر بۆلەك پۇل ۋە ماتېرىياللارنى يەنى دورا سوقۇش ماشىنىسى، ئازاد ماركىلىق ماشىنا قاتارلىقلارنى ھەل قىلغان. ئېلىپ كەلگەن پۇللارغا بولسا ۋاقىتلىق ياتاق، دورا زاۋۇتى، ماشىنا ئۆيى ، ئاشخانا ، پارقازان ئۆيى، قورشاۋ تام قاتارلىقلارنى سالدۇرغان، بىرمۇنچە كارىۋات ئىشخانا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالغان .

ئۇرۇمچىگە چىقىپ ــ كېلىشىنىڭ چىقىمىنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئىداردىن ئاتچوت قىلدۇرغان بولسىمۇ يەنە بىر بۆلىكىنى ئۆز يېنىدىن خىراجەت قىلغان. شىپاخانىنىڭ ئالدى ــ كەينىگە 200 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن. دورا زاۋۇتىدا دورا سوقىدىغان ئىشلارغا بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ھەقسىز ئىشلەتكەن. ئۇ خام دورا مەسىلىسىنى ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ دورا يىغىش ئۈچۈن باش بولۇپ مورى تاغلىرىدىن، يەرلىكتىن نۇرغۇن دورا يىغقان. قىزىل سىگىر، كۆكيار قاتارلىق جايلاردىن گاۋزىبان، ھىڭ، ئۇدسەلىپ، ئۇستىقۇددۇس، سۆرۈنجان ، سېرىق يۆگەي ، يانتاق شېكىرى قاتارلىق بىرمۇنچە

دورىلارنى يىغىپ كەلگەن.

يەرلىكتىن چىقمىغان دورىلارنى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن ئەڭ ئەرزان باھادا ئىزدەپ تېپىپ ئالغان. ئۆزى نۇرغۇن جاپا چەككەن بولسىمۇ شىپاخانا ئۈچۈن نۇرغۇن قان تەر تۆكۈپ زور مىقداردا ئىقتىساد تېجەپ بەرگەن. ئۆزى ھاۋانچا بىلەن نۇرغۇن دورىلارنى سوقۇپ تەييارلاپ شىپاخانا ئۈچۈن نەچچە كىشىلىك كۈچ چىقارغان. قىسقىسى شۇ مەزگىللەردە ئەبەيدۇللا ھامۇت ئاكا بارلىقىنى شىپاخانىغا بېغىشلىغان. شىپاخانىنى ئىلمىي باشقۇرۇش، داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇغان ئەبەيدۇللا ھامۇت ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ تەستىقى بىلەن 1985 – يىلى يىل بېشىدىن 1986 – يىلى يىل بېشىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مۇنچە كېسەللەرنى داۋالاپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا مۇدھىش راك كېسەللىكى يەنى ئاشقازان، قىزىل ئۆڭگەچ، 12 بارماق ئۈچەي، بوغماق ئۈچەي راكلىرى ئەبەيدۇللا ھامۇتقا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. قەيسەر ئەبەيدۇللا ھامۇت راك كېسەللىكى بىلەن 4 يىل 8 ئاي كۈرەش قىلدى ئاخىرى شۇم ئەجەل ئۈستۈن كېلىپ ئەبەيدۇللا ھامۇت ئاكىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇ، 1993 – يىلى 7 – ئاينىڭ 7 – كۈنى 66 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. مەرھۇم ھايات چېغىدا ئاق كۆڭۈل، پاك، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئۇيغۇر تېبابىتىنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پەزىلەت ئىگىسى ئىدى.

مەرھۇمنىڭ شىپاخانا ئۈچۈن تۆككەن قان تەرى، ئەجرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭ شىپاخانىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە ئوينىغان تۈرتكىلىك رولى شىپاخانا تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلغان تىنىمسىز ئەمگىكى — شىپاخانا بىلەن مۇڭگۈلۈك يادلانغۇسى!

# 7 . تۇرسۇن قارى ھاجى



تۇرسۇن قارى ھاجى 1925 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۇنى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزا سۇ بېشى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

تۇرسۇن قارى ھاجى 4 ياشقا كىرگەندە ئوقۇشقا كىرگەن. تۇرسۇن قارى ھاجى 1929 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە تۇيۇق غوجام مەدرىسىدە ئەرەب، پارىس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ پارس تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ ھەر خىل ماتېرىياللارنى بىمالال تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

1945 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە مەشھۇر تېۋىپ ئەۋەيت ئاخۇندىن تېبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن.

1950 - يىلىدىن باشلاپ سۇ بېشىدا بىر داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇپ ئەۋەيت ئاخۇن بىلەن بىرگە كېسەل كۆرگەن. 1955 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۇيۇق يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. 1956 - يىلى 3 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيە دوختۇرلىرى تۇرپاندا بىر يىللىق كۇرس ئاچقاندا، تۇرسۇن قارى ھاجى شۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتنىشىپ، كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى 10 - ئايدا ھۆكۈمەت شتاتىغا ئۆتكەن. تۇرسۇن قارى ھاجى غەرب تېبابىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغاچقا نۇرغۇن

بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقان. بىرمۇنچە شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. تۇرسۇن قارى ھاجى 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ سالامەتلىكى يار بەرگەن شارائىتتا ئۇزۇن مەزگىل ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىنى رەتلەپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىگە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

# 8 . هامۇت قارى



پىشقەدەم تېۋىپ هامۇت قارى 1931 ـ يىلى پىچاننىڭ دىغار يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. هامۇت قارى دەسلەپ لۈكچۈن مەدرىسىدە، كېيىن شۇ چاغدىكى داڭلىق تېۋىپ توختى شاڭجاڭدىن دىنىي، تېببىي تەلىم ئالغان. 1958 ـ يىلى پىچانغا كۆچۈپ چىقىپ، چوقتام دادۇيدە تۇرسۇن دوختۇر بىلەن بىرگە دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن.

1976 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى پىچان ناهىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىدا ئاچقان تېۋىپ تەربىيىلەش كۇرسىدا مەخسۇس ئوقۇغان . ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىدا دوختۇر ( تېۋىپ ) بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلى پىچان ناهىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى، قوشۇمچە دورا ئامبىرىنىڭ ئامبارچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلى رەئىس ئىسمايىل ئەمەت شىپاخانىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەندە ئىسمايىل ئەمەتنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ رەئىسنىڭ ماختىشىغا، قايىللىقىغا سازاۋەر بولغان. 85 ـ، 86 ـ، 87 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شۇنداقلا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى بولغان هەم كۆپ قېتىم يۇقىرىقى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇهاكىمە يىغىنلىرىغا قات-

ناشقان. 1993 ــ يىلى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بويىچە ئىچكى كې-
سەللىكلەر مەسئۇل ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1994 ــ يىلى يىل بېشىدا شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

هامۇت قارى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ئۆ-
يىگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. كەڭ بىمارلارنىڭ
كۈچلۈك تەلىپى ۋە ئېهتىياجى بىلەن بازار ئىچىدە مەسچىت ئال-
دىدىن بىر ئۆينى ئېلىپ كىچىك بىر ئامبۇلاتورىيە ئېچىپ بىر-
قانچە يىل ئىشلىگەن. كېسەل داۋالاشتىكى تەسىرلىك ئىش ــ
ئىزلىرى پىچان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇ-
لۇپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان.

نۇرغۇن رېتسېپلىرى «توختى ئىمام رېتسېپلىرى» نامىدا ۋە
«شېكەر سىيىش كېسەللىكىنىڭ ئاددىي داۋالاسى» دېگەن ئىلمىي
ماقالىسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ
ئاياللار كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەل-
لىكلىرىنى داۋالاشقا ماهىر. ئۇ 1983 ــ يىلى مەملىكەتلىك
پەن ــ تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئەمگەك كا-
دىرلار مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى
تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئۇزۇن مۇددەت پەن ــ
تېخنىكا بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دېگەن شەرەپ گۇۋاهنامىسى بې-
رىلگەن. هامۇت قارى 2003 ــ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 72
يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# 9 . ئابدۇرېشىت روزى



ئابدۇرېشىت روزى 1949 – يىلى 7 – ئايدا پىچان كېچىكتە تۇغۇلغان. 1966 – يىلى سەھىيە نازارىتى پىچاندا ئاچقان دوختۇر تەربىيىلەش كۇرسىدا 6 ئاي غەرب تېبابىتى ئۆگەنگەن كېيىن داڭلىق تېۋىپ ئابدۇراخمان بەگدىن 2 يىل ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆگەنگەن. ئۆگىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىدە 1983 – يىلىغىچە ئىشلىگەن.

1983 – يىلى پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە كېسەل كۆرگەن ھەم بۆلۈم مەسئۇلى بولغان. 1985 – يىلى پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، كېيىن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى بولغان. 1987 – يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1993 – يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلىرى بويىچە مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ تېرە كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، كۆيۈك، زىققا، جىگەر كېسەللىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ مول تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ «ئا. ب تىپسىز جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ھەققىدە» قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ماقالىلىرى «ئۇيغۇر

تېبابەتچىلىكى» ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ھەم ئىلمىي جەمئىيەت يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرۇلۇپ گۇۋاھنامە بېرىلدى.

ئۇ 30 نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخىدا 30 نەچچە قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ ھەرقايسى ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئىلغار ئىش - ئىزلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ 2000 - يىلى شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن يەنىلا ئىزدىنىپ كەلمەكتە.

## 10 . ئابلىتىپ يۇسۇپ

مەرھۇم ئابلىتىپ يۇسۇپ 1948 ـ يىلى پىچان يېزىسىنىڭ شوّكە مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ كېيىن ناھىيىلىك كۆمۈر كان ۋە سودا ئىدارىلىرىدا خىزمەت قىلغان.

شىپاخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن شىپاخانىغا يۆتكەلگەن. ئۇ شىپاخانىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىبابەت تېڭىقچىلىق كەسپىگە زور ئىشتىياق باغلاپ، تېڭىقچى بولۇشقا تىرىشقان. شىپاخانا رەھبەرلىكى ئابلىتىپ يۇسۇپنىڭ تىرىشچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە 1 يىل بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئابلىتىپ يۇسۇپ بۇ يەردە بىر يىل تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 53 ياشتا قازا قىلغانغا قەدەر شىپاخانىمىزنىڭ سۆڭەك بۆلۈمىدە 10 يىل جاپالىق ئىشلەپ، شىپاخانىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. ئۇ ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ياخشى تېڭىقچىمىز ئىدى.

# 11 . مەخمۇت توخنىياز

تېۋىپ مەخمۇت توخنىياز 1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۇيۇق يېزىسىدا داڭلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى توخنىياز ئۇلاتاھاجى دىنىي ئۆلىما ۋە داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، مەخمۇت تۇغۇلغاندا، ئاتا مىراس تېبابەتچىلىككە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئوغلىنى تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن تەربىيىلەشنى كۆڭلىگە پۈككەن.

مەخمۇت توخنىياز 6 ياشقا كىرگەندە مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1959 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن بىرگە بوش ۋاقىتلاردا ئاتىسى توخنىياز ئۇلاتا ھاجىدىن تېبابەتچىلىك ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە پارس، ئەرەب تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. شۇ يىللاردا تۇيۇق يېزىسىدا ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە كېسەللىككەلەرنى داۋالاپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

1969 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە تۇيۇق يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1982 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن 1984 ـ يىلى يىل بېشىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىلىم ئاشۇرغان.

1984 ـ يىلى يىل بېشىدىن يىل ئاخىرىغىچە پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئىچكى بۆلۈمىدە دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن.

1985 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان ئائىلىسىدە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

# 8 . پىچاندا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلار

پىچان — تۇرپان ۋادىلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەركىزى ئوردىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جايدا نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى، ھۆكۈمالار يېتىشىپ چىققان ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۇرتكىلىك رول ئويناپ كەلگەن.

1985 - يىلى پىچاندا ئۆتكەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقتىن شۇ كىشىنىڭ 8 - ئەۋلادى بولغان ئابلىمىت ئاخۇنلۇقىچە ( 1942 — 1879 ) بىرمۇنچە تېبىبىي ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كەلگەن. بۇ كىشىلەر ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان قارابادىن كەبىرى، قارابادىن قادىرى، شىپائى قۇلۇپ، دەستۇرۇل ئىلاج، تېبىبىي خارەزىم، مەخزەن ھىكمەت، مۇجىبى ئاقسارايى، ئىكسىرئەزەم، تېبىبىي يۇسۇفى، تېبىبىي زۇمرەت، زەخىرە غىياز ( رەسىملىك تېبىبىي لۇغەت ) قاتارلىق كىتابلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئاغرىقلارنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ كەلگەن. بىز تۆۋەندە قولىمىزغا چۈشكەن بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسەن پىچاندا ئۆتكەن تېۋىپلارنىڭ ئىسىملىكىنى بايان قىلىمىز

1 - ئەۋلاد مەشھۇر ھۆكۈما غوجامنىياز ئاخۇنلۇق( 1685 — 1777 )

بۇ كىشىدىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەت باقى ئاخۇنلۇق، ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق شاگىرتى مۇھەممەت ئېزىز يار قاتارلىقلار 2 - ئەۋلاد تېۋىپ بولۇپ تېبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرغان. ( ئۇلار

بۇنىڭدىن 250 يىللار ئىلگىرى ياشىغان. )

3 ـ ئەۋلاد مەشھۇر تېۋىپ: مەخسۇت ئاخۇنلۇق ( 200 يىل بۇرۇن ياشىغان ) ، فەرقۇزات، ئابدۇقېيىيۇم تەيجى.

4 ـ ئەۋلاد تېۋىپلار خېۋىر ئاخۇن ( 150 يىل بۇرۇن ياخشىغان ) . هامۇت باقى تەيجى، مىنەم تەيجى.

5 ـ ئەۋلاد تېۋىپلار: گۇپ ئاخۇنۇم ( ۋاھاب ئاخۇنۇم — بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ياشىغان. مۇھەممەت مىر ئاتاۋۇللا، ئىبراھىم تەيجى، موللا توختى، ئىلى بەگ، ئابدۇنەسىر ئاخۇن، ناسىر بەگ، ئەۋەيىت ئاخۇن، ئاۋۇت نىياز شىر، بەكرى ئاخۇن، توخسۇن خەلپەت، كېرەم ئاخۇن.

6 ـ ئەۋلاد تېۋىپلار: ئابلىمىت ئاخۇنۇم ( ھەمدۇللار خەلپىتىم زاماندىاش تېۋىپلار، 50 يىل بۇرۇن ياشىغان ) ، توخنىياز دوختۇر، سىتنىياز ھاجىم، ئابدۇل ئاخۇن دوختۇر، ئابدۇراخمان بەگ، مەتنىياز ئىمام، قاسىم موللا، مەتنىياز موللا، سادىق ئىمام، داگۇت مىراپ، ئاتاۋۇللا ئىمام، ھەمدۇل دوختۇر، نىياز ھەسەن، سەيپۇل ئىمام، ھېزىز موللا، مەتنىياز دوغا، سىلىم سەپتىگور، جەپەر دوختۇر، ئەيسا تۆمۈرچى، ئىبراھىم چىراقچى، توختىمەمەت موللا، ئىلىنىياز دوختۇر، نەمەت دوختۇر، كازىم ئاخۇن خەلپەت، قاسىم داموللام، نىياز يوپاڭ.

7 ـ ئەۋلاد تېۋىپلار: توختى شاڭجاڭ، نىياز بەگ، ئابدۇرېھىم بەگ، سادىق دوختۇر، تۇرسۇن قۇربان، ئىبراھىم دوختۇر، قادىر كاتىپ، روزى ئىمام، ئابدۇل ھافىز ...

دورىگەرلەر: بىدىمايزىن، ھافىز شەيىخ، قادىر ئاخۇن، نىياز ئاخۇن ( پۇلداڭ ) ، قاسىم دورىچى، غوجامنىياز قارىم، ياقۇپ خاتىپ ئاخۇن، ئابلا غورا يېگەن ، ئابلا دورىگەر، توخنىياز تەنەڭ، نۇر ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر پىچاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تېبابىتى ئار-قىلىق نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان داۋا سەۋەب قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىنى مۇشۇ كۆنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىشتە پىچاندا زور رول ئوينىغان. تۆۋەندە بىز بىر قىسىم مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

# 1. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق مىلادى 1685 - يىلى لۇكچۇن شەھىرىدىكى ئاتاقلىق مۆتىۋەر، دىنىي ئۆلىما ئابدۇللا ھەمدۇل ھەق ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق بالىلىق چاغلىرىنى ئائىلە تەربىيىسىدە ئۆتكۈزگەن. 14 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 19 يېشىغىچە لۇكچۇن جاھاننامە مەدرىسىدە ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرى، شەرىئەت، قانۇن، ھېساب ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. 19 يېشىدىن 26 يېشىغىچە يەكەنگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. چۈنكى يەكەن ئەينى دەۋردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، يەكەن مەدرىسى چوڭ ئىلىم مەركىزى ئىدى. (شۇ چاغلاردا يەكەنگە ئالىملار يىغىلغان ئىدى) يەكەن مەدرىسىدە شۇ دەۋردىكى ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ تىل ئەدەبىيات، ئىلمىي نۇجۇم، تىبابەتچىلىك شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ھەر تەرەپلىمە ئەتراپلىق يېتىشىپ چىققان. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ياشىغان دەۋر شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان، لۇكچۇندىكى ئوردىنىڭ ھوقۇقى جۇڭغارلار ھامىيلىقىدىكى غوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، قۇمۇل چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭغارلار لۇكچۇندىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇننى تالىشىپ، توختىماي جەڭ بولۇۋاتقان دەۋرلەر ئىدى.

غوجامنىياز ئاخۇنلۇق يەكەندىن لۇكچۇنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تىبابەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ھالال كەسىپنى تاللىۋالدى.

بۇ دەۋرلەردە تېبابەت ئىلمى خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلمىگەن. تۈرلۈك فېئوداللىق خاراكتېردىكى ئادەم ئالدايدىغان داخانلىق، پېرخۇنلۇق قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى كەڭ ئەۋج ئېلىپ كېسەلگە دۇچار بولغۇچىلار كېسەل بولسا داخان، پېرخۇنلارغا كۆرۈنىدىغان، كېسەللەرگە سەۋەب قىلمايدىغان، خۇراپاتلىق ئېغىر ئەۋج ئالغان مەزگىللەر ئىدى. تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. غوجىنىياز ئاخۇنلۇق لۇكچۇندە تېبابەت سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا خەلق ئالەم ئارىسىدا شۆھرەت تاپتى. نۇرغۇنلىغان ئاغرىقلار بۇ خىزىر سۈپەت، پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىنىڭ قولىدا شىپا تاپتى.

غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئۇستا تېۋىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ زاماننىڭ كىشىلىرى تەرىپىدىن غايىپنى ئالدىن بىلىدىغان، ھەرقانداق ئىشتىن بېشارەت بېرەلەيدىغان خىسلەتلىك كىشى دەپ مۇبالىغىلاشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە لۇكچۇن ئامانشا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەمۇربەگ ھاجى ئۆزلىرىنىڭ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: خوجامنىياز ئاخۇنلۇق بىر كۈنى ناماز ئوقۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆرتەڭ غولىدىكى ئارشاڭ ئۇنىڭغا ئايان بوپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇشۇ ئارشاڭنى تېپىشقا نىيەت قىلىپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ زاماندا ئۆرتەڭ غولدا بىرمۇنچە ئائىلىلىكلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئات، كالا، قوي، ئۆچكە باقىدىكەن. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ھەر يىلى يازدا ئۆرتەڭ غولىغا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن يىغقىلى چىقىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ۋە بۇ يەرنىڭ ھەر بىر تاغ جىرالىرى بۇ كىشىگە بەش قولدەك تونۇش ئىكەن. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئارشاڭنى تېپىش ئۈچۈن ئۆرتەڭ غولغا چىقىپتۇ ۋە بۇ يەردىكى چارۋىچىلاردىن بىرسىنىڭ ئۆچكە بېقىپ،

غولنىڭ يۇقىرىسىغا بارغاندا بىر دانە ئۆچكىنىڭ پۇتى تىزىغىچە سۇغا كىرىپ كېتىپ، پۇتىنىڭ يۇڭلىرى چۇشۇپ شىمايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق دەرھال « تاپتىم » دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە چارۋىچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېلىقى يەرگە بېرىپتۇ. قارىسا تاغنىڭ قاپتىلىدىكى بۇلاقتىن ئىسسىق سۇ چىقىۋاتقۇدەك. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپتۇ ۋە تەكرىدىن مۇشۇ بۇلاقتا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان ئارشاڭ سۈيى ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئۆرتەڭ غولدىكى سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ، ئارشاڭغا ئۆتىدىغان يولغا شۇ ئەتراپتا تۇرغان يوغانلىقى ئۆيدەك كېلىدىغان بىر تاشنى غولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكەپ بېرىشنى تەكرىدىن تىلەپتۇ. ۋە ھاسىسىنى شۇ يەرگە سانجىپتۇ. ھەمدە تاشنى ھاسىسى بىلەن نوقۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ شۇ كېچىسى چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە تۈنەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ھېلىقى يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئارشاڭ بۇلاقنىڭ سۈيى بىرسى ئىسسىق، بىرسى سوغۇق، بىرسى تاتلىق، بىرسى ئاچچىق ھەر خىل تەمگە كىرىپ قالغان ئىكەن. ھېلىقى يوغان تاش غولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرغىدەك. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن كۆۋرۈك ياسىتىپتۇ ۋە ئارشاڭ سۇلىرىنىڭ ھەر خىل شىپالىق رولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ھازىرقى ئارشاڭنى ئاچقان ئىكەن.

بۇ رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۆرتەڭ ئارشاڭنىڭ ئېچىلىشى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئۇزۇن يىل دورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ مېۋىسى. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئۆرتەڭ ئارشاڭغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن ئارشاڭ سۈيىنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئارشاڭنى ئىسسىق ئارشاڭ، سوغۇق ئارشاڭ، گۈڭگۈرت ئارشاڭ، تۇغۇت ئارشاڭ، مۆتىدىل ئارشاڭ، يۈرەك ئارشاڭ، جاراھەت ئار-

شاڭ قاتارلىق تۆرلەرگە ئايرىدى.

ئۆرتەڭ ئارشىڭى تەخمىنەن مىلادىيە 1730 - يىللاردا ئېچىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيانقى 270 يىل جەريانىدا لۈكچۈن، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل نۇرغۇنلىغان ئاغرىقلار كېلىپ داۋالىنىپ كەتكەندىن تاشقىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئاممىسىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئاغرىقلار بۇ ئارشاڭدا شىپا تاپتى.

ئەينى دەۋردە لۈكچۈندىكى ۋاڭ غوجىلارمۇ ھەر يىلى ياز پەسلىدە ئارشاڭدا داۋالىنىش ۋە تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئارشاڭغا چىققان. شۇ مەزگىللەردە ئارشاڭغا ئۆي سېلىنغان. ئارشاڭ سۈيى ئاقىدىغان كۆلچەكنىڭ ئۈستىگە ياغاچ تاختاي قويۇلغان .

ئارشاڭ ئېچىلغاندىن كېيىن غوجامنىياز ئاخۇنلۇق ئارشاڭنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس سەپتەرگۈر بەلگىلىدى. دەسلەپتە تاغدا ئاتا بوۋىسىدىن تارتىپ چارۋا بېقىپ كەلگەن قىدىر ھاجى دېگەن كىشىنىڭ بوۋىلىرىدىن نەچچە ئەۋلاد كىشى ئارشاڭغا سەپتەرگۈر بولدى. مىلادىيە 1920 - يىللىرى نەسەبى غوجامنىياز ئاخۇنلۇققا بېرىپ تاقىلىدىغان مامۇت سەپتەرگۈر دېگەن كىشى ئىككى قېتىم ئارشاڭنى قىدىر ھاجى ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋالدى. مىلادىيە 1930 - يىللاردا مامۇت سەپتەگۈر تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارشاڭنىڭ سەپتەرگۈرلىكى قىدىر ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدى.

مىلادىيە 1934 - يىلى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوجىنىياز ھاجى پىچانغا كەلگەندە ئارشاڭنىڭ سەپتەرگۈرلۈك دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئەۋلادى مەشھۇر تېۋىپ ئابلىمىت ئاخۇنلۇققا ئارشاڭنىڭ سەپتەرگۈرلۈكىنى ئېلىپ بەردى. ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئۇزۇن يىللار رېمونتسىز

قالغان ئارشاڭنىڭ يول، كۆۋرۈك، ئۆي قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلدى، ئارشاڭ سۈيىنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئارشاڭ سۈيىنى شىپالىق رولىغا ئاساسەن يۈرەك ئارشىڭى، باش ئاغرىقى ئارشىڭى، كۆز ئارشىڭى، قۇلاق ئارشىڭى، چىش ئارشىڭى، يۆتەل ئارشىڭى، بەل ئارشىڭى، پۇت ئارشىڭى، مۆتىدىل ئارشاڭ، ئىسسىق ئارشاڭ، قورساق ئارشىڭى، توغۇت ئارشىڭى، گال ئاغرىقى ئارشىڭى، بوۋاسىر ئارشىڭى قاتارلىق 15 تۈرگە ئايرىپ، ئارشاڭنىڭ داۋالىنىش جەھەتتىكى شۆھرىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. كېيىن ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئۆز ئۆيىدە ياتاقلىق دوختۇرخانا ئېچىپ، ئارشاڭنى باشقۇرۇشقا چولىسى تەگمىدى. ئارشاڭنى يەنە قىدىر ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى ئازادلىققىچە باشقۇرۇپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئارشاڭنىڭ زېمىن تەۋەلىكى تۈرپان ناھىيىسىنىڭ سىڭگىم رايونىغا قاراشلىق چالقان كەنتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چالقانلىق سۇلتان موللا بارات سېخى دېگەن كىشى ئارشاڭغا سەپتەرگور بولدى. خوجامنىياز ئاخۇنلۇق ياشىغان دەۋرلەردە لۈكچۈنگە ئەھمەد باقى بەگ ھۆكۈمران بولغان بولۇپ، ئۇ بىلىملىك ئۆلىما كىشى ئىدى. كېيىن ئىمىن غوجا لۈكچۈنگە بەگ بولدى. بۇ دەۋرلەردە بەگلىكتە مەھكىمەئى شەرئى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، شەرىئەتكە ياتىدىغانلىكى مەسىلىلەر مەھكىمەئى شەرئىدىكى قازىلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. غوجامنىياز ئاخۇنلۇق تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى ئوردا مەھكىمە شەرئىنىڭ قازىسى، لۈكچۈننىڭ ئاخۇنى، لۈكچۈن مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى، ئوردىنىڭ خاس تېۋىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

غوجامنىياز ئاخۇنلۇق تېۋىپلىق قىلىش بىلەن نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق، مۇھەممەت باقى ئاخۇنلۇق، مۇھەممەت ئېزىز يار قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابەت پې-

شىۋالىرى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققانلار.

غوجامنىياز ئاخۇنلۇق «تېببىي يۇسۇفى» قاتارلىق بىر قىسىم قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان. غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق، مۇھەممەت باقى ئاخۇنلۇق، ئەۋەيىت ئەلەم ئاخۇنلۇق، مەخسۇت ئاخۇنلۇق، ئابدۇقادىر ئاخۇنلۇق، ئابدۇخېۋىر ئاخۇنلۇق، ئابدۇل ۋاھاب ئاخۇنلۇق، ئابلىمىت ئاخۇنلۇق قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار لۈكچۈننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلىم - پەن، قانۇنشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

غوجامنىياز ئاخۇنلۇق مىلادىيە 1777 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن لۈكچۈندە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىدى ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن (بەزىلەر چۈشىدە بېشارەت بولغان دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ) خاندۇ غوجامئالدى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ ھەم خاندۇ غوجامئالدى قەبرىستانلىقىدا ساقلانماقتا.

# 2 . ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق ( قىسورى )

مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لۈكچۈننىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا بىر يۇلتۇز چاقنىدى. بۇ ئاتاقلىق تېۋىپ، شائىر ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇق ( قىسورى ) ئىدى. قىسورى 1717 يىلى لۈكچۈننىڭ مەدرىس ئالدى مەھەللىسىدە شۇ زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ۋە تېببىي ھۆكۈما غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى. قىسورى باللىق چاغلىرىنى دادىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقتىن بىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. كىچىكىدىنلا ئىلىم مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلىغان بۇ زېرەك بالا، دادىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. قىسورى ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ مىلادىيە 1735 ـ يىلى خانلىق مەدرىسەنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا باردى.

قىسورى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە تېبابەتچىلىك ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىدى ۋە قەشقەردىكى ئاتاقلىق تېۋىپلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەدرىسەدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىدى.

قىسورى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1741 ـ يىلى لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسەسىگە باش مۇدەررىس ۋە لۈكچۈنگە ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىچە يول تۇتۇپ مەدرىسەدە بۇرۇن يولغا قويۇلغان ئەرەب،

پارس تىلىدا ئوقۇشنى، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا ئۆزگەرتىپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئەرەب، پارس تىلىدىكى دەرسلىكلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچەرتكۈزدى. ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى يازدى. تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شېئىر مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. قىسورى تېبابەتچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ دەۋزەتۇل زۆھرە ( كۆكلەم باغ ) ناملىق داستاندىن باشقا يەنە، غەزەل مۇخەممەس، مۇئەمما ۋە رۇبائىيلاردىن تۈزۈلگەن بىر شېئىر توپلىمى بار بولۇپ هازىرغىچە مەلۇم بولمىغان.

ئۇ بەگ ئوردىسىنىڭ خاس تېۋىپى بولسىمۇ يەنە ئاجىز، پېقىرلارنى ھەقسىز داۋالايتتى. ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىلمىي تېبابەتچىلىك ئارقىلىق ئېرىشكەن مال مۈلكىنى تالىپلارنى تەشكىللەپ تۇرلۇك تېبابەتچىلىك، ئەدەبىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ مەسچىت، مەدرىسلەرگە ۋەخپە قىلدۇرۇش، غېرىپ مىسكىنلەرگە ئىئانە قىلىش ئارقىلىق مال دۇنيا توپلاشقا بېرىلمەي غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەن قىسورى 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ مىلادىيە ( 1827 ـ يىلى لوكچۇندە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى ئۆزىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تۇيۇق ئەسھا بولكەھف مازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلىندى. ئالىمنىڭ قەبرىسى بىر زىيارەتگاھ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# 3 . ئابلىمىت ۋاھابى

ئابلىمىت ۋاھابى ئاخۇنلۇق 1870 – يىلى لۈكچۈننىڭ مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈما ئابدۇلۋاھاپ ئاخۇنلۇقنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇ ئابدۇل ھاۋاپ ئاخۇنلۇقنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى. تارىختىن بۇيان كىشىلەر ئابلىمىت ۋاھاب ( ئاخۇنلۇق ) نى « ئابلىمىت ئاخۇن » دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق تېبىبى ھۆكۈما غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ 8 – ئەۋلادى بولۇپ، بوۋىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلغان لۈكچۈن يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن تېبابەت پېشۋاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابلىمىت ئاخۇننىڭ بوۋىلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تېبىبى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان لۈكچۈن خان ئوردىسىدا ئوردىنىڭ خاس تېۋىپى بولۇپ كەلگەن. لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىدە نەچچە ئەۋلاد « ئەلەم ئاخۇنلۇق » قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شۇڭلاشقا غوجامنىياز ئاخۇنلۇقتىن ئابلىمىت ئاخۇنلۇققىچە بولغان بىر ئەۋلاد كىشىلەر تارىختىن بۇيان « ئاخۇنلۇق » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق 10 يېشىغىچە ئائىلىسىدە تەربىيە ئالغان. 1880 – يىلىغا كەلگەندە ئاتا – ئانىلىرى بىلەن سۇ بېشىغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى ۋە سۇ بېشىدىكى تېيىپ ئاخۇندىن تەلىم ئالدى. كېيىنچە لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇدى. ئۇ بالىلىق مەزگىلىدە ناھايىتى زېرەك، تىرىشچان، ئەخلاقلىق بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ خۇسۇسىي موللا ( ئوقۇتقۇچى ) تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇۋاھاپ ئاخۇنلۇق ئەينى مەز-

گىلدە لوكچۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خاس تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە لوكچۇن ۋاڭلىق تەۋەسىدە تېبابەتچىلىكتە ۋايىغا يەتكەن زات ئىدى. ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ۋە بۇ ھەقتىكى كىتابلار ۋە ئۆزگىچە رېتسېپلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، يۇرەكلىك ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، كېسەللەرنى شىپا تاپقۇزغانلىقتىن ئەل ئىچىدە شان شۆھرىتى بارغانسېرى ئېشىشقا باشلىغان.

1925 - يىلىغا كەلگەندە ئابلىمىت ئاخۇنلۇق مەخسۇس ياتاقلىق دوختۇرخانا قۇردى. ئابلىمىت ئاخۇنلۇق بىمارلارنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان تۈركىي يېزىقىدىكى « تېببىي يۇسۇپ » دېگەن كىتابنى دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تۈزىتىش كىرگۈزۈپ قايتا يېزىپ چىقتى. يەنە ئۆزى توپلاپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلارغا ئاساسەن تۈركىي يېزىقىدا مەخسۇس بىر تېببىي كىتاب يېزىپ چىققان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كىتابنى بالىلىرىغا مىراس قالدۇرغان. ئەپسۇس بۇ كىتاب « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا يوقىلىپ كېتىپ ھازىرغىچە تېپىلمىغان.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىدە بارغانسېرى كامالەتكە يېتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تونۇلغان. 1930 - يىللىرىغا كەلگەندە قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچى، مورى، گۇچۇڭ، قارا شەھەر، قەشقەر، كۇچار، خوتەنلەردىنمۇ ئاغرىقلار شىپا تېپىش ئۈچۈن ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنى ئىزدەپ كېلىشكە باشلىغان. شۇ مەزگىلدە ئاغرىقلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئابلىمىت ئاخۇنۇم تېخىمۇ چوڭراق ياتاقلىق دوختۇرخانا ئېچىش قارارىغا كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن ئايالى خېلىچە خې-

نىم، ئىنىسى ھېۋىپ ئاخۇن، چوڭ ئوغلى ئەۋەيت ئاخۇن، كىچىك ئوغلى نىياز بەگ، كېلىنى پاتىمە خېنىم قاتارلىقلارغا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەتكەن. ئۇلار تومۇر تۇتۇش، دورا تونۇش، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش، ۋە يىغىش، دورا تەييارلاش، كېسەللىكلەرنى كۆتۈش قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ كەسپىگە يار يۆلەك بولغان. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى جان كۆيدۈرۈپ خەلقنى داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ شۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ياتاقلىق دوختۇرخانىسىدا تېببىي خادىملار يېتىشتۈرگەنلىكتىن دادىللىق بىلەن شاگىرت قوبۇل قىلغان. تۇرپانلىق ئابدۇنەسىر قارى، مۇتىللا قارى ھاجىم، لۈكچۈنلۈك ئابدۇراخمان بەگ، ئابلاخۇن، گۇچۇڭلۇق ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان ئابلاجان، تۇيۇقلۇق توخنىياز ئۇلاتا ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغان. بۇ كىشىلەر ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، مەخسۇس ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىدىن تەلىم ئالغان ۋە ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسلۇبى، ئىلمىي رېتسېپلىرىنى يولغا قويۇشقا بىۋاستە قاتناشقان. بۇ كىشىلەر بىر مەزگىل ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇ زاتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدا مۇستەقىل ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقنى داۋالاش ئىشلىرىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ كىچىك ئوغلى نىياز بەگ كېيىنكى مەزگىللەردە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئاتىسىنىڭ رېتسېپلىرىغا ئاساسەن يازغان ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى بويىچە داۋالاش توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق مىللىي تېبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللى‍نىش جەريانىدا يەنە تۇرپان ئويمانلىقىدا ۋە تەڭرىتاغ بويلىرىدا ئۆسىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى بايقاش، تېرىش، يىغىش، تەتقىق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەجىر سىڭدۈردى. ئۆزىگە تەۋە بولغان «كىچىك كارىز» نىڭ يەرلىرىگە پۈتۈنلەي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ، داۋالاش ئىش‍لىرىغا ئىشلەتتى. ھەر يىلى ياز پەسلىدە تەڭرى تاغلىرىغا چىقىپ مەخسۇس دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپ كېلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى خەلقنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. بۇۋىسى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق تەرىپىدىن تېپىلغان ئۆرتەڭ غولىدىكى ئار‍شاڭ سۇلىرىنىڭ شىپالىق رولىدىن تولۇق پايدىلاندى. ئۆرتەڭ ئارشاڭ غولىغا كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، ئارشاڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق يۈكسەك تېببىي ئەخلاققا، كۆچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولۇپ، پۇلى يوق، قولى قىسقا كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالىغاندىن سىرت ئۇلارنى قۇرۇق قول قاي‍تۇرماي دورا، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ يولغا سالاتتى. يىراقتىن كەلگەن كېسەللەرنى ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالىغاندىن سىرت ئۇلارنىڭ ئات ئۇلاغلىرىغىمۇ مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ قاراتقۇزغان. ئابلىمىت ئاخۇنلۇق ئۆز ھاياتىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ۋاڭ، ئە‍مەلدارلارنى داۋالاپ كېسەللىنى شىپا تاپقۇزغان بولۇپ، شىڭدۇبەن‍نىڭ خوتۇنى ئاغرىپ قالغاندا ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنى مەخسۇس ئۈ‍رۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىدە تۇرغۇزۇپ كېسەل داۋالاتقۇزغان. 1930 ـ يىلى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت ئاغرىپ قالغاندا ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنى قۇمۇلغا تەكلىپ قىلىپ، بىر يىل ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغۇزۇپ، ۋاڭنى داۋالاشقا مەسئۇل قىلغان. غو‍جىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا ئاغرىپ قېلىپ،

مەخسۇس پىچانغا كېلىپ ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ قولىدا شىپا تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاننىڭ سابىق ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى، پىچاننىڭ سابىق ھاكىمى ئىسكەندەر غوجا، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلى بېشىر، مورى ھاكىمى تۇرسۇن قاتارلىق شۇ زاماننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ كېسەللىكلىرىنىمۇ داۋالاپ ساقايتقان.

ئابلىمىت ئاخۇنۇمنىڭ ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا لۈكچۈن مەدرىسەسىگە بارىدىغان ئادىتى بار بولۇپ، بۇنى ئۆزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغان. ھەرقايسى يۇرتلاردىن شىپا تاپالمىغان كىشىلەر ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئابلىمىت ئاخۇنغا كېسەلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن لۈكچۈن مەدرىسەسىدە ساقلىشاتتى. ئابلىمىت ئاخۇنلۇق خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە سەمىمىي جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، بىمارلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، دورا بۇيرۇپ بېرىپ ئاغرىق توغرىسىدا ياخشى تەكلىپلەرنى بېرەتتى.

ئابلىمىت ئاخۇنلۇق 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەلى شىپا تاپماي 72 يېشىدا تۇيۇق يېزىسىنىڭ سۇ بېشى كەنتىدىكى « ئاخۇن كارىز » دا ئالەمدىن ئۆتتى. ئابلىمىت ئاخۇنۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن يۇرت ئەھلى مەرھۇمنىڭ تاۋۇتىنى پىيادە كۆتۈرۈپ، 30 يول يىراقلىقتىكى « ئەسھابۇلكەھف » مازىرىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان « ئاخۇنلۇق قەبرىستانلىقى » غا يەنى، بۇۋىسى ئەخمەت غوجامنىياز ( قىسورى ) ئاخۇنلۇقنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى.

# 4 . ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم

ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم 1889 - يىلى پىچان بازىرى يوغان قالغاچ ( قارىياغاچ ) مەھەللىسىدە بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئەينى چاغدىكى دىنىي ئالىم ئابدۇراخمان قارى قازى ئاخۇنۇمدىن دىنىي تەلىم ئېلىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى، ئىلمىي نۇجۇم ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. 1913 - يىلى تۇرپان ئاستانىدا مەخسۇت مۇھىتى تۇنجى ئاچقان پەننىي مەكتەپتە، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن روسىيە قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ تەكلىپ بىلەن تۇرپانغا كەلگەن تاتار زىيالى ھەيدەر سايرانى قاتارلىقلاردىن ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، خۇشخەت... قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئاتىسىدىن تېڭىقچىلىق، خەتنە قىلىش قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئىلىملىرىنى مەخسۇس ئۆگەنگەن. ياغاچچىلىق، موزدۇزچىلىق، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن يۇقىرىقى ھۈنەرلەرنىمۇ ئىشلەپ كىشىلەرنى رازى قىلغان. كىشىلەرنىڭ توختام خەتلىرىنى يېزىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەن.

ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم توشقان دىنىي ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققاچقا كېيىن يۇرتىنىڭ خاتىپى ۋە ئاخۇنى بولغان ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە مىڭلىغان سۇنۇق، چىقىقلارنى داۋالاپ ۋە خەتنە قىلىپ داڭلىق تېڭىقچى، داڭلىق خەتنىچى بولۇپ نامى چىققان. بىر قىسىم ئاغرىقلارنى ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى بىلەن داۋالاپ كەلگەن.

بالىلىرىغا تېۋىپ، ئۆلىما بولغان كىشى باشقا ھۈنەرلەرنىمۇ بىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىشى لازىم.

تۇرمۇشتا خاس تېۋىپلىقتا، موللىلىقتا قاراشلىق بولۇپ قالسا تاماگەر بولۇپ قالىدۇ. تاماگەرلىك بىلەن قىلغان ئىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. شۇڭا باشقا ھۈنەر بىلەن تۇرمۇشۇڭلارنى قامداڭلار، تېۋىپلىق، موللىلىقنى ساپ، خالىس نىيەت بىلەن قىلىڭلار، دەپ نەسىھەت قىلغان ھەم ئۆزىمۇ بۇ سۆزگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. كۈندىلىك ئىشلارنى تولۇق خاتىرىلەپ ماڭغان. چوڭ باي، ئەمەلدارلارنىڭ مەرىكىلىرىگە يۈگۈرەپ كەتمىگەن. كەمبەغەل نامراتلارغا كۆپ ياردەم بەرگەن. سۇنۇق - چىقىقلارنى، خەتنىلەرنى تولا ھاللاردا خالىس قىلىپ قويغان. بۇنىڭ ۋەجى سورالغاندا، ئۇ، ئاجىزلارنى يۆلەش تېۋىپلىق، ئۆلىمالىقتىكى ئەڭ ئېسىل خىسلەت دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەينى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى شىڭشىسەي پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يىغىدۇ. ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم ئۈرۈمچىدە يېقىملىق قىرائىتى، مول بىلىمى، قاتتىق ئېتىقادى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن كەلگەنلەرنى قايىل قىلغان، ھەم ئۆلىمالارغا ئىمام بولغان. شىڭشىسەي بۇ كىشىلەرنى قۇرۇق باھانىلەر بىلەن 9 ئاي تۇتۇۋېلىپ، نۇرغۇنلىرىنى قارا سۇركەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ تېۋىپلىقتىن خەۋىرى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇۋەتكەن. ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم نۇرغۇن كىشىلەرنى يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇپ، خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ، بىلىم ئەھلى قىلىپ يېتىشتۈرۇپ چىققان. تىڭىقچىلىق، خەتنە قىلىشنى ئوغۇللىرىغا ئۆگەتكەن. شاگىرت ھەم ئوغۇللىرىغا پاك، ھالال ياشاشنى ئاجىزلارنى يۆلەشنى تەۋسىيە قىلغان. داڭلىق تىڭىقچى ۋە خەتنىچى ھەمدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم 1959 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشىدىن نۇرغۇن تىببىي كىتابلار قالغان بولسىمۇ ئەپسۇس مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

# 5 . ئابدۇراخمان بەگ

ئابدۇراخمان بەگ 1904 ـ يىلى لوكچۇندە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئېلى بەگ بىر مەزگىل يەكەندە تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ يەردە تۇرغان مەزگىللەردە يەكەندىكى مەشھۇر « پىچاقچى » تېۋىپلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن ( پىچاقچى دېگىنى — ئوپېراتسىيە قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن مەلۇمكى شۇ مەزگىللەردە يەكەندە ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان تېۋىپلار ئۆتكەن ) . شۇڭا، ئوغلى ئابدۇراخمان بەگنى كىچىكىدىن تارتىپ ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەپ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىتىپ، بۇ كىتابلاردىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىنى پۇختا ئۆگىتىپ ياخشى تەربىيىلەپ چىققان.

ئابدۇراخمان بەگ 12 يېشىدىن باشلاپ تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 61 يىل تىبابەتچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ لوكچۇن يېرىق ئېچىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدە سۇ بويىغا سېلىنغان چوڭ قورۇسىدا كېسەل كۆرۈش بىلەن كېسەللەرنىڭ يېتىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆيلەرنى ھازىرلاپ، يىراقتىن كەلگەن ۋە يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدىغان ئاغرىقلارنى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ داۋالىغان. ئۇنىڭ ئاغرىقلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئىللىق، بەرگەن دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردا ئاتىقى چىقىپ كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن.

1953 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا ئابدۇراخمان بەگ، ئابلا سەفەر، نىياز ھەسەن، ئابدۇل غورا يېگەن، رازاق شەربەتچى قاتارلىق 4

كىشى بىلەن بىرلىشىپ ئەيسا بەگنىڭ ئۆيىدە بىر داۋالاش پونكىتى قۇرغان. 3 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن 1956 ـ يىلى ئابدۇراخمان بەگ لۇكچۈن يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىنىڭ تېۋىپى بولۇپ يۆتكىلىپ چىققان. شۇ يىلى پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولغان.

ئابدۇراخمان بەگ داۋالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتىگە كۆرۈنەرلىك هەسسە قوشقان.

1. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىلمىيلىككە ۋە قانۇنىيەتكە دىققەت قىلاتتى. يەنى ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ كېسەلنىڭ تومۇر ئەھۋالى، كېسەلنىڭ شىكايىتى، تېپىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كېسەلگە دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن، كېسەلنى تەرتىپى بويىچە داۋالايتتى. يەنى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ دورا بېرىش، كېسەل ئېغىر بولسا دورىنى كاشكاپتىن باشلاپ مەتبۇخ، شەربەت، مەجۇن تەرتىپى بويىچە بۇيرۇيتتى. مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاشتا مۇنزىج بېرىپ خىلتنى پىشۇرۇپ، مەتبۇخ بېرىپ كېرەكسىز خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەسمىي نۇسخا بىلەن داۋالاش ئېلىپ باراتتى. بۇ جەھەتتە ھەرگىزمۇ قارا ـ قويۇق، قارىغۇلارچە ئىش قىلمايتتى. كېسەلگە دورا بەرگەندە ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى، پەرھىز تۇتۇشىغا تېگىشلىكلەرنى ئېنىق ئېيتاتتى ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلاتتى.

2 . كېسەللەرنى داۋالىغاندا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاناتومىيىلىك باغلىنىشىغا دىققەت قىلاتتى.

يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالىغاندا ئالدى بىلەن بۆرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇيغۇر تېبابىتى ئاناتومىيىسىدە ئىچكى ئەزالارنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى چۈشەندۈرگەن. « بۆرەك سۇيۇقلۇق بىلەن ئارىلىشىپ

كەلگەن قان تەركىبىنى سۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلىشتىن تاشقىرى يەنە يۈرەكنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ» دەيدۇ. كېسەللەرنى داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندىمۇ، يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن بۆرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇ ئابدۇراخمان بەگنىڭ 60 نەچچە يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدىكى ئەھمىيەتلىك تەجرىبە.

3. ئابدۇراخمان بەگنىڭ يازغان رېتسېپلىرىدا دورىنىڭ مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، كېسەل ئەھۋالىغا قارىتا دورا مىقدارىنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلگەندە تەدرىجىي كۆپەيتەتتى. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىمكان بار يەرلىكتە چىقىدىغان باھاسى ئەرزان ئادەتتىكى دورىلار بىلەن كېسەل داۋالايتتى. مەسىلەن، كىچىك بالىلاردىكى ئاغزى ئاغرىشقا ھېلىلە ئۇرۇقىنى يانجىپ پۇركۇش قاتارلىقلار.

بەزى سەرساملاردىكى مېڭە ئىششىقىنى ياندۇرۇشقا قاپاق ئۇرۇقى مېغىزىنى ئىشلىتىش شەقىيقىغە تۇخۇم ئېقى بىلەن ھېلىلە تالقىنىنى خېمىر قىلىپ چاپلاش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار ياخشى ئۈنۈم بەرگەن.

رېتسېپلىرىدا كاسىنە، گاۋزىبان، بىنەپشە، سېرىق ئوت، بەدىيان، كەرەپشە قاتارلىق دورىلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شاگىرتلىرىغا نىسبەتەنمۇ دورا مىقدارىنى بەك كۆپ قىلىۋەتمەسلىك، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە مېڭىش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش تەلىپىنى قاتتىق قويااتتى.

4. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە بىر قاتار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ كېڭەيتكەن. مەسىلەن، دىنار شەربىتىنى 10 خىل ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى داۋالاش ئەمەلىيىتىدە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇڭا، ئابدۇراخمان بەگ ئىشلىتىپ كەلگەن دىنار شەربىتى رېتسېپى 45 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ كىتابلاردىكى رېتسېپ

ۋە هۆكۈملەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ كەتمەي، بىمارنىڭ ئۇزۇق-
لىنىشى كەسپى، ياشىغان مۇھىتى، ھاۋا كىلىماتى، تۇرمۇش
شارائىتىغا باغلاپ جانلىق دورا ئىشلىتىپ كېسەل داۋالايتتى ھەم
شاگىرتلىرىغا بۇنى دائىم تەشەببۇس قىلاتتى.

ئابدۇراخمان بەگ بۆرەك كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، نېرۋا
كېسەللىكلىرى، پالەچ، بەرەس كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا بەكمۇ
ماھىر ئىدى. ئەرشىدىن روزى قاتارلىق تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ
قالدۇردى. ئابدۇراخمان بەگ كېسەل سەۋەبى بىلەن 1977 ـ يىلى
11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 73 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# 6 . نىياز نەمەت ( يوپاڭ )

نىياز نەمەت 1901 ـ يىلى پىچان يېزا يېڭى يەر مەھەللىسىدىكى نەمەت يوپاڭنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. نەمەت يوپاڭ دېھقانچىلىق ، قوشۇمچە قاسساپچىلىق ، ياغ تارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن . ئاتىسىنىڭ لەقىمى بىلەن نىياز يوپاڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. ياش ۋاقىتلىرىدىلا دوستلىرى بىلەن چېلىشىشنى باشلىغان. ئۇنىڭ بويى مەزمۇت بولغانلىقتىن، 16 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆزىگە تەڭ قورامىلىق ياشلار ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغانلار چىقمىغان.

نىياز يوپاڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن پىچانغا ھاكىم بولغان ئىسكەندەر ئىمىن دېگەن كىشى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن ئەنجانلىق داڭلىق تېۋىپ قاسىم ھاجى داموللىدىن تېبابەتچىلىك ھەم تېڭىقچىلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن چېلىشتا زور ئاتىلىپ داڭق چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، تۇرپان تەۋەسىدىكى سانسىزلىغان سۇنۇق ۋە چېچىقلارنى داۋالاپ زور شۆھرەت قازانغان.

ئۇ تېڭىق تاڭسا بەدىنىنىڭ زورلۇقى، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ قۇۋۋىتى بىلەن سۇنۇقلارنى ئەپلىك جايىغا كەلتۈرەتتى. ياردەمچى چاقىرمايتتى. ئۇ سۇنۇق تاڭسا پۇتى بىلەن ئاغرىقنى باستۇرۇۋېلىپ ياكى پۇت قولىنى پۇتى بىلەن قىسىۋېلىپ ناھايىتى تېزلا جايىغا كەلتۈرەتتى.

بىر قېتىم بىر كىشىنىڭ بوينى چىقىپ كېتىدۇ. نىياز يوپاڭ

ئاغرىقنىڭ بويىنىنى تۇتماقچى بولغاندا ئاغرىق پەقەتلا ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ئاخىرى بولماي نىياز يوپاڭ ئاغرىقنى تۇۋرۈككە مەھكەم باغلاپ، بىر تۆمۈرنى راسا قىزىتىپ، ئاغرىققا قارىتىپ كۆزىگە سانجىماقچى بولىدۇ. قىزىق تۆمۈردىن قورقۇپ كەتكەن بۇ كېسەل بويىنىنى شۇنداق تولغاشىغا قارس! قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بويىنى ئەسلىگە كېلىدۇ.

يەنە بىر قېتىم بىر كىشىنىڭ يانپاش بوغۇمى چىقىپ كېتىپ، يۇقىرىقى بىماردەك چىقىقنى جايىغا كەلتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاخىرى بولماي نىياز يوپاڭ بىر كۈن سۇ ئىچمىگەن كالىغا ئاغرىقنى مىنگۈزۈپ كالىنى سۇ ئىچىشكە قويۇپ بېرىدۇ. كالىنىڭ قوسىقى تەدرىجىي يوغىناپ ئاغرىق قىينالمايلا، يانپاش بوغۇمى جايىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ هاياتىدا بۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس، نىياز يوپاڭ ئۆز لەقىمىگە مۇناسىپ قاۋۇل، بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ، بويى 1. 90cm ، ئېغىرلىقى 190kg كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەرنىمۇ داۋالاشتىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۆزىنى كۈتۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆمرىدە كەيپ بىلەن شۇغۇللانمىغان. بىرەر قېتىممۇ چېلىشتا يىقىلىپ باقمىغان. ئۇ كېيىنكى يىللاردا مەخسۇس تېڭىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پۇتىدىن قېرىپ، قولتۇق تاياق بىلەن ماڭىدىغان بولۇپ قېلىپ، 1988 ـ يىلىغىچە 65 يىل تېڭىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ پىچان خەلقى قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ پىچاننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇچۈن بىر ئۆمۈر قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

# 7 . نىياز بەگ ئابلىمىت

داڭلىق تېۋىپ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە مۇدىر ۋىراچ نىياز بەگ ئابلىمىت 1928 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇ بېشى كەنتىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇ تىل يېزىقىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ 17 يېشىدىن باشلاپلا ئاتىسىدىن تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، 1950 ـ يىللىرى ئۆز كەنتىدە مۇستەقىل كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاشنى باشلىغان.

نىياز بەگ 1951 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە سانجى، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىدە خۇسۇسىي تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

1959 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پىچان لەمجىن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن 1980 ـ يىلىغىچە 21 يىل شۇغۇللىنىپ، پىچان ۋە باشقا جايلاردىكى مىڭلىغان ئاغرىقلارغا سەۋەب قىلىپ داۋالىغان. بۇ جەرياندا ھازىرقى لەمجىن يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان ماھىر ئىقتىدارلىق تېۋىپ نەجمىدىن قارىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ئەستايىدىل ئۆگىتىپ ياخشى تەربىيىلەپ چىققان. ( نەجمىدىن قارى ھازىرمۇ لەمجىن يېزىلىق دوختۇرخانا ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە . )

1981 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلۇپ، نىياز بەگ تەكلىپ بىلەن بۇ شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەن. 1985 ـ يىل ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. نىياز بەگ كېسەل دۋالاشتا

ئاغرىقلارغا خۇشپېئىل مۇئامىلە قىلىش، كېسەللەرنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ داۋالاپ كەلگەچكە خەلق ئىچىدە زور شۆھ-رەتكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ « بەرەس كېسەللىكىنى تونۇش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا » دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بېيجىڭ - سان فرانسىسكو بىرلىشىپ ئاچقان « 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك يىغىنى » دا « خاسىيەتلىك ئادەم لوڭقىسى » مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ، 1982 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلار مىنىستىرلىكى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۇزۇن يىل پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ ئىشلىگەنلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەبىئىي پەنلەر مەخسۇس ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

داڭلىق تېۋىپ نىياز بەگ ئابلىمىت 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپاندا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

# 8 . مەتنىياز ئىمام ( پاڭ )

مەتنىياز ئىمام 1900 - يىللىرى ئەتراپىدا دالانكارىز يېزىسىدا تۇغۇلغان. لۇكچۇندىكى ۋاڭلىق مەدرىسەنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ بىر مەزگىل ئىمام بولغان. كېيىن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ئابلىمىت ئاخۇنلۇقتىن تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن.

مەتنىياز ئىمام ئابلىمىت ئاخۇنلۇقتىن ئۇيغۇر تىبابىتىنى پىششىق ئۆگەنگەندىن كېيىن كۆپىنچە ھاللاردا سەييارە يۈرۈپ يېزىلارنى ئايلىنىپ كېسەل كۆرگەن، قان ئېلىش بىلەن بەزى ئوپېراتسىيىلەرنى قىلىپ كېسەل داۋالىغان.

بىر يىلى بىر ئايالنىڭ بېقىنى ئاغرىپ كېتىپ ئاغرىق دەستىدىن چىدىيالماي ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ئاغرىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەتنىياز ئىمامدىن داۋالاپ قويۇشنى، ناۋادا كېسەل ئۆلۈپ كەتسىمۇ مەتنىياز ئىمامدىن كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈنگەندە، مەتنىياز ئىمام ئاۋۋال بىمارغا مەجۇنى مەسھادەك بىر دورىنى ئازراق يېگۈزۈپ بىر ئۇستىرىنى ئوتقا تۇتۇپ، قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاغرىقنىڭ بېقىنىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغان. نەتىجىدە بېھوش ياتقان بۇ چىرايلىق قىز ناھايىتى تېزلا ساقايغان. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى خۇشاللىقىدا قىزىنى مەتنىياز ئىمامنىڭ خىزمىتىنى بىر ئۆمۈر قىلىپ ئۆتۈشكە بەرگەن. بۇنداق ئىشلار مەتنىياز ئىمام ھاياتىدا قىرىق نەچچە قېتىم تەكرارلانغان. ئۇ بىر مەزگىل پىچان كۇيادىمۇ تۇرۇپ قالغان.

بىر قېتىم مەتنىياز ئىمام ئۇرۇمچىگە كېسەل كۆرگىلى چىققاندا ماشىنا سوقۇۋەتكەن، شوپۇر مەتنىياز ئىمامنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغان. ئۇ يەردە مەتنىياز ئىمام قوشنا كارىۋاتتىكى جامال مەنجاڭنىڭ ئوغلى يۇنۇس ئاخۇن-

نىڭ پۇتى ئېغىر رېماتىزىم بولۇپ ئاغرىپ، دورا كار قىلماي ئاغرىق
دەستىدىن كېچە كۈندۈز زارلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۇنۇس ئا-
خۇننىڭ ئۆيىدىكىلەرگە سەبرە بىلەن رەۋەننى مەلۇم مىقداردا تال-
قانلاپ ئەكەلدۈرگۈزۈپ، قايناقسۇ بىلەن نەمدەپ ئاغرىغان جايلارغا
چاپلاتقان. نەتىجىدە نەچچە ئايدىن بۇيان توختىمىغان ئاغرىق
توختاپ، شۇ چاغدىكى دوختۇر ۋە ئاغرىق ئىگىلىرى مەتنىياز ئە-
مامنىڭ كارامىتىگە ھەيران قالغان. يۇنۇس ئاخۇن ئائىلىسىدى-
كىلەر مەتنىياز ئىمامدىن كۆپ مىننەتدار بولغان. مەتنىياز ئىمام
كامىل تېۋىپ بولۇش بىلەن بىرگە توشقان موللا، ئىلمىي نۇ-
جۇمنى بىلىدىغان كىشى ئىدى. كېسەل دۋالاشتا بەكمۇ يۇرەكلىك
ئىدى. بۆرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا پىچاندا غايەت زور تەسىر
پەيدا قىلغان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھېكايىلەر تارالغان. مەرھۇم
1985 -يىلى 85 ياش ئەتراپىدا دالانكارىز يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن
. ئۇنىڭ نامى پىچان خەلقى قەلبىدە يادلىنىپ كەلمەكتە.

# 9 . توختى شاڭجاڭ

توختى شاڭجاڭ 1906 ـ يىللىرى ئەتراپىدا پىچان لۈكچۈنده تۇغۇلغان. مەدرىسەنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ چاغلاردىكى داڭلىق تېۋىپ ئابدۇنەسىر قارىدىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كەسپىنى ئۆگەنگەن. 50 يىلغا يېقىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئاغرىقلارنى داۋالىغان. ھامۇت قارى قاتارلىق بىرمۇنچە تېۋىپلارنى تەربىيىلىگەن. بىر پارچە ماقالىسى ھامۇت قارىنىڭ تەييارلىشى بىلەن « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

توختى شاڭجاڭ جىگەر كېسەللىكى، ئاياللار كېسەللىكى، ئەرلەر كېسەللىكى، بالىلار كېسەللىكىنى دۇاالاشقا ماھىر ئىدى.

توختى شاڭجاڭ 1986 ـ يىلى 80 يېشىدا لۈكچۈنده ئالەمدىن ئۆتتى.

## 10 . تۇخنىياز ئۇلاتا ھاجى

تۇخنىياز ئۇلاتا ھاجى 1891 ـ يىلى تۇيۇق شا مەھەللىسىدە بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 20 ياشقىچە مەدرىسەدە دىنىي تەلىم ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سۇ بېشىدىكى مەشھۇر تېۋىپ ئابلىمىت ئاخۇننى ئۇستاز تۇتۇپ تېبابەتچىلىكنى، ئەرەپ ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن ، كېيىنچە خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ ، داۋالاش تېخنىكىسى بارغانسېرى ئۆسۈپ تېزلا خەلق ئىچىدە نام چىقارغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتىكى نامى مەشھۇردۇر . بۇ كىشى 1964 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 73 يېشىدا تۇيۇقتا ئالەمدىن ئۆتكەن .

# 11 . ھەمدۇل ئاخۇن

ھەمدۇل ئاخۇن 1874 ـ يىلى تۇيۇق يېزىسىدا تۇغۇلۇپ 7 ياشـقىچە شۇ جايدا تۇرغان. 1881 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن تۇيۇق يېـزىسىدىن لۇكچۇن يېزىسىنىڭ تۇزلۇق كارىز دېگەن يېرىگە كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 13 ياشقا كىرگەندە كارىز چېپىش، غالتەك ھەيدەش ئىشلىرىنى قىلغان. كېيىن قۇمۇلغا بېرىش سەۋەبى بىلەن چىقتىم يېزىسىنىڭ ھازىرقى 2 ـ داۋىي 3 ـ كەنتىدىكى ساۋۇت روسۇل دېگەن كىشىنىڭ كىچىك كارىزنى چېپىش ئىشلىرىنى قىلىپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قالغان. كېيىن تۇيۇق سۇ بېشىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ئابلىمىت ئاخۇنۇمدىن مەخسۇس ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. بۇ چاغدا ھەمدۇل ئاخۇننىڭ يېشى 60 ياش ئەتراپىدا بولۇپ شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قازا قىلغانغا قەدەر 25 يىل تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا قان ئېلىپ داۋالاش، ماددىنى پىشۇرۇپ سۈرۈپ چىقىرىپ داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، جىگەر كېسەللىكلىرى، شۇنداقلا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا تېخنىكىسى يۇقىرى ئىدى.

ھەمدۇللا ئاخۇنۇم چەتتىن كىرگۈزۈلگەن يۇنۇس دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ يەرلىكلەشتۇرگەن.

ئۇ، كىچىك جەندەن، سىيىت ئىمام، ئوغلى قادىر كاتىپ قاتارلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ئۇيغۇر تېبابەت كەسپىدە يېتىشـ

تۇرگەن.

بولۇپمۇ ئوغلى قادىر كاتىپ، نەۋرىسى ئەخمەت ئاخۇنلار پىشـ
شىق تەربىيىلىنىپ چىقتىم خەلقىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن ھەمدۇللا
ئاخۇنغا ئوخشاشلا بارلىقىنى بېغىشلىغان. نەۋرىسى ئەخمەت ئاخۇن
قادىر ھازىر ئەلگە خالىسانە خىزمەت قىلماقتا.

# 12 . قادىر كاتىپ

قادىر كاتىپ 1916 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چىقىتىم يېزىسىنىڭ داڭلىق تېۋىپ ھەمدۇل ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

مەدرىسەنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە ئاتىسىغا ياردەملىشىپ دورا تەييارلاش، دورا سوقۇش، دورا تونۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغاچ ئاتىسىدىن تەلىم ئېلىپ ئۇيغۇر تېبابەت كەسپىنى پىششىقلاپ ئۆگەنگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن يېزا، تاغ چارۋا پونكىتلىرىدا كاتىپ، كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇڭا كېيىنكى يىللاردا كاتىپ دېگەن نام سىڭىپ قالغان.

ئۇ خىزمەت قىلغان ۋاقىتلىرىدا خىزمەتتىن سىرت قوشۇمچە خەلقنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ، ھەقسىز داۋالاپ كەلگەن.

1982 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن مەخسۇس تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، چىقىتىم يېزىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ ھەقسىز كېسەل كۆرۈپ ۋە داۋالاپ كەلگەن. ئۇ 2004 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەنى قۇربان ھېيتىنىڭ 3 - كۈنى چىقىتىم يېزىسىدا 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم ھاياتلىقىدا رېماتىزم، بۆرەك كېسىلى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، يۈرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ماھىر ئىدى. ئۇ بىمارلارغا ۋە كىشىلەرگە ئىللىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل، خۇش پېئىل، ئېسىل مىجەزلىك، پەزىلەتلىك، ئەل سۆيەر تېۋىپ ئىدى.

# 13 . ئىنىياز مامۇت ( دوختۇر )

پىچاندىكى داڭلىق تېۋىپ ئىنىياز مامۇت 1895 ـ يىلى پىچان بازىرىنىڭ سايدۇڭ ( تۇرپانلىق ئارىسى ) مەھەللىسىدە بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەدرىسەنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەينى يىللاردىكى يەنى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پىچان ھاكىمى ئىسكەندەر ئەپەندى ئەنجاندىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن داڭلىق ھۆكۈما قاسىم ھاجى دامولىلىدىن ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىي ئۆگەنگەن. 1955 ـ يىلى ئابلا دورىگەر، ئالىمخان قاتارلىق كە-شىلەر بىلەن ھازىرقى بازار مەھەللە چوڭ كەنتىدە ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش ئورنى قۇرۇپ كېسەل كۆرۈشكە باشلىغان. دورىلارنى ئا-ساسەن يەرلىكتىن، تەڭرى تاغلىرىدىن يىغىپ كېلىپ، دورا مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

1963 ـ يىلىغا بارغاندا بۇ پونكىت تارقىلىپ كېتىپ، 1967 ـ يىلىغا بارغاندا يەنە قايتا قۇرۇلۇپ ئىنىياز دوختۇر كېسەل كۆ-رۈشكە باشلىغان. سۇلايمان يۇنۇس، ئابدۇراخمان ياقۇپ، ئىمەر ئىنىياز، ھىمىت قارى، يۇسۇپ شېرىپلار ئىلگىرى كېيىن شاگىرت بولۇپ ئىنىياز مامۇتقا ياردەملەشكەن. بۇ چاغدا خام دو-رىلار 100 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ پىچاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاغرىقلار كېلىپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان. نۇرغۇن كېسەللەر ئى-نىياز دوختۇرنىڭ قولىدا شىپا تېپىپ ساقايغان. بۇ جەرياندا ئى-نىياز دوختۇر ئاياللار كېسەللىكلىرى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، بۆرەك، ئاشقازان، يۈرەك، جىگەر كېسەللىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن داۋالىغان.

1976 ـ يىلىغا بارغاندا بۇ تېببىي پونكىت يەنە تارىلىپ كەت-كەن. دورىلار پىچان يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت

بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىتىلگەن. ئىمنىياز دوختۇر ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا ئۆيىگە قايتىپ داۋالانغان. كېيىن بىر ئاز ياخشىلانغان. ئىمنىياز دوختۇر شۇنىڭدىن كېيىن سايدۇڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئامبۇلاتورىيە ئېچىپ بىرنەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن سالامەتلىكى يار بەرمەي 1981 – يىلى 86 يېشىدا يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇم ھايات چېغىدا پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، ئاجىز، نامراتلارغا ھەقسىز دورا بېرىدىغان ئاق كۆڭۈل، ئەل سۆيەر تېۋىپ ئىدى. ئۇ، پىچان ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل سالغۇچىلارنىڭ بىرى. بۇ بۈيۈك زات پىچان خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

# 14 . سادىق ئىمام

سادىق ئىمام 1880 – يىلى لەمجىن يېزىسىنىڭ چۇۋاڭقىمىر مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1888 – يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان . 1895 – يىلىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان . دىنىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن 15 يېشىدا بىر مەسچىتكە ئىمام بولغان . شۇنىڭدىن كېيىن « سادىق ئىمام » دەپ ئاتالغان . تىبابەتچىلىكنى خاندۇ يېزىسىدىكى ئىبراھىم ھاجى دېگەن كىشىدىن ئۆگەنگەن . ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1974 – يىلى ۋاپات بولغىچە بارلىقىنى لەمجىن يېزىسىدىكى كەڭ خەلققە بېغىشلاپ ، سانسىزلىغان ئاغرىقلارغا شىپالىق ئاتا قىلغان . ئۇ ئەرەپ ، پارس تىلىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ كېسەل كۆرگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ماھارىتىنى ئوغلى ھەسەن سادىققا ئۆگىتىپ قويۇپ 94 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز قالدۇرغان .

*ئۇستاز كۆرمىگەن تېۋىپ بەرگەن دورا ،*
*ساق بەدەنگە پىچاق سانجىغانغا ئوخشاش .*

# 9. ئىلمىي ماقالىلەر ۋە شىپائىي تامچىلار

## 1. يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكى بار بىمارلار قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ھەبىبۇللا ھۆسەيىن

يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەن قۇمغا كۆمۈپ داۋالاشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بارغاندا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى قۇم تەركىبىدە Mn، Zn، Fe، Cu، Si، Ca.. قاتارلىق بىر قاتار ئېلېمېنتلار بار. شۇنداقلا قۇمنىڭ ئۆزىدىكى ماگنىت مەيدانى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەش، فىزىكىلىق قىزىتىلىقى ئارقىلىق قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ، چۆكمىلەرنى ئېرىتىپ، قان ئېقىمىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كېرەكسىز، زەھەرلىك چىقىرىندىلارنى بەدەن سىرتىغا تەر ئارقىلىق چىقىرىش، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەزالارنىڭ فۇنكسىيىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق رەئىس ئەزا بولغان يۈرەكنىڭ ئۇمۇمىي پائالىيىتىنى تەڭشەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالىيالايدۇ. بىراق قۇمنىڭ شىپالىق رولىنىلا نەزەرگە ئېلىپ، قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرتلەرگە

سەل قارالسا، بولۇپمۇ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغان بىمارلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەرگە ئەمەل قىلىنمىسا ياكى سەل قارالسا، كېسەل ساقايتىش ئەمەس بەلكى يامان، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، ھەتتا ئۆلۈم ئاقىۋىتىنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇنداق بولسا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشتا زادى قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك ؟

1 . قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىشقا كەلگەن ھەر قانداق كىشى بولۇپمۇ، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغۇچىلار قۇمغا كۆمۈلۈشتىن بۇرۇن چوقۇم دوختۇرغا كۆرۈنۈپ تەكشۈرتىشى، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى، كېسەلنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك دەرىجىسىگە قارىتا ئىدىيىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىشى، قۇمغا كۆمۈلۈش تەرتىپى ۋە ساۋاتلىرى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

2 . قۇمغا كۆمۈلۈشتىن بۇرۇن ۋە قۇمغا كۆمۈلۈۋاتقان مەزگىلدە قەرەللىك ھالدا ئېلېكتروكاردىئوگراممىدا تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى، قان بېسىمىنى كۈندە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئۆلچىتىپ تۇرۇشى، ھەپتىدە بىر قېتىم قاننى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرتۈپ نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇۋاپىق دورىلارنى ئىستېمال قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3 . قۇمغا كۆمۈلۈشتە دەسلەپكى كۈنلىرى ھاۋا كىلىماتى شارائىتىغا ماسلىشىش مەشىقى ئېلىپ بېرىشى، يەنى قۇمدا يالاڭ ئاياغ مېڭىشى، ئولتۇرۇشى، يەڭگىل دەرىجىدە كۆمۈلۈشى شۇ ئارقىلىق ئۆز تەبىئىتىنى قۇمنىڭ شارائىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

4 . قۇمغا كۆمۈلگەندە ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، يۆتكىلىپ كۆمۈلۈشى، يۆتكىلىش ئارىلىقىدا

10 ~ 15 مىنۇت ئارام ئېلىشى، ئۇسسۇلۇقىغا ئازراق تۇز سېلىپ ئىچىپ بېرىشى لازىم.

5. قۇمغا كۆمۈلۈشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلارغا دىققەت قىلىشى يەنى ئۇسسۇلۇق، سايىۋەن، قۇم تاتقۇ، زۆرۈر بولغان ئالدىنى ئېلىش، تېز قۇتقۇزۇش دورىلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

6. مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆپرەك يېيىشى، مەخسۇس تەييارلاپ بېرىلگەن چاي دورىلارنى ئىچىپ بېرىش، قۇمدىن چىقىپلا يېتىپ ئۇخلىۋالماسلىقى، بىرەر ئىككى سائەت يەڭگىل ھەرىكەتتىن كېيىن سىڭىشلىك غىزالار بىلەن غىزالىنىپ ئارام ئېلىشى، ھەرگىز تويۇنۇپ تاماق يېمەسلىكى، سوغۇق سۇدا يۇيۇنماسلىقى لازىم.

7. قۇمغا كۆمۈلۈپ 5 ـ، 6 ـ كۈنلىرى، قۇمغا چۈشۈشنى بىر كۈن توختىتىپ ياخشى لازىم. ئۇنداق قىلماي داۋاملىق كۆمۈلىۋەرگەندە بەدەندىكى سۇيۇقلۇق زىيادە خوراپ، قان تەركىبىدىكى سۇيۇقلۇق مىقدارى تۆۋەنلەپ، قان قويۇقلىشىپ، تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكلىقى تۆۋەنلەش سەۋەبلىك كېسەللىك ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

8. قۇمغا چۈشۈش ۋاقتىنى مۇۋاپىق تاللاش لازىم. يەنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 ~ 11 لەردە، چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ـ 5 لەردە چۈشۈشى، ۋاقتى بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

9. قۇمغا كۆمۈلۈش مەزگىلىدە باش چىڭقىلىش باش قېيىش، ئېغىز قۇرۇش، پۇت ـ قوللار ئۇيۇشۇش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، نەپەس سىقىلىش، يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە دەرھال قۇمدىن چىقىپ سايىدىكى قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچىپ بېرىشى، بەك جىددىيلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

10. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇنداق بولغاندا كېسەللىكنى ئۇنتۇپ، روھىي ئوزۇققا ئېرىشكىلى، كېسەللىك ئاسارىتىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشقا شارائىت هازىرلىغىلى بولىدۇ.

## 2. 38 نەپەر كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارنى زىمادى زاتىلرىيە بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزىتىش

هەبىبۇللا هۆسەيىن

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** زىمادى زاتىلرىيە، كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىش، داۋالاش.

شىپاخانىمىز 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە هەر خىل سەۋەبلەردىن كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان 38 نەپەر بىمارنى داۋالاپ، قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈم هاسىل قىلدۇق. داۋالاش ئۇسۇلىمىز تۆۋەندىكىچە:

**1. ئادەتتىكى ماتېرىيال**

كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارلار جەمئىي 38 نەپەر بولۇپ، ئەرلەر 18 نەپەر، ئاياللار 20 نەپەر. بىمارلارنىڭ ئەڭ چوڭى 65 ياش، ئەڭ كىچىكى 21 ياش بولۇپ، ئوتتۇرىچە يېشى 45 ياش. كېسەللىك تارىخى ئەڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ 6 ئاي، ئەڭ قىسقىلىرىنىڭ 15 كۈن. ئېغىر دەرىجىدە سۇ يىغىلغانلار 9 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىدە سۇ يىغىلغانلار 19 نەپەر، يېنىك دەرىجىدە سۇ يىغىلغانلار 10 نەپەر. ۋۇقۇق سوغۇق مىزاجدىكىلەر 18 نەپەر، هۆل سوغۇق مىزاجدىكىلەر 15 نەپەر، هۆل ئىسسىق مىزاجدىكىلەر 5 نەپەر.

## 2 . دىئاگنوز ئاساسى

تىپىك كلىنىكىلىق ئىپادىسى ۋە رېنتىگېنىدىكى نەتىجىسىگە ئاساسەن دىئاگنوز قويۇلىدۇ.

## 3 . داۋالاش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن بىمارلارغا قارىتا روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئېلىپ بېرىلىپ، ساقىيىشقا بولغان ئىشەنچىسى تۇرغۇزۇلىدۇ. ئوزۇقلىنىشى تەرتىپكە سېلىنىدۇ. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ مۇنزىج ۋە مۇسھىللىرى بېرىلىپ، مىزاجى تەڭشەلىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بىمارلارغا قارىتا غەرب تىبابەت ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىپ، كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە داۋالاندى.

( 1 ) مىزاجى قۇرۇق سوغۇق بىمارلارغا قارىتا مىزاج بېرىش ئارقىلىق مىزاج تەڭشەش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن يۆتەلنى پەسەيتىش مەقسىتىدە 5g سۇفۇپى سىئالغا، مەتبۇخى زۇفادىن 7.5ml قوشۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچكۈزۈلدى. تامىقىغا ھۆل، ئىسسىق تەبىئەتتىكى قۇۋۋەتلىك، سىڭىشلىك غىزالار ئاز – ئازدىن كۆپ قېتىم بېرىلىپ، بەدەن قۇۋۋىتى ئاشۇرۇلدى. يەرلىك ئورۇنغا زىمادى زاتىلرىيە چېپىلدى بىلىسان يېغى، بابۇنە يېغى، زەيتۇن ياغلىرى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۈن ئارىلاپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىپ، 10 ~ 15 مىنۇت ئىسسىق ئۆتكۈزۈلۈپ، يېنىك ئۇۋۇلاپ بېرىلدى. ھەر 15 كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىپ، رېنتگېندە تەكشۈرۈلۈپ تۇرۇلدى. ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇش، بۆرەك ئىقتىدارىنى، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر تىبابەت ياسالما دورىلىرىدىن ئەتىگەندە لوبۇنى كەبىردىن

10g، چۈشتە گۈلقەنتتىن ئاپتاۋدىن 15g ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ . داۋائىلمىشكىدىن 3g ، يېزىخو تالقىنىدىن 5g ھەر قېتىملىق تاماقتىن كېيىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

( 2 ) مىزاجى ھۆل - سوغۇق بىمارلارغا قارىتا مىزاج بېرىپ مىزاجىنى تەڭشىگەندىن كېيىن بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق قالدۇرۇش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شەربىتى فەريادەرەس 100ml دىن سۇفۇپى سۇئال 5gدىن كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زىمادى زاتىلرىيە چاپلىنىپ 8 سائەت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئېلىۋېتىلىپ، بىلسان يېغى بىلەن قەلەمپۇر يېغى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ مايلىنىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياسالمىلاردىن ئەتىگەندە 10g مەجۇنى زۇفا ئىچكۈزۈلىدۇ. ياتاردا10g مەجۇنى ئەفئى ۋە 3g داۋائىلمىشكى ئىچكۈزۈلىدۇ.

( 3 ) مىزاجى ھۆل ئىسسىق بىمارلارغا مىزاج بېرىپ مىزاجىنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، ھارارەتنى پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىلىشنى ياخشىلاپ، بىئاراملىقنى تۈگىتىش مەقسىتىدە 50mlشەربىتى خەشخاشقا جەۋھىرى زۇكام دانچىسىدىن 5gقوشۇپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. خەشخاش گۈلقىنى كۈندە3 قېتىم 7g ~5 دىن يېگۈزۈلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زىمادى زاتىلرىيە چاپلاپ بېرىلىدۇ. ياسالمىلاردىن ھەببى سۇئال كۈندە ئىككى قېتىم ھەر قېتىمدا 5 دانىدىن 7 دانىغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈشتە مەجۇنى ئەپىئىدىن 10g، كەچتە داۋائىل مىشكىدىن 3gيېگۈزۈلۈپ، ئۇسسۇلۇقىغا ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ.

( 4 ) دورا تېڭىش ئۇسۇلى

مىزاجى قۇرۇق سوغۇق ۋە ھۆل سوغۇق بىمارلارغا قارىتا زىمادى زاتىرىيە تەركىبىدىكى ئىسپىغۇلدىن باشقا بىنەپشە گۈلى، شۇمشا، قىچا، بابۇنە، بىخسوس قاتارلىق دورىلار تالقانلىنىپ، ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ.

هۆل ئىسسىق مىزاجدىكى بىمارلارغا قارىتا ئىسپىغۇل لۇئابىغا تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن دورا تالقانلىرىنى قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلدى.

( 4 ) داۋالاش نەتىجىسى

ھەر خىل سەۋەبلەردىن كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارلارنى داۋالىغاندىن كېيىن كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش، داۋالاش نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇش، تىڭشاپ تەكشۈرۈش، چېكىپ تەكشۈرۈش، رېنتگېندە تەكشۈرۈش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا بىمارلاردىن ساقايغانلار 33 نەپەر بولۇپ، 86.8% نى؛ ئۈنۈمى كۆرۈلگەنلەر 4 نەپەر بولۇپ، 10.5% نى؛ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغانلاردىن بىر نەپەر بولۇپ، 2.6% نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 97.4% كە يەتتى.

( 5 ) خۇلاسە

كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان 38 نەپەر بىمارنى داۋالاش ۋە كۆزىتىش تەجرىبىمىزدىن قارىغاندا ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان، سىل خاراكتېرىنى ئالمىغان كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارلارغا زىمادى زاتىلرىيەنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. داۋالاش جەريانىدا ھېچقانداق قوشۇمچە تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرۈلمىدى. ساقايغان بىمارلاردا قايتىلىنىش كۆرۈلمىدى.

بىز ئىشلەتكەن زىمادى زاتىلرىيەنىڭ پەقەت ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغلىرىدا ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىنى بەرگەندىن باشقا يەنە كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىش كېسەللىكلىرىگىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بارلىقى، تەسىرىنىڭ تېز ۋە ياخشى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدىن كۆكرەك پەردە بوشلۇقىغا سۇ يىغىلغان بىمارلارنى داۋالاشتا سۈنىي يىڭنە ئارقىلىق تارتمايمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر

يۇرۇش داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ داۋالىغىلى ھەم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

## 3. يېڭى توي قىلغان ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى نېمە ئۈچۈن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ؟

ياقۇپ ئابدۇراخمان، غۇنچىگۈل غوجامنىياز

سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش سۈيدۈك يولى، دوۋساق، سۈيدۈك يولى نەيچىسى، بۆرەك جامى ۋە بۆرەك ئۆيۈل ماددىسىنىڭ باكتېرىيىلەر بىلەن يۇقۇملىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ياللۇغلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، دۆلىتىمىزدە پەيدا بولۇش نىسبىتى 0.91% ئەتراپىدا، ئەر - ئاياللار نىسبىتى تەخمىنەن 1:10، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ يىللىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تەخمىنەن شۇ كىشىلەر توپىنىڭ 6% نى ئىگىلەيدۇ.

يېڭى توي قىلغان ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى نېمە ئۈچۈن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ؟ چۈنكى ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يولى قىسقا تۈز، ئۇ جىنسىي يولغا يېقىن بولىدۇ، شىنجاڭدا تويدىن ئىلگىرى جىنسىي ئەزالىرىنى، سۈيدۈك يولىنى ياخشى ئاسراش ئادىتى بولغانلىقتىن ھەمدە جىنسىي يول مىكروب ئۆلتۈرۈش رولى بولغان كىسلاتالىق شىلىمچىق ئاجرالمىلارنى ئاجرىتىپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى كېسەلگە گىرىپتار بولۇش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. يېڭى توي قىلغاندىن كېيىن جىنسىي ئەزالار تازىلىقىغا دىققەت قىلىنمىسا، سۈيدۈك يولىغا كىرىپ يۇقىرى ئۆرلەپ بۆرەك جامىغىچە يېتىپ بېرىپ، بۆرەك جامى بۆرەك ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

كلىنىكىلىق كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، يېڭى توي قىلغان ئاياللاردا دوۋساق ياللۇغىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى سۈيدۈك يولى

يۇقۇملىنىشنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنى ئاساسەن چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار بالدۇر دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، بالدۇر داۋالىنىش لازىم. كۆپرەك قايناقسۇ ئىچىپ، سۈيدۈكنى كۆپلەپ چىقىرىش بىلەن بىرگە يېتىپ دەم ئېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالامەتلەر تىزگىنلىنىدۇ. ئەگەر دورا ئىشلەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا يىرىڭلىق سۈيدۈك كەلسە، قان تەكشۈرگەندە ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن بولسا، قىزىش، بەل ئاغرىش قاتارلىق ئۆتكۈر بۆرەك جامى بۆرەك ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا ئۇزۇل-كېسىل داۋالىنىش ئارقىلىق قايتا قوزغىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

يېڭى توي قىلغان ئاياللاردىكى سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تاشقى جىنسىي ئەزالارنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىشى، ئىچ كىيىملەرنى پاكىز يۇيۇپ، پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆلچەمسىز تازىلىق قەغەزلىرىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. ھەر قېتىملىق جىنسىي ئالاقىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ جىنسىي ئەزالىرىنى پاكىز يۇيۇشقا، جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن بىر قېتىم كىچىك تەرەت قىلىشقا ئادەتلىنىش لازىم.

## 4. ئىرقۇننىسا ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

ئىرقۇننىسا — ئولتۇرغۇچ نېرىنىڭ ياللۇغلىنىشى بىلەن ئولتۇرغۇچ نېرۋا شۇنداقلا ئولتۇرغۇچ نېرۋا شاخچىلىرى تارقالغان رايونلاردا پەيدا بولىدىغان، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردا كۆپ ئۇچ-

رايدىغان كېسەللىك . بۇ كېسەلگە قارىتا جىددىي پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، ئەتراپلىق ئانالىز قىلىپ، باشقا كېسەللىكلەردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بارغاندا كېسەلنى تېز ساقايتىپ ياخشى داۋالاش نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەن تۆۋەندە ئېرقۇننىسا ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبەم ۋە كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## كېسەللىك سەۋەبى

ئىچكى جەھەتتە، ئادەم بەدىنىدىكى خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، بولۇپمۇ غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىنىڭ بەل ۋە يانپاش بوغۇملىرىغا قويۇلۇشى، بەل ئومۇرتقىسى ئارىلىق تەخسىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، بەل ئومۇرتقىسى سۆڭىكىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشى، نېرۋا شاخچىلىرىنىڭ بېسىلىشى نەتىجىسىدە ئېرقۇننىسا كېلىپ چىقىدۇ.

تاشقى جەھەتتە، بەدەنگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش يەنى، سوغۇق سۇدا كۆپ يۇيۇنۇش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، سوغۇق تەبىئەتلىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، بولۇپمۇ ئاچ قورساق ھاراق ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش، پۇت - قوللارنى ئىسسىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئوزۇقلىنىش ۋە ئارام ئېلىش ياخشى بولماسلىق، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى قاتارلىقلار ئېرقۇننىسانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## كېسەللىك ئالامىتى

ئېرقۇننىسا كېسەللىكىدە دەسلەپتە كاسا، تىز بوغۇمىنىڭ ئاستى ۋە بولجۇڭ گۆشلەردە يۆتكىلىشچان لېپىلداش ۋە قۇرت ماڭغاندەك سېزىم پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا بەل ياكى بىر تەرەپتىكى ساغرا قىسمىدا ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. ئاغرىش بىر تەرەپتىكى يوتا، تېقىم، پاقالچاق سىرتى ۋە ئوشۇق بوغۇمىنىڭ

سىرتى قىسمىغا كېڭىيىپ، تۇتقاقلىق ھالدا يىپ تارتقاندەك، سانجىلىپ، قادىلىپ ئاغرىپ تەدرىجىي ئېغىرلىشىدۇ. ئاغرىق ئېغىرلاشقاندا ھەتتا شۇ تەرەپنىڭ ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچ-راش، ئاغرىغان پۇت ئىنچىكىلەپ كېتىشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

## داۋالاش

ئېرقۇننىسانى داۋالاشتا مۇپاسىل، نىقرەس كېسەللىكلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**ئېرقۇننىسا كېسىلى بىلەن مۇپاسىلنىڭ سېلىشتۇرما دىئاگنوز پەرق جەدۋىلى**

| سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتى | ئېرقۇننىسا | مۇپاسىل |
|---|---|---|
| قان تەكشۈرۈش | نورمال A. S. O<br>E. S. R | يۇقىرى A. S. O<br>بولىدى E. S. R |
| تومۇر | تېز ئىنچىكە سوقىدۇ | تېز دولقۇنلۇق سوقىدۇ |
| يۈرەككە تەسىرى | يۈرەككە تەسىر قىلمايدۇ | يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ |
| تىل | نورمال ياكى ئاقۇش گەز باغلايدۇ | تىل ئۇچى، يېنى قىزىل، سېرىق گەز باغلايدۇ |
| بوغۇم | ئۆزگىرىش بولمايدۇ | قىزىش ۋە ئاغرىش بار |
| سېزىم | مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ | توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ |
| ئاغرىش | يىپ تارتقاندەك ئاغرىيدۇ | ئۇگىلەردە ئاغرىش بولىدۇ |
| تېمپېراتۇرا ( T ) | ئۆزگىرىش بولمايدۇ | يۇقىرى بولىدۇ |
| تېرىدىكى ئۆزگىرىش | ئۆزگىرىش بولمايدۇ | قىزىل داغ، تۇگۇنچىلەر پەيدا بولىدۇ |
| داۋالاش | سېزىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش | ياللۇغقا قارشى تۇرۇش |

ئىرقۇننىسا كېسىلىنى داۋالاشتا ئەڭ مۇھىمى كېسەلنى ئورنىدا قوزغالماي ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا غەيرىي تەبىئىي خىلىت سەۋەبچى بولغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتا مۇنزىج ۋە مۇسھىل دورىلارنى بېرىش لازىم. كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، بەدىيان يىلتىزى پوستى، ئىت ئۈزۈمى، كۆك چېچەك، شاھتەرىنىڭ ھەر بىرىدىن 7 گرامدىن، سۆرۈنجاندىن 9 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 15 گرام ئېلىپ، دورىلارنى چالا سوقۇپ 750 مىللىلىتىر سۇغا تۆت سائەت چىلاپ، قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، كۈندە ئۈچ قېتىم ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن كاسىنە يىلتىزى پوستى، كۆك چېچەكلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 7 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 12 گرام، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئىت ئۈزۈمىنىڭ ھەر بىرىدىن 5 گرام، گۈلى گاۋزىباندىن 3 گرام، چىلاندىن 15 دانە، سەرپىستاندىن 21 دانە، ئاقلەيلى گۈلى، ئاقلەيلى ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىرىدىن 7 گرام، سانا، تۇربۇتنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، پۇنۇس 21 گرام، گۈلقەنتتىن 150 گرام ئېلىپ، سانا، توربۇت، پۇنۇسلاردىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ 1500 مىللىلىتىر سۇغا بىر كېچە چىلاپ، 1000 مىللىلىتىر قالغىچە قاينىتىپ ئاخىرىدا سانا، خىيار شەنبەر، توربۇتلارنىڭ چىلانمىسىنى سېلىپ سۈزۈپ، گۈلقەنتنى سېلىپ ئېرىتىپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. قۇرسى ئايارەج پەيقىرا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى دانىدىن 4 دانىغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاغرىق توختىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش مەقسىتىدە مەجۇنى

سۆرۈنجان، مەجۇنى ئازاراقى، ھەببى ئىرقۇننىسا، سۇفۇپى سۆ-رۇنجانلارنى مۇۋاپىق تاللاپ، قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلدۇرۇ-لىدۇ. نېرۋىنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئې-چىش ھەمدە ئۇيقۇسىزلىقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ماددەتۇلھايات، لوبۇبى كەبىر، شەربىتى گاۋزىبان، شەربىتى يېزىخۇ، داۋائى ھازىمە مۇۋاپىق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

توسالغۇلارنى ئېچىش، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنىڭ سىزىمچانلى-قىنى ئاشۇرۇش، پەيلەرگە قۇۋۋەت بېرىش، شۇنداقلا يەرلىك ئو-رۇننى قىزىتىش مەقسىتىدە ئادراسمان، ئاقىرقەرھا، خولىنجان-لارنىڭ ھەر بىرىدىن 15 گرامدىن، پىلپىل، مامىرانچىنلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن، بوزىداندىن 15 گرام ئېلىپ، ئۈچ لىتىر سۇغا چىلاپ، ئىككى لىتىر قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئازراق قۇستە يېغى تېمىتىپ، كۈندە ئىككى قېتىم قىزىق ھالەتتە ئاغ-رىغان پۇت يۇيۇلىدۇ. سىرتتىن قەلەمپۇر يېغى، قۇستە يېغى ۋە جۆز ماسىل ياغلىرى بىلەن نۆۋەت بويىچە مايلاپ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن زىمادى ئىرقۇننىسا تەييارلاپ چېپىشقا بېرىلىدۇ.

تەركىبى: سامساق، ھۆل زەنجىۋىل 100 گرامدىن، پىلپىل، جۆزبۇۋا، ئاقىرقەرھا، بوزىدان ھەربىرىدىن 15 گرامدىن، ئات مېيى 125 گرام، تۆگە لوكىسى 250 گرام، دورىلار ( سامساق بىلەن زەنجىۋىل چاناپ يۇمشاق ئېزىلىدۇ ) سولۇقوپ تالقانلىنىدۇ. ئا-خىرىدا ئات مېيى بىلەن تۆگە لوكىسى ئېرىتىلىپ، يۇقىرىدىكى دورىلار سېلىنىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم يەرلىك ئورۇنغا چېپىشقا ياكى داكىغا ئېلىپ تېڭىشقا بېرىلىدۇ. ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم بىمارنىڭ ئىچىنى بوشىتىش، بەدەننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى سۈزۈپ چىقىرىش، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە يەل ھەيدەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار تاللاپ بېرىپ تۇرۇلىدۇ.

مەن يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە 1990 ـ ۋە 1991 ـ

يىللىرى ئېرقۇننىسا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 20 نەپەر بىمارنى داۋالاپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدىم. دېمەك، كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىشتا ئالدى بىلەن كېسەللىكنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئىگىلەش، سەۋەبىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندا، ئەڭ مۇھىمى مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلىنغان ئاساستا، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان داۋالاش چارىلىرىنى ۋە دورا رېتسېپلىرىنى ئىجاد قىلىپ داۋالاش ئېلىپ بارغاندا تېخىمۇ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## 5. يېزىخۇ دانچىسىنىڭ دىئابىت كېسىلىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

يېزىخۇ رايونىمىز تاغلىرىدا ئۆسىدىغان، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەمەن ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەركىبىدە فىلاۋو نوئىدلار، ئۇچۇچان مايلار، ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ئالكولوئىدلار بار. يېزىخۇ ھەزىمنى ياخشىلاپ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىپ، يەل ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش، زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى ھەزىم ناچارلىشىش، ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر ياللۇغى، يەلتاشما، سەرگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش، زۇكام قاتارلىق كېسەللىكلەرگە يەككە ياكى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

يېزىخۇ دانچىسى دوختۇرخانىمىز دورا ياساش بۆلۈمىدە يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تەييارلانغان ۋە 1995 - يىلىدىن بۇيان كلىنىكىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تەييار دورا. شىپاخانىمىزنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە جىگەر ياللۇغى ۋە ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش خاراكتېرلىك ئىشتىھاسىزلىق كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كېسەللەرگە يېزىخۇ دانچىسىنى ئىشلىتىش جەريانىدا، يېزىخۇ دانچىسىنىڭ بۇ ئىككى نەپەر بىمارنىڭ كېسىلىگە شىپا بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزۈندىن بېرى ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان « دىئابىت » كېسىلىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىنىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، بىمارلارنىڭ قېنى ۋە سۈيدۈكىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈپ كۆردۇق، نەتىجىدە قان ۋە سۈيدۈكتىكى قەنت مىقدارى روشەن ھالدا تۆۋەنلىگەن، بۇنىڭ بىلەن « دىئابىت » كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 8 نەپەر بىمار ئۈستىدە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ كۆزىتىش ئېلىپ باردۇق. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئۈچ نەپەر بىمارنى « دىئابىت » كېسىلىنىڭ خاس دورىلىرىدىن قۇرسى زىيابىت، قۇرسى تاباشىر، قۇرسى گۈلنار، سۇفۇپى زىيابىت قاتارلىق دورىلارنى تەرتىپ بويىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە 15 كۈننى بىر داۋالاش كۇرسى قىلىپ يېزىخۇ دانچىسىدىن 10g نى قايناق سۇ بىلەن كۈندە ئىككى قېتىم ئىچىشكە بەردۇق.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئۈچ نەپەر بىمارنى يۇقىرىقى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزىخۇ ئاساس قىلىنغان ئاساستا مېھرىگىياھ، نىلۇپەر ئۇرۇقى، كۆممىقوناق ساقىلى، قان تېپەر قاتارلىق توققۇز خىل دورىدىن تەڭشەلگەن چايلىق تەييارلاپ ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچىشكە بەردۇق، ھەمدە يېزىخۇ 31g ، چۆپچىن، قارا ھېلىلە، مېھرىگىياھ 18g دىن، شاقاقۇل مىسرى، پىلە تۆرەلمىسى، ئاق سەندەل، قىزىل

سەندەل 15g دىن، سىماق 5g، قارا ئۆرۈك 15 دانە، ئانار پوستى، تەمرى ھىندى، تاباشىر قاتارلىقلاردىن 11g دىن ئېلىپ، دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر لىتىر سۇدا كاشكاپ تەييارلاپ كۈندە ئۈچ قېتىم ھەر قېتىمدا 75ml دىن ئىچىشكە بەردۇق ۋە شەربەتىرى پەنجىنۇش تەييارلاپ ئىچكۈزدۇق.

ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى نەپەر بىمارغا « دىئابىت » كېسەللىكىنىڭ دورىلىرىدىن باشقا دورىلار بېرىلمىدى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئۈچ نەپەر بىمارنىڭ « ئۈچ كۆپ، بىر ئاز » ئالامىتى بىرىنچى داۋالاش كۇرسىدىلا كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئىككىنچى داۋالاش كۇرسىدا قان ۋە سۈيدۈكتىكى قەنت مىقدار كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى بىمارلارنىڭ بىرىنچى داۋالاش كۇرسىدا « ئۈچ كۆپ، بىر ئاز » ئالامەتلىرى ياخشىلىنىش بىلەن بىرگە قان ۋە سۈيدۈكتىكى قەنت مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىدۇق. ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى بىمارلارنى داۋالاش ئېلىپ بېرىپ 33 كۈندە « ئۈچ كۆپ، بىر ئاز » ئالامەتلىرىدە ياخشىلىنىش بولۇش بىلەن بىرگە قان ۋە سۈيدۈكتىكى قەنت مىقدارى نورماللاشقانلىقىنى بايقىدۇق.

دېمەك، يېزىخۇ دانچىسى ۋە يېزىخۇ تەركىبلىك دورىلار ئاشقازان كېسىلى، جىگەر ياللۇغى، قورساق كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگىلا شىپا بولۇپ قالماستىن « دىئابىت » كېسەللىگىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بارلىقىنى كلىنىكىلىق كۆزىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلىدۇق. يېزىخۇ دانچىسىنىڭ دىئابىت كېسىلىگە بولغان تەسىرىدە يېزىخۇنىڭ جىگەرنىڭ ياللۇغلىنىشى ۋە زەخىملىنىشىنى ياخشىلاش، زەھەر قايتۇرۇش، ئارقىلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز.

كەسپداشلارنىڭ كلىنىكا ئەمەلىيىتى داۋامىدا يېزىخۇ تەر-

كىلىنىك دورىلارنى « دىئابىت » كېسەللىرىگە ئىشلىتىپ كۆزد-
تىش ئېلىپ بېرىشنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ
تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 6 . 76 نەپەر زىققە بىمارلىرىنى داۋالاشتىن كلىنىكىلىق تەھلىل

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

شىپاخانىمىز ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 1989 – يىلىدىن 1997 – يىلىغىچە زىققە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 76 نەپەر بىمار ( ياتاقتا يېتىپ داۋالانغانلار 60 نەپەر، ئامبۇلاتورىيىدە داۋا-لانغانلار 16 نەپەر ) نى داۋالاپ، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتىنى 83.2% كە، ئۈنۈمى كۆرۈلۈش نىسبىتىنى 11.8% كە يەتكۈزدۇق. بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇل ۋە مىقدارلار تۆۋەندىكىچە:

1 . بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدىن بو-لۇپ، يەنە موري، بۆرتالا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەرمۇ بار.

2 . بىمارلار 15 ~ 70 ياش ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەرلەر 46 نەپەر، ئاياللار 30 نەپەر.

3 . ئەر بىمارلارنىڭ 28 نەپىرىدە ئۇزۇن مۇددەت ھاراق، تاماكا، نەشە قاتارلىق زىيانلىق ماددىلارنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بار . ئايال بىمارلارنىڭ 18 نەپىرى 15 ~ 18 ياش ئارىلىقىدا توي قىل-غانلار بولۇپ، تۇرمۇشتا جاپا چەككەنلىك تارىخى بار.

4 . كېسەلنىڭ قوزغىلىش ئەھۋالى ۋە دەرىجىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بىمارلار ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى. بىرىنچى دەرىجىدىكى-لىرى يېنىك بولۇپ، 16 نەپەر. ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرى ئوتتۇراھال بولۇپ، 45 نەپەر. ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرى ئېغىر بولۇپ، 15 نەپەر.

بىرىنچى دەرىجىدىكى زىققە كېسەللى بىمارلىرىنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن زىققە كېسەللىكىدىكى ئورتاق ئىللەت بولغان قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن سانا، پولۇس 12 گرامدىن، سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 10 گرام، بىنەپشە 7 گرام، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىدىن 5 گرام، رەۋەندىن 3 گرام ، كالا سۈتىدىن 300ml ئېلىپ قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 75~ 150mlدىن ئەھۋالغا قاراپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچكۈزدۇق. ئارقىدىن 50ml خەشخاش شەربىتىگە 50ml مۇرەككەپ پىرسىياۋشان ئەرقى قوشۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچىش بۇيرۇلدى. يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاپ قاننى راۋانلاشتۇرۇش ھەمدە ئۆپكە بىسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئەتىگەندە 3 گرام داۋا ئىلمىشكىنى 50ml پىننە ئەرىقى بىلەن ، چۈشتە 7 گرام خېمىرى خەشخاش سەندەلنى قايناقسۇ بىلەن ، كەچتە بىر ئامپۇل مۇپەررىھ ئەۋرىشىمنى 50ml گاۋزىبان ئەرقى بىلەن ئىچكۈزۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەر 15 كۈندە كاشكاپى مۇلەييىن ئىچكۈزۈپ، تەرەتنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق . ئاندىن ياسالما دورىلاردىن مەجۇنى زۇپادىن كۈندە ئىككى قېتىم، 10 گرامدىن، لوئوقى خەشخاشتىن كۈندە بىر قېتىم، 6 گرامدىن، لوئوقى سەرپىستادىن كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرامدىن، سۇپۇپى زەيقۇننەپەستىن كەچتە بىر قېتىم، 3 ~ 5 گرامدىن، گۈلقەنتتىن ھەر قېتىملىق تاماقتىن كېيىن 10 ~ 15 گرامدىن ئىستېمال قىلدۇردۇق.

ئىككىنچى دەرىجىدىكى زىققە كېسەللى بىمارلىرىنى داۋالاشتا يۇقىرىقى داۋالاش تەرتىپى بويىچە بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاپ ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدىكى كاشكاپ بېرىلدى. ئاندىن تەرەنجىبىندىن 60 گرام، بىخ بەدىيان، بىخسۇسلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام، زۇفا، پىرسىياۋشان، بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ياكى گۈلى، قىزىلگۈللەرنىڭ ھەر بىرىدىن 6 گرام، تۇخۇمى خەشخاشتىن 5 گرام ئېلىپ 2.5 لىتىر سۇدا يېرىمى قال-

غۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، تەرەنجىبىن سېلىپ بىر ئۆرلىتىپلا يەنە
بىر سۈزۈپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 50ml دىن ئىككى
ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈلدى. يەلنى ھەيدەش، ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈ-
چۈن جەۋھىرى بۇزۇرىدىن 6 گرام ئېلىپ 50ml قايناقسۇدا ئېرى-
تىپ ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە قۇرسى غارىقۇن 5 دانىدىن كۈندە
ئىككى قېتىم قايناقسۇ بىلەن ئىچكۈزۈلدى. 3 ـ ھەپتىسىدىن
باشلاپ يەنى بىمارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن يەڭگىل
دەرىجىدە مۇسھىل بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەپەس يوللىرى-
نىڭ قىمىلدىشىنى پەسەيتىش، زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈ-
چۈن 6 گرام جەۋھىرى زۇكام، 50ml كۆكنار شەربىتى بىلەن
قوشۇپ ئىچكۈزۈلدى ھەمدە شەربىتى پەريادەرەس كۈندە ئىككى
قېتىم، ھەر قېتىمدا 30ml ~ 50 دىن، خېمىرى خەشخاش
سەندىلى كۈندە بىر قېتىم 9 گرامدىن، لوئوقى خەشخاش، لو-
ئوقى سەرپىستان، قۇرسى غارىقۇن، سۇفۇپى زەيقۇننە پەس، ئەرقى
پىرسىياۋشان قاتارلىق دورىلار كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشەپ
ئىچكۈزۈلدى. قوشۇمچە يەنە يۈرەك ۋە جىگەر خىزمىتىنى ياخ-
شىلاش ئۈچۈن ئەتىگەندە ناشتىدىن ئىلگىرى داۋائىلمىشكىدىن 3
گرام، ناشتىدىن كېيىن خېمىرى خەشخاش سەندىلىدىن 10 گرام
ئېلىپ، 50ml ئەرقى پىرسىياۋشان بىلەن، چۈشتە جەۋھىرى
بۇزۇرىدىن 6 گرام ئېلىپ 50ml شەربىتى تۈت بىلەن، كەچتە تا-
ماقتىن كېيىن مۇپەررىھ ئەۋرىشىم ئىچىملىكىدىن بىر ئامپۇلنى
ئەرقى پىننە بىلەن ئىچىش بۇيرۇلدى. داۋاملىق تۇردە سەۋزە،
چامغۇر، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلار ئۇششاق توغرىلىپ، پاقلان
گۆشى بىلەن قاينىتىلىپ ئىچكۈزۈلدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن
پەرھىزگە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا قوشۇمچە يەنە قۇرۇتۇلغان
قارا ئۈجمىدىن 250 گرام، قۇرۇتۇلغان قىزىل سايۋا ئۈزۈمدىن 150
گرام، ياڭاق مېغىزىدىن 100 گرام ئېلىپ سوقماق ياساپ كالا
سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلدى.

ئۈچىنچى دەرىجىدىكى زىققە كېسەللىكىنى داۋالاشتا بىمارلا-رنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ مىقدارى ۋە قو-يۇقلۇقىنى قاتتىق كونترول قىلىش شەرتى ئاستىدا يۇقىرىقى كاشكاپ ئىچكۈزۈلدى. ئاندىن كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىر-لىرىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىدىكى زىققە كېسەللىكىگە قىلىنىدىغان چارىلار قوللىنىلدى

بىز يۇقىرىقى داۋالاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى ئىزچىل داۋاملا-شتۇرۇش ئارقىلىق خېلى ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشتۇق. بۇ جەرياندا چوڭقۇر ھېس قىلغىنىمىز شۇ بولدىكى، ئالدى بىلەن بىمارنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، تەرتىپنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇزۇق ماددىلارنىڭ بەدەندە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زىققە كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلى-نىدۇ.

## 7 . 19 نەپەر پالەچ كېسەللىكىنى كلىنىكىلىق كۆزىتىپ داۋالاشتىن خۇلاسە

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

شىپاخانىمىز 1996 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە 19 نەپەر پالەچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارنى ياتاققا قوبۇل قىلىپ، كلىنىكىلىق كۆزىتىپ داۋالاش ئېلىپ باردى. داۋالاش جەريانى-مىزنى تۆۋەندە قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتىمىز.

**ماتېرىيال ۋە ئۇسۇل**

19 نەپەر بىمار ئىچىدە ئەرلەر 11 نەپەر، ئاياللار 8 نەپەر. ياش ئايرىمىسى جەھەتتە 45 ياشتىن يۇقىرىلار 16 نەپەر، 30 ياشتىن

يۇقىرى 45 ياشتىن تۆۋەنلەر 3 نەپەر. غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىدىن بولغانلار 11 نەپەر، سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىشىدىن بولغانلار 8 نەپەر.

## داۋالاش ئۇسۇلى

كېسەللىك سەۋەبچىسىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن قاراتمىلىقى بولغان ئاساستا داۋالاش ئېلىپ باردۇق. بۇزۇلغان، چاپلاشقان بەلغەم خىلىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغىنىغا 7 ~ 14 كۈنگە قەدەر بەلغەم ماددىسىنى پىشۇرغۇچى دورىلاردىن بەدىيان، رۇم بەدىيان، سېرىقچېچەك، جۇۋىنە، كەرەپشە ئۇرۇقى، قەرەدمانەلەرنىڭ ھەربىرىدىن 7g، بىخ بەدىيان، بىخ سۈس، بىخ كەبىر، ھەربىرىدىن 15g، ئەنجۈر قېقىدىن 30g، گۈلقەنتتىن 90g ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم 50 ~ 75ml دىن ئىچكۈزۈلدى. ئۇسسۇلۇقى ئۇچۇن مائۇل ھەسەل مۆتەدىلدىن 45ml غا قايناق سۇ قوشۇپ ئىچكۈزۈلدى. ماددا پىشقاندىن كېيىن قۇرسى ئايارەچ ياكى قۇرسى قوقىيادىن 7 دانىدىن، كۈندە بىر قېتىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن يۇتقۇزۇلۇپ تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى. ئاندىن كېيىن داۋائىلمىشكى مۆتەدىل، مۇرەككەپ زەپىران جەۋھىرى، ماددەتۇل ھاياتلار ئۆز تەرتىپى بويىچە كۈندە ئىككى قېتىم يېگۈزۈلۈپ، مۇسكۇلدىن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 20ml دىن زەپەر ئوكۇلى ئوكۇل قىلىندى. بىماردا مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولۇپ، قول – پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگىدەك بولغاندا، شەربەتى ئۇستۇقۇددۇس ئۇد سېلىپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 75ml دىن، ياسالمىلاردىن ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن داۋائىلمىشكى 3g تاماقتىن كېيىن داۋائى پالەچ 10g، چۈشلۈك تاماق-

تىن كېيىن ھەببى ئىشرەتتىن 3 تابلېت 50ml ئەرقى نانىخا بىلەن، كەچتە 5 g جاۋارىش جالىنۇس قايناق سۇ بىلەن بېرىلدى. سىرتقى تەرەپتىن ئاچچىق قۇستە، قارىمۇچ، دارچىن، پىلپىل، قەلەمپۇر، پەرپىيۇن ھەربىرىدىن 18g، قۇندۇز قەھرى 9g، زەيتۇن يېغى 250ml ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەخسۇس ياغ تەييارلاپ، پۇت - قوللىرى كۈندە بىر قېتىم مايلىنىپ ئاپتاپقا سېلىندى.

سوغۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئارتىپ كېتىشىدىن بولۇپ، بىمارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولسا، تېزدىن بىمارنىڭ بەدىنىنى قىزدىتىش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ قان قويۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەي مۇسكۇللارنى چىگىتىش، نېرۋىلارنىڭ سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 200ml ھەسەلنى 550ml سۇ بىلەن قاينىتىپ مائۇل ھەسەل تەييارلاپ ئۇدا 3 كۈن ئىچكۈزدۇق. كېسەللىك ھالىتىدە ياخشىلىنىش بولغاندىن كېيىن دارچىن، زەنجىۋىل، خولىنجان، جوۋزبۇۋا، بەسباسە، لاچىندانە، مەستىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 9g، زەپەردىن 3g، ھەسەلدىن 300g، سۇدىن 750ml ئېلىپ مائۇل ھەسەل بىلەن تەييارلاپ، كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30ml دىن ئىچكۈزدۇق. ئاندىن كېيىن گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، ئۇستىقۇددۇس، بىستىپايەج، لاچىندانە، سۇمبۇل، سازەج ھىندى، گۈل دارچىن، ئۇد سەلىب، ئاق سەندەل، ئاق ۋە قىزىل چۆپچىن، ئىزخىر، پىلپىل، قاقىلە، بەدىيان، جۇزبۇۋا، خولىنجان، ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇرلارنىڭ ھەر بىرىدىن 7g، سۆئىلەپ مىسرىدىن 30g، زەپەردىن 9g، ھەسەلدىن 450ml ئېلىپ، سۆئىلەپ، زەپەرلەردىن ئايرىم - ئايرىم تالقانلاپ، قالغان دورىلارنى 1500ml يىلمان سۇدا 4 سائەت تۇرغۇزۇپ، ئاندىن 1000ml قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ھەسەلنى قۇيۇپ قايتا بىر

ئۆرلىتىپ سوزۇۋېلىپ، ئاخىرىدا سۈزۈلەپ مىسىرى تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا قول كۆيمىگۈدەك بولغاندا زەپەرنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە 3 قېتىم 30ml دىن ئىچىشكە بەردۇق. دورىلاردىن خېمىرى مەرۋايىت تابلىتى ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن 3 تابلېت، تاماقتىن كېيىن داۋائىلمىشكى 3g ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن داۋائى پالەچ 10g ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ماددەتۇل ھايات كەبىرىدىن 10g ، ياتاردا مۇرەككەپ زەپىراندىن بىر ئامپۇل ئىچىشكە بەردۇق. سىرتقى تەرەپتىن قۇستە يېغى، قەلەمپۇر يېغى، بىدە نجىر ياغلىرى بىلەن نۆۋەتلەشتۇرۇپ ياغلاپ، ئۇۋۇلاپ بېرىلدى. ياۋا كەپتەر قېنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم بىلەك، يوتا، بەل قىسىملىرىغا ئېقىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى ئىشرەت كۈندە ئىككى قېتىم 5 تابلېتتىن، مەجۇنى سوم كۈندە 3 قېتىم 9-15g دىن يېگۈزۈلدى.

مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان بولسا ئالدى بىلەن بىمارنى جىددىي قۇتقۇزۇش چارىلىرى ئارقىلىق 5 ـ 3 كۈنگە قەدەر جىددىي داۋالىغاندىن كېيىن، بەدەن ھارارىتىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە سكەنجىۋىل بۇزۇرى كۈندە 3 قېتىم، 30ml دىن خېمىرى مەرۋايىت كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 تابلېتتىن يېگۈزۈلدۇ. ئۇسسۇلۇقى ئۇچۇن شەربىتى ئۇستقۇدۇس ئۇد سەلىبدىن 50ml غا ئەرقى كاسىنىدىن 30ml نى قوشۇپ ئىچكۈزۈپ بېرىلدى. تامىقىغا يەڭگىل سىڭىشلىك غىزالار بېرىلدى. قاننى قىزىتىدىغان، قاننى كۆپەيتىدىغان، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن قاتتىق پەرھىز تۇتقۇزۇلدى.

كېسەللىك مەيلى قايسى خىل سەۋەبتىن كېلىپ چىقسۇن كېسەللىكنى مەخسۇس دورا بىلەن داۋالاش باسقۇچى باشلانغان ھامان يەرلىك ئورۇننى مۇناسىۋەتلىك مايلاردا مايلاپ، ئۇۋىلاپ دا-

ۋالاشنى بىرگە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىمار ئازراقلا ياخشىلان-
غاندىن كېيىن كېسەللەنگەن ئەزانى ئىمكانقەدەر ھەرىكەتلەندۈرۈپ
تورۇشقا دەۋەت قىلىش، دەسلەپتە يەڭگىل قىسقا ۋاقىتلىق ھەرى-
كەتلەندۈرۈشتىن تەدرىجىي ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ
ۋاقتىنى ئۇزارتىش لازىم. ئوزۇقلىنىش جەھەتتە ئاسان ھەزىم بو-
لىدىغان، قۇۋۋىتى يۇقىرى، سىڭىشلىك تاماقلارنى بېرىش،
ھەپتىدە ئىككى قېتىم سۆئلەپ مىسىرى 30g، پىلپىل، قەلەم-
پۇر، دارچىن 15g، چايان 50g قاتارلىقلارنى تالقانلاپ، پىشۇ-
رۇلغان كۆك كەپتەر گۆشىگە سېپىپ يېگۈزۈش، شورپىسىغا ئاش
سېلىپ ئىچكۈزۈش لازىم.

## خۇلاسە

19 نەپەر پالەچ كېسەللىكىنى ياتاقتا ئېلىپ كلىنىكىلىق كۆ-
زىتىپ داۋالاش نەتىجىسىدە تولۇق ساقايغىنى 16 نەپەر (84.3%)،
ياخشىلانغىنى 2 نەپەر (10.5%)، باشقا دوختۇرخانىلاردا داۋا-
لىنىشنى ئىلتىماس قىلىپ چىقىپ كەتكىنى 1 نەپەر (5.2%)
بولۇپ، ئومۇمىي ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 94.8% گە يەتتى.

19 نەپەر پالەچ كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بىمارنى كلىنى-
كىلىق كۆزىتىپ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، پالەچ كېسىلىنى داۋالاشتا سەۋەبچى ئامىللارنى ئايرىپ
چىقىپ، سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە
تېخنىكىلىق داۋالاش، ئەمەلىي مەشغۇلات ئارقىلىق داۋالاش، رو-
ھىي جەھەتتىن داۋالاش ۋە ئوزۇقلۇق ئارقىلىق داۋالاشلارنى ئورگا-
نىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ پەرۋىش، كۈتۈش خىزمەتلىرىنى ياخشى
ئورۇنلاشتۇرۇپ داۋالاش ئېلىپ بارغاندا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئې-
رىشكىلى بولىدۇ.

# 8 . 57 نەپەر قېتىشىش بولغان رېماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغى بىمارلىرىنى داۋالاش

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

## ئاچقۇچلۇق سۆزلەر

رېماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغى، داۋالاش، نەتىجە.

رېماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردا، ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان، ئاخىرقى مەزگىلىدە بوغۇملاردا قېتىشىش يۈز بېرىدىغان سوزۇلما كېسەللىك. كېسەللىك خىلتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇشتىن، بولۇپمۇ، بەلغەمى شور ۋە سەۋدا خىلتى ئارىلاشقان غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتلىرىنىڭ بوغۇم بوشلۇقلىرىغا يىغىلىشىدىن، بوغۇم خالتىلىرىنى كۈچلۈك غىدىقلىشى، بوغۇم ئارىلىق سۇيۇقلۇقىنى قۇيۇلدۇرۇپ، قان تومۇر دىۋارلىرىنىڭ تەبىئىي ھۆللىكىنى خورىتىپ، قان تومۇر ۋە بوغۇم تارىمۇشلىرىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

## 1 . ئادەتتىكى ماتېرىيال

1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىپاخانىمىزدا داۋالانغان 57 نەپەر قېتىشىش يۈز بەرگەن رىماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغى بىمارلىرى ئىچىدە ئاياللار 44 نەپەر ( 77.2% ) ، ئەلەر 13 نەپەر ( 22.8 % ) بەلغەمى شور خىلتى غالىب بولغان غەيرىي تەبىئىي مىزاجدىكى بىمار 38 نەپەر، بەلغەمى سەۋدا خىلتى غالىب بولغان غەيرىي تەبىئىي مىزاجدىكىلەر 19 نەپەر.

## 2 . داۋالاش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن ماددىنى پىشۇرۇش ، زەھەر قايتۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، بوغۇملاردىكى يىغىلىپ ، قويۇقلىشىپ قالغان ماددىلارنى سۈيۈلدۈرۈپ بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ كېتىش سالاھىيىتىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇستىقۇددۇس ، شاھتەررە ، بىنەپشىلەر 11g دىن ، گاۋزىبان ، بادرەنجى بۇيا ، سىيادان ، بەدىيان ، كەرەپشە ئۇرۇقى 7g دىن ، نىلۇپەر ، ئۈغرى تىكەن ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، رۇم بەدىيان 5g دىن ، بىخ بەدىيان ، بىخ كەبىر 15g دىن ، چىلاندىن 30g ، سەرپىستاندىن 18g ، ئەنجۈر قېقىدىن g 41 ئېلىپ دورىلارنى 1. 5L سۇغا 8 سائەت چىلاپ ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ، كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 75ml دىن تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇردۇق . ماددا پىشقاندىن كېيىن تازىلاش مەقسىتىدە مەتبۇخى ھېلىلىدىن كۈندە ئىككى قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100ml دىن ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە شەھمەنزەل ، بوزىدان ، سۆرۈنجان ، ماھى زەھرەج ، توربۇت ، سەبرە ، قەنتەرىيۇن ، قارا زىرىلەردىن 9g دىن ئېلىپ ، بەدىيان ئەرقى بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلاپ كۈندە كەچتە 5 ~ 7 دانىدىن ئىستېمال قىلدۇردۇق. ماددا تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىك ئورۇننىڭ ئىششىقىنى قايتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن مەجۇنى يەھيا كۈندە ئىككى قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9g دىن تاماقتىن كېيىن يېيىشكە بۇيرۇلدى . سۇفۇپى سۆرۈنجان كۈندە ئۈچ قېتىم ، ھەر قېتىم 5g دىن ، مائۇل ئۇسۇل كەبىرى كۈندە ئۈچ قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5ml دىن ئىچىشكە بېرىلدى . ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ماددەتۇلھايات كۈندە ئىككى قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6g دىن يېگۈزۈلدى . بوغۇملارنى يۇمشىتىش ، ماد-

دىلارنى تارقىتىش مەقسىتىدە ئاقلەيلى ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى يىلـتىزى ، سۆرۈنجانلار 31g دىن ، ئادراسمان ئۇرۇقىدىن 60g ، ئىت ياڭىقى چېچىكى ۋە ئاق لەيلى چېچىكىدىن 50g دىن ، كۆكنار پوستى 15g، بادام يېغىدىن 20ml ئېلىپ ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ كېسەل ئورۇن كۆندە 2 ~ 3 قېتىم يۇيۇشقا بۇيـرۇلدى ، ھەمدە مەخسۇس تەييارلانغان قىرۇتى يېغى بىلەن كۈندە بىر قېتىم بوغۇملار مايلىنىپ ئۇۋۇلاپ بېرىلدى . داۋالاش جەريانىدا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم مۇنزىج ، مۇسھىلنى تەكرار ئىچـكۈزدۇق . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇۋۇلاپ داۋالاش ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش بىلەن بىرگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلدۇرۇپ چېنىقىشقا يېتەكچىلىك قىلدۇق .

## 3 . خۇلاسە

57 نەپەر بىمارنى داۋالاش نەتىجىسىنى خۇلاسىلىغاندا تولۇق ساقايغانلاردىن 34 نەپەر بولۇپ ، 59.6% نى ، ياخشىلانانلار 21 نەپەر بولۇپ ، 36.8% نى ، ئۈنۈمى بولمىغانلار 2 نەپەر بولۇپ ، 5% نى ئىگىلەپ ، ئىگىلەپ ئومۇمىي ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 96.4%كە يەتتى .

## 4 . تەھلىل

1 . بۇ كېسەلنى داۋالاش جەريانىدا مۇنزىج ۋە مۇسھىلنى تەكرار ئىستېمال قىلدۇرغاندا داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق .

2 . بۇ كېسەلنى دورا ئىچكۈزۈپ داۋالاشتىن باشقا يەنى دورا سۇيىدە بوغۇملارنى يۇيۇش ، مايلاش ، ئۇۋۇلاش ، ئىسسىق ئۆتـكۈزۈش ، ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەڭ قوللانغاندا داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق .

# 9 . شەربەتى تۇتنىڭ كلىنىكىلىق ئۇنۇمى توغرىسىدا

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

شەربىتى تۇت ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ياسالما بولۇپ، ئاساسلىقى ئاق ۋە قارا ئۇجمىلەرنىڭ سىقىلغان سۇيىنى ماتېرىيال قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر، ئۆت كېسەللىكلىرى، ئۇيقۇسىزلىق، يۇتقۇنچاق ياللۇغى ۋە قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز يۇرتىمىزدا ھەر خىل ئۇجمىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى شەربەت نۇسخىسى ئاساسىدا تەييارلاش تېخنىكىسى ۋە نۇسخا تەركىبىگە قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ شەربىتى تۇت ياسالمىسىنى يېڭىدىن تەييارلاپ چىقتۇق. مەزكۇر شەربەتنى كلىنىكىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىكلەردىن باشقا يەنە كانايچە زىققىسى، ئۆپكە تۇبېركۇليۇزى، قان تەركىبىدە ماي ماددىسى يۇقىرىلاپ كېتىش، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىق كېسەللىكلەرگىمۇ ئۇنۇمى ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

### شەربىتى تۇتنىڭ تەركىبى

ئاق ۋە قارا ئۇجمە سۇيىدىن 10 كىلوگرام، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزىدىن 175 گرام، تىلمىغان كۆكنار پوستىدىن 125 گرام، سامساق شىرنىسى 250 مىللىگرام، مەستىكى رۇمى 45 گرام،

شېكەر 5 كىلوگرام.

تەييارلاشتا ئالدى بىلەن ئۇجمە سىقىلىپ سۈيى ئىككى قات داكىدا سۈزۈۋېلىپ، پاكىز تۇڭغا ئېلىنىدۇ. كۆكنار پوستى بىلەن چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى چالا سوقۇپ 6 لىتىر ئىلمان سۇغا توت سائەت چىلىغاندىن كېيىن سۇس ئوتتا 3 لىتىر سۈيى قالغىچە قاينىتىپ، قول كۆيمىگۈدەك ھالەتتە سوۋۇغاندىن كېيىن سۈزۈپ ئۇجمە سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە شكەرنى تالقانلاپ سېلىپ، سۇس ئوتتا 20 ـ 15 مىنۇت ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلىدۇ. دورا قىيام ھالەتكە كەلگەندە ئوتنى توختىتىپ دورا سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈستىگە سامساق شىرنىسى بىلەن تالقانلانغان مەستىكى رۇمىنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دورىنى ئالتە سائەت تۇرغۇزۇپ تىندۇرغاندىن كېيىن، بىر قات داكىدا قايتا سۈزۈلىدۇ ۋە 250 مىللىگراملىق شىشىلەرگە قاچىلىنىدۇ.

### تەبىئىتى

ھۆل ئىسسىققا مايىل مۆتىدىل.

### خۇسۇسىيىتى

بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، قەۋزىيەتنى بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇيقۇسىزلىقنى توگىتىش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

### ئىشلىتىلىشى

سەپرا خاراكتېرلىك گال ئاغرىقلىرى، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقلىرى، زىققە، يۇقىرى قان بېسىم، قاندىكى ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، پۇت ـ قوللار زىڭىلداپ ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

### ئىشلىتىش مىقدارى

5 ~ 1 ياشقىچە بولغانلارغا 15 مىللىگرامدىن، 10 ~ 5 ياشقىچە بولغانلارغا 30 ~ 15 مىللىگرامدىن، 10 ياشتىن يۇقىرىلارغا 60 ~ 30 مىللىگرامدىن كۈندە ئۈچ قېتىم بېرىلىدۇ. كېسەللىككە ئىشلىتىشتە سەپرا غالىبلىقىدىن بولغان ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى، ئىشتىھاسىزلىق، گال ئاغرىش، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ھەمدە قۇرۇقلۇق غالىبلىقىدىن بولغان ئۇيقۇسىزلىق، قەۋزىيەت كېسەللىكلىرىگە 60 ~ 30 مىللىگرامدىن كۈندە ئۈچ قېتىمدىن 10 كۈنگىچە بېرىلىدۇ. قان تەركىبىدە ماي ماددىسى يۇقىرىلاشتىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم، داۋاملىق باش ئاغرىش كېسەللىكلىرىگە شەربىتى تۇتقا تەڭ مىقداردىكى ئەرقى كاسىنە بىلەن قايناق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان ھالەتتە كۈندە ئۈچ قېتىمدىن 15 كۈننى بىر داۋالاش كۇرسى قىلىپ ئۇدا 45 كۈن بېرىلسە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. كانايچە زىققىسى ۋە يۇقىرى نەپەس يوللىرى ياللۇغلىرىغا 60 مىللىگرام شەربىتى تۇتقا، ئۈزۈم شىرنىسىدىن 30 مىللىگرام، شەربىتى زۇپا مۆتىدىلدىن 25 مىللىگرام ئارىلاشتۇرۇپ 45 كۈندىن 60 كۈنگىچە كۈندە ئۈچ قېتىم بېرىلسە قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۈنىڭدىن باشقا ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا يۇقىرىدىكى دورىغا گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلسە خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

شىپاخانىمىز مەزكۇر دورا ئارقىلىق يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان 35 نەپەر بىمارنى داۋالاپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كەسىپداشلارنىڭ كلىنىكىدا سىناپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

# 10 . ئانار قىيامىغا ئىش قوشۇشتا ھېس قىلغانلىرىم

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

ئانار ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلى، قوۋزىقى، يىلتىز پوستى، تاشقى پوستى، ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىبابەتچىلىكىمىزدە ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر نۇرغۇنلىغان شىپاخانىلاردا ئانار قىيامى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

ھازىر سىقىپ، سۈزۈپ تەييارلانغان ئانار دانىلىرى سۈيىگە ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسە شېكەر قوشۇلۇپ قىيام تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېكەر بىراقلا سېلىنماي ئاز - ئازدىن سېلىنىپ ئۇزۇن قاينىتىلغاچقا ئانار قىيامىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن يەنە ئانار تەركىبىدىكى ئۇچۇچان مايلار ۋە بەزى ئۈنۈملۈك تەركىبلەر بۇزۇلۇپ، ئانار قىيامىنىڭ دورىلىق ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە دورا مىقدارى كۆپ، تەسىرى ئاستا، ئېلىپ يۈرۈش تەس بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

شىپاخانىمىز دورا پىششىقلاش بۆلۈمى بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن بىر قانچە يىللىق كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىشى ئارقىلىق ئادەتتىكى شارائىتتىمۇ ئىشلىگىلى بولىدىغان، ئىش تەرتىپى ئاددىي، دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يەتمەيدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى. تۆۋەندە كەسپداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەجرىبىمىزنى تونۇشتۇرىمىز.

ئالدى بىلەن 450 مىللىگرام دىستىللەنگەن سۇنى قاينىتىپ

ئۇنىڭغا 850 گرام شېكەر سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىگەندىن كېيىن، بەش مىنۇت قاينىتىپ ئوتتىن ئېلىپ، ئىسسىق ھالەتتە ئالتە قەۋەت داكىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دىستىللەنگەن سۇدىن مۇۋاپىق مىقداردا قۇيۇپ ئومۇمىي ھەجىمىنى بىر لىتىرغا يەتكۈزۈپ ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئانار دانىلىرىنى سىقىش ماشىنىسىدا سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ سۈزۈپ بوش ئوتتا قاينىتىپ كۆپۈكلىرىنى ئېلىۋېتىپ تەييارلاپ قويۇلغان شېكەر قىيامى بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، قايتىدىن بوش ئوتتا 25 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ سوۋۇتۇلىدۇ. سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن 500 ـ 250 مىللىلىتىرلىق دېزىنفېكسىيىلەنگەن شىشىلەرگە قاچىلىنىپ ئاغزى قەلەيلىنىدۇ. شارائىتى بار ئورۇنلار يۇقىرى بېسىملىق دېزىنفېكسىيە قىلىش قازىنىدا 40 ـ 30 مىنۇت ئەتراپىدا دېزىنفېكسىيە قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ جەرياندا قۇتىلارنىڭ ئېتىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇتىلارنى داكىغا ئوراپ قويۇش كېرەك.

قىيام تەييارلاشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1 . ئانار دانىلىرىغا باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2 . ئالدىن تەييارلانغان شېكەر قىيامى بىلەن ئانار سۈيىنىڭ نىسبىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك

3 . قاينىتىش ۋاقتىنى نورمال كونترول قىلىش كېرەك.

4 . ئىسسىق پېتىلا قاچىلاپ قويماسلىق لازىم.

5 . دورىلارنى ساقلاش مۇھىتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

يۇقىرقىدەك تەييارلانغان ئانار قىيامىنىڭ pH قىممىتى 8 ـ 7 ئەتراپىدا بولۇپ سۈزۈك، رەڭگى توق قىزىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ ھەمدە تېگىگە تىنمايدۇ. شۇنداقلا ئۈنۈمىنى 15% ~ 10 يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## 11 . غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتتىن بولغان مەقئەت ئۆيۈقچە ياللۇغى ۋە ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغىنى داۋالاش

ئابلىز توختىياز

مەقئەت ئۆيۈقچە ياللۇغى ۋە ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى كلىنىكىدا نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدىغان، لېكىن تونۇش نىسبەتەن قىيىن بولغان مەقئەت كېسەللىكى. ئاساسلىق كېسەللىك ماددىسى بەدەندە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى پەيدا بولۇپ، بىماردا ئادەتلىنىش خاراكتېرلىك قەۋزىيەت بىرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەقئەت ئۆيۈقچە ياللۇغىدا مەقئەت ئىچى ئاغرىش، تارتىشىش، بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك سېزىم پەيدا بولۇش كۆرۈلۈپ، ئاغرىش كاسا، يانپاش ۋە يوتا مۇسكۇللىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. مەقئەتتىن قان ئارىلاش سۇيۇقلۇق كېلىدۇ. مەقئەت ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغىدا مەقئەت ئىچى ئاغرىيدۇ، تەرەت قىلغاندا چوڭايغان ئۆسۈكچىلەر مەقئەت سىرتىغا چىقىۋالىدۇ، لېكىن قاناش بولمايدۇ.

داۋالاشتا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى سۈرگۈچى مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھارارەتنى پەسەيتكۈچى، قان تازىلىغۇچى ۋە چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەقئەتكە دورىلار ھەمەل قىلىنىدۇ، مامىرانچىن سۈيىگە چىلانغان دورىلىق داكا ياكى مەرۋايىت مەلھىمى بىلەن يەرلىك ئورۇننى تېڭىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.

# 12. «مەجۇنى بەرشىشا» نىڭ ئەكس تەسىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم

ئابلىكىم ھىمىت

مەجۇنى بەرشىشا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، تەسىرى ئىشەنچلىك ياسالمىلارنىڭ بىرى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كلىنىكىدا ئىشلىتىش داۋامىدا مەجۇنى بەرشىشانىڭ بىر قىسىم ئەكس تەسىرلىرىنى بايقىدۇق. تۆۋەندە مەجۇنى بەرشىشانى ئىشلىتىشكە بولمايدىغان كېسەللىكلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. قاتتىق دېمى سىقىلىۋاتقان بىمارلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

كۆرسەتمىلەردە «بەرشىشا يۆتەل ۋە قاتتىق دەم سىقىشنى داۋالايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە كلىنىكىدا بەرشىشانى قاتتىق دېمى سىقىلىۋاتقان بىمارلارغا بەرگەندە تەسىرى ئەكسىچە بولۇپ، دەم سىقىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. تەھلىل قىلغىنىمىزدا بەرشىشا تەركىبىدىكى بەزرۇلبەنجى بولسا 3 – دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دورا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزرۇلبەنجىنىڭ بەزلەرنىڭ سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشنى چەكلەش رولى بولغاچقا بەرشىشا ئىشلەتكەندە كاناي ۋە يۇتقۇنچاق ئەتراپىدىكى بەزلەرنىڭ ئاجرالما ئاجرىتىپ چىقىرىشنى توسۇپ، بەلغەمنى قويۇقلاشتۇرۇپ، دەم سىقىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بەرشىشانى دېمى قاتتىق سىقىلىۋاتقان بىمارلارغا بېرىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

### 2 . جىگەر كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ جىگەر قېتىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

كۆرسەتمىلەردە « بەرشىشا جىگەر كېسىلى ۋە ئىستىسقانى داۋالايدۇ » دەپ يېزىلغان. كىلىنىكا ئەمەلىيىتى بەرشىشانىڭ جىگەر كېسەللىكلىرىنى بولۇپمۇ ئىستىسقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاندى. چۈنكى ئىستىسقا جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇش كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا جىگەرنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتى شۇنداقلا زەھەرلەرنى پارچىلاش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدىغان بولغاچقا بەزرۇلبەنجى ۋە ئەپيۇن تەركىبلىك دورىلار، جۈملىدىن بەرشىشادەك دورىلار جىگەرنى زەھەرلەپ ئىستىسقىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

### 3 . بەرشىشانىڭ نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان ئەكس تەسىرى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نەزەرىيە ئاساسلىرىغا ئاساسلانغاندا نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر كۆپىنچە مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، ساراڭلىق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى كېسەللىكلەرگە بىمارلارغا بەرشىشانى ئىشلەتكەندە، كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ۋاقتىنچە يېنىكلەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىسسىق تەبىئەتلىك بەرشىشا مېڭىنى قۇرۇتۇپ، قان تومۇر ۋە نېرۋىلارنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، ھېس تۇيغۇلارنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ، شۇڭا، بۇ خىلدىكى كېسەللىكلەرگە بەرشىشانى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

**4 . ھامىلىدار ئاياللارغا ۋە ئۆسمۈر بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ**

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە، ھامىلە ئانا تېنىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، ئانا ئىستېمال قىلغان ئوزۇقلۇق، دورا قاتارلىقلار قان ئارقىلىق بىۋاستە ھامىلىگە ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەرشىشانى ئىستېمال قىلغاندا، ئەپيۇن ۋە بەزرۇلبەنجى تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىلار ھامىلىگە تەسىر قىلىپ، زېھنىي قۇۋۋەت ئاجىزلىق، ئۆسۈپ يېتىلىشى نورمال بولماسلىق، بەزىلىرىدە تۇغۇلۇشىدىنلا ئەپيۇنغا خۇمار بولۇپ قېلىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن بەرشىشانى ئۆسمۈر بالىلارغا ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئىشلىتىش توغرا كەلسە، مىقدارى ۋە ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئاسانلا دورىغا خۇمار بولۇپ قېلىش كۆرۈلىدۇ.

**5 . خىلتلارنىڭ ئىسسىقتىن ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ**

بەرشىشانىڭ تەركىبىدە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، بەرشىشانىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ خىلتلارنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر، جۈملىدىن جىگەر، يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلسە ناچار تەسىر بېرىدۇ.

## 13 . كالىي تۆۋەنلىك كېسەلنى ئۇيغۇر تېبابەتىدە داۋالاش

يۈسۈپ داۋۇت

كالىي بەدەندە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى.

ئۇ، ھۈجەيرىلەر تۈزۈلۈشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھۈجەيرىلەردىكى ماددا ئالمىشىش، يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەمىن ئېتىش، نېرۋىلار قوزغىلىشچانلىقىنى تەڭشەش، بەدەندىكى بەزى سۇيۇقلۇقلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش جەھەتلەردە مۇھىم روللارغا ئىگە.

كالىي تۆۋەنلىك كېسىلى كۆپىنچە ھاللاردا تاماق تاللاش، بىر خىللا تاماققا ئادەتلىنىش، مېۋە ـ چېۋە ياكى سەي ـ كۆكتاتلارنى ئاز ئىستېمال قىلىش، ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشلارنى ۋاقتىدا داۋالىماي بەدەندە ئوزۇقلۇق ماددىلار كەملەش، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق جايدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەنلىكتىن داۋاملىق كۆپ تەر چىقىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كالىي ماددىسى يېتىشمەي ياكى كۆپلەپ سىرتقا چىقىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ.

كالىي ماددىسى نورمال ھالەتتىن تۆۋەنلەپ كەتسە بىمارنىڭ يۈرىكى تېز ۋە تىترەپ سالىدۇ، قان بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ، بېشى قايىدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، پۈتۈن مۇسكۇللىرى بوشىشىپ، بەدەن ماغدۇرسىزلىنىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، بەزىدە قۇسىدۇ، سۈيدۈكى كۆپىيىدۇ ياكى پات ـ پات قىستايدۇ. كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ يېنىك ياكى ئېغىرلىقى كالىي يوقىتىش دەرىجىسىنىڭ يېنىك ياكى ئېغىرلىقىغا قاراپ بولىدۇ.

كالىي تۆۋەنلىك كېسىلىنى داۋالاشتا غەرب تېبابەتچىلىكىدە بىر مۇنچىلىغان يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، كالىي تۇزى قاتارلىق دورىلارنى ئىچكۈزگەندە بىمارنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كالىي ماددىسى سۈمۈرۈلمەي قۇسۇق ماددىلىرى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئاسما ئوكۇل ئارقىلىق كالىي تولۇقلىغاندا ئاسما ئوكۇلنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش رولى بولغاچقا كالىي

ماددىسىنىڭ سۈيدۈك بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەزكۇر كېسەللىكنى غەرب تېبابەتچىلىكى بىلەن داۋالىغاندا داۋالاش مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى دورا ھەققىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن مەزكۇر كېسەللىكنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن داۋالىغاندا يۇقىرىقى ئەكس تەسىرى بولمايلا قالماي، بەلكى دورا ھەققى تۆۋەن، داۋالاش مۇددىتى قىسقا، شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن مەزكۇر كېسەللىكنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن كالىي يوقىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللارنى تىزگىنلەشكە تەدبىر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىچ سۈرۈش سەۋەب بولسا مەجۇنى مۇختەسەر، جەۋارىش كۇندۇر، پىننە مۇراببىاسى قاتارلىق تۇتقۇچى دورىلاردىن بىرىنى تاللاپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئېلىنىپ قۇسۇش سەۋەب بولسا ھەمدە يۇرەك سېلىش ئالامەتلىرى قوشۇلۇپ كەلسە گاۋزىبان، يادرەنجى بۇيا، قىزىلگۈل، رەيھان گۈلى، بىھىلارنىڭ ھەر بىرىدىن 20 گرام، تۇرۇنجى پوستى 40 گرام، ئانار ئۇرۇقى، بىھى ئۇرۇقى، مەستىكى رۇمىلارنىڭ ھەر بىرىدىن 15 گرام، شېكەر ياكى ناۋاتتىن 100 گرام ئېلىپ، ئانار ۋە بىھى ئۇرۇقىنى چالا سوقۇپ بىر لىتىر يىلمان سۇغا 6 سائەت چىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەستىكىدىن باشقا دورىلارنى سېلىپ سۇس ئوتتا ئاستا قايىنىتىلىدۇ، سۈيى 3 / 2 قىسىم قالغاندا ناۋات ياكى شېكەرنى سېلىپ بىر ئۆرلەتكەندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇلغان مەستىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 گرامدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆپ سىيىش سەۋەب بولسا مەجۇنى ئاتايى بېرىلىدۇ.

كالىي يوقىتىش تىزگىنلەنگەندىن كېيىن كالىي ماددىسىنى تولۇقلاشقا ئامال قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پىننە، قىزىلگۈل، ئاپېلسىن پوستى، سېرىق پۇرچاقلارنىڭ ھەربىرىدىن 50 گرام

ئېلىپ، 600 م ل كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن مەجۇن تەيـ
يارلاپ، كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 20—15 گرامدىن ئىسـ
تېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ كالىي ماددىسىنى تولۇقلاشتا مەنپەـ
ئەتى خېلى زور. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش
ئۈچۈن گۈلقەنت، ئانار شەربىتى، ماددەتۇلھايات قاتارلىق دورىلارنى
بەرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

يېمەك - ئىچمەكتە كالىي ماددىسى مول بولغان سەي -
كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش لازىم.
مەسىلەن: ھۆل بېدە، سېرىق پۇرچاق، ياخشى پىشقان قوغۇن
قاتارلىقلار.

## 14 . 45 نەپەر پالەچ كېسەللىنى ئۇيغۇر تېبابىتى، غەرب تېبابىتى، جۇڭيى تېبابىتى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشتىن خۇلاسە

روسۇل نىياز، رازاق ئابدۇراخمان

### ئاچقۇچلۇق سۆزلەر

پالەچ كېسىلى ( يارتا پالەچ، لەقۋا قوشۇلغان پالەچ، يەككە
پالەچ ) ، دىئاگنوز، داۋالاش

شىپاخانىمىز 2000 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە ھەرقايسى
سەۋىيەلەردىن كېلىپ چىققان ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك
پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى ياتاقتا ئېلىپ ئۇيغۇر
تېبابىتى، غەرب تېبابىتى ۋە جۇڭيى تېبابىتى بويىچە داۋالاپ قا-
نائەتلىنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. داۋالاش ئۇسۇلىمىز تۆۋەن-
دىكىچە:

### 1 . ئادەتتىكى ماتېرىيال

پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار 45 نەپەر، ئەرلەر 20

نەپەر، ئاياللار 25 نەپەر، 45 ياشتىن يۇقىرىلار 40 نەپەر، 45 ياشتىن تۆۋەنلەر 5 نەپەر، ئەڭ چوڭى 70 ياش، ئەڭ كىچىكى 42 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 56 ياش، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈر خاراكتېرلىكلەر 30 نەپەر، سوزۇلما خاراكتېرلىكلەر 15 نەپەر، يېرىم پالەچ بولغانلار 25 نەپەر، لەقۋا قوشۇلغان پالەچ بولغانلار 10 نەپەر، يەككە پالەچ بولغانلار 10 نەپەر، يۇقىرى قان بېسىم، قەنت سىيىش كېسىلىدىن بولغانلار 26 نەپەر، قاندىكى ماي ماددىسى يۇقىرىلاش كېسىلىدىن كېلىپ چىققانلار 14 نەپەر، باشقا سەۋەبلەردىن بولغىنى 5 نەپەر، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغانلار 22 نەپەر، مېڭە تىقىلمىسى ۋە قان تومۇر توسۇلۇشتىن بولغانلار 20 نەپەر، باشقا سەۋەبلەردىن بولغانلار 3 نەپەر.

## 2. كېسەللىك سەۋەبچىسى

### 1. مېڭىگە قان چۈشۈش

غەرب تېبابىتى بويىچە: مېڭىگە قان چۈشۈش، يۇقىرى قان بېسىم، ئارتېرىيە قېتىش، قان تومۇر غەيرىيلىكى، دىئابېت كېسىلى بولغاندا قان تەركىبىدىكى گلىتسېرىن، تالالىق ئاقسىللار ۋە قان پلاستىنكىلىرىنىڭ ئۇيۇشچانلىقى ئېشىپ قان تومۇر دىۋارىغا چاپلىشىپ ۋە چۆكمە ھاسىل قىلىۋېلىپ قان تومۇر كاناللىرىنى تارايتىدۇ ھەم قان تومۇر دىۋارىنى چۈرۈكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قان تومۇر بېسىمى ئېشىپ قان تومۇر دىۋارى نېپىزلاپ، قاتتىق ھاياجانلىنىش، ئېغىر ھەرىكەت قىلىش، كۈچەش سەۋەبىدىن قان تومۇر دىۋارى جىددىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىش كېلىپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە: ئۆتكۈر سەپرا خىلتى ۋە قىزىق قان خىلتىنىڭ تەسىرىدە قاننىڭ ئېقىشى تېزلىشىپ ۋە ھارارىتى ئېشىپ، قان ئايلىنىش ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ تېز بولغان مېڭە قان تو-

مۇرلىرىغا تەسىر قىلىپ قان تومۇر بېسىمىنى ئاشۇرۇپ ۋە قان تومۇر دىۋارىنى نېپىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاياجانلىنىش، زىيادە قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، كۆچەپ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا قان تومۇر بېسىمى تېخىمۇ ئېشىپ، قان تومۇرلاردا يېرىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىلىدۇ.

2. مېڭە ئىقىلمىسى ۋە قان تومۇرى توسۇلۇش

غەرب تېبابىتىدە: مېڭە ئىقىلمىسى ۋە مېڭە قان تومۇر توسۇلۇشى، قاندىكى ماي ماددىسى يۇقىرىلاش، دىئابىت كېسىلى، ئارتېرىيە قېتىش، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى سەۋەبىدىن قاننىڭ قويۇقلۇقى ئېشىپ قان تومۇر ۋە قىل قان تومۇرلاردا كوللاگېن تالالىرى، ئاقسىل ۋە قان پلاستىنكىلىرى بىرلىشىپ چاپلىشىپ نۇكچە پەيدا قىلىپ، مېڭە قان تومۇرلىرىغا بېرىپ كەپلىشىپ قېلىپ يەرلىك ئورۇننىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشىنى توسۇپ، مېڭە ئىقىلمىسى مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە: بەلغەمى غەلىيز ۋە قويۇق سەۋدا خىلىتنىڭ تەسىرىدە قاننىڭ قىزىقلىقى پەسىيىپ، ئۆتكۈرلۈكى سۇسلىشىپ، قان تومۇر ئىچىدە ئېقىشى ئاستىلاپ سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، قان تومۇر دىۋارىغا چۆكۈپ ۋە چاپلىشىپ، قان تومۇرلارنى تارايتىپ، قان ئايلىنىش ئەڭ كۆپ، ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى بولغان مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشىنى ۋە قان تومۇرلارنى توسۇپ مېڭە ئىقىلمىسى پەيدا قىلىدۇ.

3. دىئاگنوز ئاساسى

كېسەللىك تارىخى، تىپىك كلىنىكىلىق ئىپادىلىرى، بەدەن بەلگىلىرى ۋە مېڭىنى CT ئاپپاراتىدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئا-

ساسەن دىئاگنوز قويۇلدى.

## 4 . داۋالاش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن بىمارنى مۇۋاپىق، تىنچ ئارام ئالدۇرۇپ، قەرەللىك هالدا ئوكسىگېن پۈرۈتۈلدى. هوشسىز بىمارلارغا كاتېتېر سېلىندى ۋە دوۋسىقى كۈندە ئىككى قېتىم فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلدى. قىزىتمىسى يۇقىرى بىمارلارغا مۇز بۆك كىيگۈزۈلدى.

مېڭىسىگە قان چۈشكەن بىمارلاردا كۆرۈلگەن جۆيلۈش، قاتتىق باش ئاغرىش، قان بېسىمى يۇقىرىلاش ئەهۋاللىرىغا قارىتا مېڭىنىڭ ئىچكى بېسىمىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن 2% ماننىتول (甘露醇) سۇيۇقلۇقىدىن 250 مىللىلىتىر هەر 2 ـ 6 سائەتتە بىر قېتىمدىن ۋېناغا تېز سۈرئەتتە ۋېناغا تامچىلىتىلدى. فۇروزېمىد (速尿) ئوكۇلىدىن 20 ـ 40 مىللىگرام هەر 2 ـ 6 سائەتتە بىر قېتىمدىن ۋېناغا ئۇرۇلدى هەمدە قەرەللىك هالدا قاندىكى كالىي، ناترىي، كالتسىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار تەكشۈرۈلۈپ تولۇقلاپ تۇرۇلدى. رېزېرپىن (利血平) ئوكۇلىدىن بىر مىللىگرام هەر 4 ـ 6 سائەتتە بىر قېتىمدىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىندى. بىمار سۇيۇقلۇق ئىچەلىگۈدەك بولغاندا ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىدىن شەربىتى كاسىنە، شەربىتى بىنەپشە، ئەرقى بەدىيان قاتارلىقلار 30 ـ 70 مىللىلىتىردىن كۈندە 3 ـ 4 قېتىم ئىچكۈزۈلدى. قاناشنى توختۇتۇش ئۈچۈن رېپتىلازا (立止血)، $V_1tK_1$ ئوكۇلى ئېتامسىلات (止血敏) ئوكۇلى كۈندە بىر قېتىمدىن 3 ـ 5 كۈنگىچە بېرىلدى. مېڭە هۈجەيرىلىرىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن برائىن پروتېئىن هىدرولىزات (脑蛋白水解物) ئوكۇلىدىن 20 مىللىلىتىر 0.9% فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۇيىدىن 250 مىللىلىتىرغا قوشۇلۇپ تومۇردىن بېرىلدى. 10 ـ 14 كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىندى. ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىدىن

مائۇلئۇسۇل سادده 30 مىللىلىتىردىن كۈندە 3 قېتىم ئىچكۈزۈلدى. تەركىبى: ھەسەل 500 گرام، سۇ 1500 مىللىلىتىر، زەپەر 3 گرام، زاراڭزا چېچىكى 5 گرام، ئاق سەندەل 3 گرام.

مېڭە تىقىلمىسى بولغان بىمارغا قارىتا قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئوكسىگېن پۈرتىش، مېڭە ئىچكى بېسىمىنى چۈشۈرۈش، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، قان نوكچىسىنى ئېرىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. يەنى برائىن پروتېن (脑蛋白水解物) ئوكۇلدىن $10^{U}$ 0.9% تۇز سۇيىدىن 250 مىللىلىتىرغا قوشۇلۇپ ۋېناغا كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي 6 قېتىم تامچىلىتىلدى. (蝮蛇抗栓酶) ئوكۇلى تېرىگە سىناق قىلىنغاندىن كېيىن 0.9% تۇز سۇيىگە 250ml دىن قوشۇلۇپ، كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي 10 _ 14 كۈنگىچە ۋېناغا تامچىلىتىلدى. بۇ دورىلارنى ئىشلەتكەندە قاننىڭ ئۇيۇش ۋاقتى، قاناش ۋاقتى ۋە قان پلاستىنكىلىرىنىڭ سانى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى.

ئۇيغۇر تىبابىتىدە خىلتقا قارىتا مۇنزىج 7 _ 14 كۈنگىچە بېرىلىپ ئاندىن كېيىن ئايارەج پەيقىرا 6 گرامدىن كۈندە بىر قېتىم، ھەببى مەنتىن 3 _ 6 گرامدىن كۈندە بىر قېتىمدىن بېرىلىپ ماددا تازىلانغاندىن كېيىن مائۇلئۇسۇل سادده 30 مىللىلىتىردىن كۈندە 3 قېتىم ئىچكۈزۈلدى. ھەمدە قىرىق قۇلاق، ئالقات جەۋھىرى 30 گرامدىن كۈندە 3 قېتىم، مەتبۇخى ئەفتىمون شەربىتى 30 مىللىلىتىردىن كۈندە 3 قېتىم، داۋائىل مىشكى شىرىن 3 گرامدىن، ئىترىفىل كەشنىز 4 گرامدىن كۈندە 2 قېتىم بېرىلدى (بىر داۋالاش كۇرسى 1 _ 3 ھەپتە قىلىندى)، ئاندىن كېيىن مائۇلئۇسۇل مۇرەككەپ 15 _ 30 كۈندە 3 قېتىم بېرىلدى. تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 6 گرام، كەرەپشە يىلتىزى پوستى 30 گرام، بەدىيان يىلتىزى پوستى 30 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 12 گرامدىن، ئارپا بەدىيان 12 گرام، رۇم بەدىيان 12 گرام، ئىزخىر يىلتىزى 12 گرام، بوزىدان 9 گرام، ئادراسمان

9 گرام، جېنتىيانا 8 گرام، قېلىن قوۋزاق دارچىن 8 گرام، ئاسارۇن 6 گرام، ھەببى بىلىسان 6 گرام، سۇ 1500 مىللىلىتىر، ھەسەل 500 گرامدىن قايىنتىپ شەربەت ياسىلىدۇ) كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىش باسقۇچىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن جۇڭيى تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئاساس قىلىنىپ داۋالاندى.

سىرتقى مەنبەلىك پالەچلەنگەن ئاغرىقلارنى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردىن زەيتۇن يېغى، قەلەمپۇر يېغى، چۈمۈلە يېغى، چايان يېغى بىلەن مايلاپ كۈندە بىر قېتىم يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ئاپتاپقا قاقلاپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، ئۇۋۇلاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. (بىر داۋالاش باسقۇچى ئىككى ھەپتە) جۇڭيى تېبابەت ئىلمى بويىچە كېسەللەنگەن قىسمىغا يىڭنە سانجىپ توك ئارقىلىق غىدىقلاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. يۈز قىسىم قوشۇلۇپ پالەچلەنگەن بىمارلارغا جۈيلىياۋ، دىساڭ پەللىسى ۋە شاۋەن قاتارلىق قوشۇمچە پەللىلەرگە كۈندە بىر قېتىم يىڭنە سانجىپ 30 مىنۇت غىدىقلاش ئېلىپ بېرىلدى. بىر داۋالاش مۇددىتى 15 كۈن قىلىندى. قول قىسمىدىكى خېگۇتوڭلى، لى جىن، ياڭ لىياۋ پەللىلىرىگە يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يىڭنە سانجىلدى. پۇت قىسمىدىكى خەن تاۋ، فىڭ شى، ياڭ لىڭچۈەن، زوسەنلى، سىچياڭ، لى شىن، چاڭ شىن قاتارلىق پەللىلەرگە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە يىڭنە سانجىلىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى.

كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغاندا خىمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى 6 گرامدىن 2 قېتىم بېرىلدى. ھەببى قوقىيا 4 گرامدىن كۈندە بىر قېتىم بېرىلدى. ھەمدە شىپائى ئابىزەن دورا سۇيۇقلۇقى بىلەن ھورداقتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى ۋە كۈندە بىر قېتىم 10 كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىندى.

### 5. داۋالاش نەتىجىسى

پالەچ كېسەللىكلىرىنى غەرب تېبابىتى، ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە

جۇڭيى تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش، داۋالاش نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇش، CT دا قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا بىمارلاردىن ساقايغانلار 38 نەپەر بولۇپ 85.9% نى، ياخشىلانغانلار 3 نەپەر بولۇپ، 79% نى، ئاساسەن ياخشىلانغانلار 2 نەپەر بولۇپ، 49% نى، ساقايمىغانلار 2 نەپەر بولۇپ، 49% نى ئىگەلىگەن.

## 6. خۇلاسە

شىپاخانىمىزدا 45 نەپەر پالەچ كېسىلىنى كۆزىتىش ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان پالەچ كېسەللىرىنى غەرب تېبابىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاشتىن قارىغاندا، جىددىي باسقۇچىدا غەرب تېبابىتى ۋە جۇڭيى تېبابىتى بويىچە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ داۋالاپ، سوزۇلما باسقۇچىدا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇنزىج ۋە مۇسھىللىرىنى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنى بېرىش، جۇڭيى تېبابىتىنىڭ يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇنداق 3 نى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئارقىلىق بىمارنىڭ سالامەتلىكىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرگىلى، ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتكىلى ۋە قايتا قوزغىلىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

## 7. ساقىيىش ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى.

1. ساقايغان كېسەللىك ئالامىتى يوقىلىپ، مۇسكۇل كۈچى IV -دەرىجىدىن يۇقىرى بولغانلار ۋە CT دا كېسەللىك ئاسارىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلار.

2 . ياخشىلىنىش ئۆلچىمى: كېسەللىك ئالامىتى، بەدەن بۆلگىلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، مۇسكۇل كۈچى Ⅱ – دە-رىجىدىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەنلەر. CT دا كېسەللىك ئاسارىتى ياخشىلانغان.

3 . ئاساسەن ياخشىلىنىش ئۆلچىمى: كېسەللىك ئالامىتى ۋە بەدەن بەلگىسى بىر ئاز ياخشىلىنىپ، مۇسكۇل كۈچى Ⅰ – دە-رىجىدىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەنلەر، CT بىر ئاز ياخ-شىلىنىش بولغانلار.

4 . ساقايمىغانلىق ئۆلچىمى: كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ئالامەت-لىرى ياخشىلانمىغانلار ۋە CT ئاپپاراتىدا تەكشۈرگەندە ئىلگىرى-لەش بولمىغانلار.

## 15 . ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاشتىكى ئالتە زۆرۈر شەرتى — ئىنسانلار ساغلاملىقىنىڭ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ئاساسى

ئابلەي مەتنىياز

بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيىسىدىكى ساقلىقنى ساق-لاشتا ئەڭ زۆرۈر بولغان 6 زۆرۈرىيەت ( سىتتە زۆرۈرىيەت ) يەنى ھاۋا، يېمەك – ئىچمەك، ھەرىكەت ۋە جىمجىتلىق، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق، چىقىرىش ۋە تۇتۇش شۇنداقلا روھىي ئامىللارنىڭ ساقلىقنى ساقلاشتىكى مۇھىم رولى ۋە ئەھمىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### 1 . ھاۋا

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھاۋانىڭ ساپ ۋە پاكىز بولۇشى ھاياتلىق ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق ۋە زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭ بۇلغىنىشىمۇ

شۇنچىلىك خەتەرلىك ۋە زىيانلىق دەپ قارايدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ ماددىنىڭ بىرى بولغان ھاۋا روھنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ، ھاياتلىق كۈچىنى شەكىللەندۈر-گۈچى خام ئەشيادۇر.

ئىنسان ھەر قېتىم نەپەسلەنگەندە ئۆپكىسى ئارقىلىق ساپ ھاۋا ( ھاۋائىي نەسىمى ـ $O_2$ ) نى قوبۇل قىلىپ بۇلغانغان ھاۋا ( ھاۋائىي دۇخانى ـ $CO_2$ ) نى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ. ساپ ھاۋانىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىر قىسىم جىددىي كېسەل-لىكلەرنى تېز قۇتقۇزغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئادەم ئوزۇقسىز بىر ھەپتە، سۇسىز 3 كۈن ياشىيالىسىمۇ، ھاۋاسىز 5 مىنۇت ياشىيالمايدۇ. بۇنىڭدىن ھاۋانىڭ ئادەم ھاياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

شۇڭا، ماكرو جەھەتتىن يەر شارى ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، مىكرو جەھەتتىن مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاپ، ئۆي ھاۋاسىنىڭ، ساپلىقىنى ساقلاش لازىم. ھاۋا بۇلغانسا ھەر خىل يۇقۇملۇق ۋە جىددىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھاۋانىڭ ھەر پەسىلدىكى ئۆزگىرىشىگە قارىتا مۇۋاپىق كىيىنىش ھەم ئوزۇقلىنىش، ئۆي ھاۋاسىنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، بوش ۋاقىتلاردا ھاۋاسى ساپ جايلارنى ئايلىنىش لازىم. نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلار ھاۋاسى ساپ جايلاردىكى كىشىلەر-نىڭ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شۇڭا، ساغلام ياشىسام دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن ھاۋانىڭ ساپ بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بولغانغان چاغ ـ تۇزانلىق مۇھىتتىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

### 2. يېمەك ـ ئىچمەك

بۇنىڭدىن ئون ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن شاھانە ئەسىرىدە:

ئېغىزدىن كىرىدۇ ئاش بىلەن كېسەل،

قېرىتۇر كىشىنى يېيىشدىن ئەۋۋەل دەپ كېسەلنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلغان.

ئادەمنىڭ ساقلىق ياكى كېسەللىك ھالىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك، پۈتۈن بەدەننى ئېنېرگىيە ۋە كېرەكلىك ماددىلار بىلەن تەمىنلەپ، ھاياتلىقنى ساقلاشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. دېمەك يېمەك - ئىچمەكنى ھاۋادىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان زۆرۈر شەرت دېيىشكە بولىدۇ.

ھەر كىم ئۆز ۋاقتىدا غىزالىنىشى، تاتلىق ئوبدان پىشقان بولۇشى، تازىلىقى ياخشى بولۇشى، قۇۋۋەتى يېتەرلىك بولۇشى، مىقدارى نورمال بولۇشى لازىم.

تاماق ياخشى چاينىلىشى، ئەتىگەندە ياخشى يېيىش، چۈشتە تويغۇچە يېيىش، كەچتە ئاز يېيىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

تاماق يېگەندە ئاشقازاننىڭ ئاستى 3 / 1 قىسمى تاماق بىلەن، ئوتتۇرا 3 / 1 قىسمى سۇ بىلەن تولۇشى، ئۈستى 3 / 1 قىسمى بوش قالدۇرۇلۇشى لازىم.

ئومۇمەن، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، كۆپ تاماق يېمەسلىك، بەدەن ئېھتىياجىغا قارىتا ئوزۇقلىنىش لازىم. كەچتە تاماق يەپلا يېتىۋالماسلىق، تاماقتىن كېيىن 10 - 15 مىنۇت دەم ئالغاندىن كېيىن مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش لازىم.

تاماقنى تەڭشەپ يېيىش، يەنى قويۇق تاماقلار بىلەن سۇيۇق تاماقلارنى، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلار بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ يېيىش لازىم .

يازدا سۇيۇق - سەلەڭ، سوغۇقلۇق تاماقلارنى ئاساس ئىستېمال قىلىش، قىشتا قۇۋۋەتى يۇقىرى، ئىسسىقلىق تاماقلارنى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىش لازىم.

ھەر كىم مىزاجىغا ئاساسەن ئوزۇقلىنىش يەنى ئىسسىق

مىزاجلار سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى ئاساس قىلىپ، سوغۇق مىزاجلار ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى ئاساس قىلىپ ئوزۇقلىنىشى لازىم.

تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول يۇيۇشنى، ئېغىز چايقاشنى ئادەت قىلىشى لازىم. بۇ ساقلىقنى ساقلاشتىكى ئىككىنچى زۆرۈر شەرت بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ساقلىقى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## 3. ھەرىكەت ۋە جىملىق (ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش)

ھەرىكەت ۋە جىملىق ھاۋا ۋە ئوزۇقلىنىشتىن قالسىلا ساقلىق ساقلاشتىكى يەنە بىر زۆرۈر شەرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە دائىم چېنىقىدىغان، جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بەدىنى چىڭ، ھەرىكەتتى چاققان، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تېنى ساغلام كېلىدۇ.

چېنىقمايدىغان، جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەن ساپاسى ناچار، تېنى ئاجىز، ھورۇن، بوشاڭ، ئۇيقۇچان، سېمىز، رەڭگى - روھى خۇنۇك بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئاسانلا پالەچ، مۇپاسىل، بوۋاسىر، يۇقىرى قان بېسىم، ھەر خىل ئىششىق، قان ئازلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئاسان گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى ئورۇننى، ۋاقىتنى تاللىشى لازىم. ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكنى ئۆزئارا مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش، نوقۇل ھالدا ئەقلىي ئەمگەك ياكى جىسمانىي ئەمگەكنى ئۇزۇنغىچە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

شۇڭا، ھەرىكەت بىلەن دەم ئېلىشنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ساقلىق ئۈچۈن يەنە بىر زۆرۈر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

## 4 . ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق

ئۇيقۇ نورمال بولۇشمۇ ساقلىق ساقلاشتىكى زۆرۈر شەرتلەر-نىڭ بىرى. مەلۇم تەتقىقات ئورنى ئۇيقۇ بىلەن ئوزۇقلىنىشنى سېلىشتۇرماقچى بولۇپ، بىر تۈركۈم چاشقانلارغا ئوزۇق بېرىپ قەتئىي ئۇخلاتمىغان. يەنە بىر تۈركۈم چاشقانلارغا ئوزۇق بەرمەي ئۇخلاتقان. نەتىجىدە بىر قانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇخلى-غان چاشقانلار ئامان قېلىپ، ئۇخلىمىغان چاشقانلار ئۆلۈپ تۈ-گىگەن.

يۇقىرىقى تەجرىبىدىن ئۇيقۇنىڭ ئوزۇقلۇقتىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. نورمال ئۇيقۇ پۈتۈن بەدەننى، ئەزالارنى ئارام ئالدۇرىدۇ ۋە هاردۇق چىقىرىدۇ. كۈچ - قۇۋۋەت تولۇقلايدۇ. ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلايدۇ. نېرۋىلارنى تىنچلان-دۇرىدۇ. ئۇيقۇنىڭ نورمالسىز، ئاز، ياخشى بولماسلىقى باش ئاغرىش، نېرۋا ئاجىزلىق، ئورۇقلاش، كۆز ئاغرىش، پۇت - قول ئېغىرلىشىش، زېھنى قۇۋۋەت تۆۋەنلەش، يۈرەك، ئۆپكە كېسەل-لىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم ئىبنىسىنا كۈندۈزدىكى ئۇيقا ياماندۇر. ئۇ نەم-لىكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى، نەزلە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ، چىرايىنى بۇزىدۇ، تال كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ، نېرۋىلارنى جىددىيلەشتۈرىدۇ، ئىشتىهانى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىششىق ۋە تۈرلۈك قىزىتمىلارنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئارتۇقچە ئۇيقۇنىڭ زىيانلىقىنى تەكىتلىگەن.

شۇڭا، مۇۋاپىق ئۇيقۇ ساقلىق ساقلاشتىكى يەنە بىر زۆرۈر ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## 5 . چىقىرىش ۋە تۇتۇش

ماددا ئالماشتۇرۇش هاياتلىقنىڭ ئاساسى پائالىيەتلىرىنىڭ

بىرى بولۇپ، بۇ تېبابەتتە چىقىرىش ۋە تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەم بەدىنى ئوزۇقلۇق، هاۋا، سۇ قاتارلىق كېرەكلىك ماددىلارنى قوبۇل قىلىپ، كېرەكسىز ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ. كىرىش - چىقىشنىڭ نورمال بولۇشى ساقلىق ساقلاشتا ناهايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش، تەرلەش، قۇسۇش، هەيز كۆرۈش، بەلغەم تۇكۇرۇش، مەنىي چىقىرىش... قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى چىقىرىش بولۇپ، بۇلار نورمالدىن ئېشىپ كەتسە بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ئورۇقلاش، بەدەن ئاجىزلىشىش، قان ئازلىق، سۇ يوقىتىش، هوشسىزلىنىش... قاتارلىق نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۇتۇش نورماللىقتىن ئېشىپ كەتسىمۇ ئوخشاشلا قەۋزىيەت، هەيز توختاش، سىيدۈك تۇتۇلۇش... قاتارلىقلار كېلىپ چىقىپ قورساق كۆپۈش، ئىشتەي تۇتۇلۇش، قان قويۇلۇش، ئىششىق... قاتارلىق بىر مۇنچە كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بولۇپمۇ كۆپ مەنىينى چىقىرىشتىن ئالاھىدە ساقلىنىش لازىم. بولمىسا ئادەم ئاسان قېرىپ كېتىدۇ. ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېزلا ئاجىزلايدۇ. ئاسان قورۇق چۈشىدۇ. چاچ، ساقاللار تېزلا ئاقىرىپ، چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، چىقىرىش ۋە تۇتۇشنىڭ نورماللىقى ساقلىق ئۈچۈن يەنە بىر زۆرۈر ئامىللارنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ.

## 6. روهىي ئامىل

هېكايە قىلىنىشىچە لوقمان هېكىم ناهايىتى ئۇستا بىر شاگىرتنى تەربىيىلەپ چىققان ئىكەن. لېكىن بۇ شاگىرتى مەن - مەنچى، تەكەببۇر چىقىپ قاپتۇ. هەم كىشىلەرگە مەن ئۇستازىمدىن بىلىمدە ئېشىپ كەتتىم، ئىشەنمىسەڭلار بىلىمدە ئۇس-

تازىم بىلەن سىنىشالايمەن دەپ يۈرۈپتۇ. بۇ گەپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇستاز بىلەن شاگىرتقا ئەڭ كۈچلۈك زەھەر ياساپ چىقىشنى، ھەم بىرى ياسىغان زەھەرنى يەنە بىرى ئىچىپ شۇ زەھەرنى قايتۇرۇشقا، ئامال قىلىش ھەققىدە سىنىششقا بۇيرۇپتۇ. ئاۋۋال شاگىرت شۇنداق كۈچلۈك زەھەر ياساپ چىققان ئىكەن. لوقمان ھېكىم زەھەرنى ئىچىپ خام سۈت ئىچكەندىن كېيىن، سۈت قاچىلانغان چوڭ كوزىغا چۈشۈپ يېتىپتىكەن ھېچنەرسە بولماپتۇ.

نۆۋەت لوقمان ھېكىمگە كەپتىكەن لوقمان ھېكىم باشقا شاگىرتلىرىغا 41 كۈن ھاۋانچا سوقتۇرۇپ بىر دورىنى تەييارلاپ شاگىرتىغا ئىچكۈزۈپتىكەن. شاگىرت شۇ زامان جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە شاگىرتىغا ئىچكۈزگىنى سۇ ئىكەن.

—ئۇستاز ناھايىتى كۈچلۈك زەھەر تەييارلىدى دەپ بەك جىددىيلىشىپ قورقۇپ كەتكەن شاگىرت سۇنى ئىچىپلا ئۆلگەن ئىكەن.

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق پسىخولوگىيە ئالىمى دالى كارنىگ ئەپەندىمۇ كېسەللەرنىڭ 60% تى روھىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن.

يۇقىرىقىلاردىن روھىي ئامىللارنىڭ ساقلىق ساقلاشقا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

روھىي ھالەتكە مۇناسىۋەتلىك ئامىللار ساقلىق ساقلاشقا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇزۇن داۋام قىلغان دىققەتچىلىك، غەم ئەندىشە، روھىي زەربە ( كۆڭۈل ئاغرىقى، قورساق كۆپۈكى ) قاتارلىقلار بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مىجەزنى بۇزىدۇ، بىر قىسىم يۈرەك كېسەللىكلىرىنى، قان بېسىم كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

بەزى جىلىخور ئادەملەرنىڭ ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تېزلا ئۆلۈپ كېتىشى، بەزى ئېغىر بېسىق ئادەملەرنىڭ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئەمەلىيەتتە روھىي ئامىللارغا باغلىق دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، سوغۇق قانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش تەن سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالتە زۆرۈرىيەت قارىشى چوڭقۇر ئىلمىيلىققا، كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ساقلىنىش، ساقلاش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ مىزانى ۋە ئۆلچىمى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك ساغلام ياشاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي دېگەن ھەر بىر كىشى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ساقلىنىش ساقلاشتىكى يۇقىرىقى ئالتە زۆرۈر شەرتلىرىگە تولۇق، ئەستايىدىل ئەمەل قىلسا، ئۆزىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ، كېسەللىكلەردىن خالىي بولالايدۇ، ھاياتلىق قۇۋۋىتىنى ساقلاپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولالايدۇ.

---

پايدىلانمىلار

1. ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ ھاجى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيە ئاساسلىرى دەرسلىكى» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 163 - بەتلەر.

2. ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ ھاجى، ئابلىمىت مەمەت ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى 1 - توم «مىللەتلەر نەشرىياتى» 19 - يىل - نەشرى، 75 - ، 91 - بەتلەر.

3. ئەبۇئەلى ئىبىنىسا «تېبابەت قانۇنى) شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 161 - بەت.

4. ھەكىم، سۇلتان ئەلى «دەستۇرۇل ئىلاج» شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى ، 1 - بەت.

# 16 . تېبابىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

ئابلەي مەتنىياز

تېبابىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېنىقراقى ھازىرقى زامان سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەربىر ئۇيغۇر تېبابەت خادىمى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىرقانچە تۇرلۇك قاراشلىرىمنى كەسىپداشلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىگە سۇنىمەن.

**1 . داڭلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش توغرىسىدا**

1 . پېشقەدەم داڭلىق تېۋىپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش توغرىسىدا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان « ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى » ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكلىرى ۋە باشقا بىرنەچچە كىتابلار نەشر قىلىنىپ، تېبابەت ساھەسىدىكى كىتاب كەمچىللىكتىن ئىبارەت بىر بوشلۇق ئاز - تولا تولۇقلانغان بولسىمۇ ، ئەمما مول تەجرىبىلىك تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى يەنىلا ناھايىتى ئاز نەشر قىلىندى. كۆپ قىسىم داڭلىق تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى نەشر قىلىنمىدى. نۆۋەتتىكى داڭلىق تېۋىپلىرىمىز ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلىپ كېتىۋاتقان پەيتتە، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى رەتلەش، توپلاش، نەشر قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مول داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھاۋۇدۇن ھاجى، مەنسۇر ھاجى، ھەسەن داموللا، نىياز بەگ، سامساق ئۇستىلارنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرى بولسىمۇ نەشر قىلىنىپ قالغان بولسا تېبابىتىمىز ئۇچۇن قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى ؟ ئۇستاز ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجىنىڭ نەشردىن چىق-

مىغان كىتابلىرى نەشردىن تولۇق چىقالىغان بولسا تېبابىتى-مىزگە يەنە بىر كۆچ قوشۇلغان بولماسمىدى؟ ئالدىمىزدا مۇتە-ئۆللا قارى ھاجى، پەتقۇللا سوپى، ئابلىمىت مۇھەممەت قاتارلىق بىر قانچىلا پېشىۋالىرىمىز قالدى. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭمۇ 40 – 50 يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى رەتلەپ چىقىپ نەشر قىلىپ قالدۇرۇۋالمىساق تېخىمۇ پۇشايمانغا قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ.

2. تېبابىتىمىزدىكى تەرجىمە مەسىلىسى

تارىختا نۇرغۇنلىغان تېبابەتچىلىك كىتابلىرىمىز ئەرەب، پارس تىللىرىدا ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئابدۇرەھىم قادىر ئەپەندى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلىدا «ئۇيغۇر تې-بابەت قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە تەتقىقاتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى ئارقىلىق يۇقىرىقى تىللاردا يېزىلغان ئەسەر-لەردىن ئېنىق ئۇچۇر بەردى. ئەنە شۇ ئۆز ئەسەرلىرىمىزدىن خە-ۋەردار بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇچۇن ئىلگىرىكى تېۋىپلار بولسۇن ياكى ھازىرقى تېۋىپلار بولسۇن ئىككى، ئۈچ خىل تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش زۆرۈر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇي-غۇر تېبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى مەكتەپلىرى ۋە كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. مەزكۇر ئەسەرلەرنى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆز تىلىمىز ئارقىلىق ئۆگىنەلەيدى-غان مەقسەتكە يەتسەك بۇ ئەلۋەتتە يامان ئىش ئەمەس ئىدى.

ھازىرقى تېۋىپلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تولۇق ساۋادى بولماسلىق بىلەن بىللە تېبابىتىمىز-نىڭ قەدىمىي ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چوڭ بوشلۇقنى شەكىللەندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە مەن تىل ئۆگەنمەسلىكنى تەشۋىق قىلماقچى ئەمەس. تىلنى ئەلۋەتتە ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ

نەرسىلەرنى باشقا تىللار ئارقىلىق ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگەنمەي، بەلكى باشقا تىبابەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل ئۆگىنىش كېرەك.

## 2. زامانىۋى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى قوللىنىش توغرىسىدا

ئىلغار تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى مەلۇم بىر خىل تىبابەتچىلىككىلا تەئەللۇق نەرسە ئەمەس. كىم ئىشلىتىپ پايدىلىنالىسا بولىۋېرىدۇ. هازىرقى زامان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق كېسەللىك دىئاگنوزىنىڭ توغرىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش. داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇهىم ئامىل بولۇپ قالدى.

هازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىلىرىدا بىر قەدەر ئىلغار بولغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى قوللىنىلىپ، تىبابىتىمىز ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە خېلى كۆپ قىسىم شىپاخانىلاردا ئىقتىساد يار بەرمەسلىك، كەسپىي خادىملار كەمچىل بولۇش، كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئۇلاردا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى كەمچىل هەتتا پەقەتلا يوق. بۇ تىبابىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلار بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈش، شىپاخانىلار چارە - ئامال تېپىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم.

## 3. دورا مەسىلىسى توغرىسىدا

دورا كېسەللىكتىن ئىبارەت دۈشمەنگە ئېتىلىدىغان ئەجەللىك ئوق. دورا بولمىسا كېسەللىكنى داۋالاش مۇمكىن ئەمەس. هازىر

ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش، ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋاللىرى يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا دورا خام ئەشيالىرىنىڭ سۈرۈكى ئۆتۈپ كېتىش، يەرلىك دورىلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن دورىلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، بىر قىسىم چوڭ ياسالمىلىرىمىزنىڭ تەركىبىنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكى، ھەرقايسى شىپاخانىلار ئۆز ئالدىغا دورا تەييارلاش قاتارلىق سەۋەبلەر گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ناھايىتى ئاز ياكى ئاستا بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ناچار تەسىرلەر تۈپەيلىدىن دورىلىرىمىز بازارغا كىرىشتىن، تاۋارلىشىشتىن مەھرۇم قېلىپ، تار دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىپ، تار دائىرىدە ئىشلىتىلىشتىن ئىبارەت تولىمۇ بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

## 4 . باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا

باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، تېببىي خادىملارنى كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەپ ئۇلارنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، كلىنىكا تەتقىقاتىنى چىڭ تۇتۇش ۋە بۇ ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېبابىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەربىر باشقۇرغۇچى خادىمدىن تارتىپ، داۋالاشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى تېببىي خادىملارغىچە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، بوشاشماي تىرىشىش تۇيغۇسى بولۇشى لازىم. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش، تېبابەتچىلىكنى ئۆز ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان تېبابەتچىلىككە ئايلاندۇرۇش، ئۇنى ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا ماس قەدەملىك ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن

تىرىشىش ھەر بىر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

## 17. دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىم

ئابلەي مەتنىياز

شىپاخانىلاردىكى دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش كۆپ كىشىلەر سەل قارايدىغان، ئەمما مۇھىم بولغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى. دورا ئامبارلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش دورىلارنىڭ سۈپىتى ۋە تولۇقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىش. شۇڭا، شىپاخانىلاردىكى دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

1. دورا كىرگۈزۈشتە ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق سېتىۋېلىش. يەنى داۋالاشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى كۆپرەك سېتىۋېلىش، ئازراق ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ئازراق سېتىۋېلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا دورىلارنىڭ يېڭى، پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. سۈپىتى ئۆزگەرگەن ۋە كونىراپ ئۈنۈمىنى يوقاتقان دورىلارنى قەتئىي سېتىۋالماسلىق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا دورىلار ئۇزاق مۇددەت بېسىلىپ قېلىپ ئوبوروتقا تەسىر يېتىدۇ. مۇھىمى دورىلارنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى بەزى يامان تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. ئامبارغا كىرگۈزگەن دورىلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇش لازىم. ئەگەر كىرگۈزگەن دورا خام دورا بولسا، ئارخىپقا دورىلارنىڭ

نامى، يىغىۋېلىنغان ۋە ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ۋاقتى، خۇسۇسىيىتى، ئۈنۈملۈك تەسىرىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى، ساقلاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئېنىق يېزىلىشى لازىم. ئەگەر پىششىق دورا بولسا، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن باشقا دورىلارنىڭ ياسالغان ۋاقتى قاتارلىقلار يېزىلىشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا ۋاقتى ئۆتكەن، ئۈنۈمى يوقالغان دورىلارنى ئىشلىتىشتەك ناچار ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، شىپالىق ئۈنۈمى تۆۋەنلەپلا قالماي، بەلكى تېبابىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ ئازراق زىيانىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۈپىتى ئۆزگەرگەن دورىلارنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

3. دورا ئامبارلىرىغا مەسئۇل كىشى ئامبارلاردىكى دورىلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، بېسىلىپ قالغان، مىقدارى ئاز قالغان ۋە بۇزۇلۇپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن دورىلارنى ئېنىقلاپ ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

قىسقىسى، شىپاخانىمىزدىكى دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشتا يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرمەي تۇرۇپ باشقا خىزمەتلەرنى ھەر قانچە ياخشى ئىشلىسىمۇ، داۋالاشتا زۆرۈر بولغان دورىلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، داۋالاش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، شىپاخانىلاردىكى دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تېخنىكا ئۆلچەملىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا دورا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشنى داۋالاش ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

# 18 . تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمىنىڭ كېرىلىپ كېتىشى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا

ئابلەي مەتنىياز

تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمىنىڭ كېرىلىپ كېتىشى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە دائىم ئۇچرايدىغان، ئەمما ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل سۆڭەك كېسەللىكى. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە پۇت پەنجىسىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە قايرىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاشقى پاقالچاق ئوشۇق قىسمى يان تەرەپكە ( ئۇدۇلىغا ) ياكى ئالدى – كەينى تەرەپكە كېرىلىپ ( سۇرۇلۇپ ) كېتىدۇ – دە پۇتنىڭ ئوشۇق قىسمى، ئوشۇق بوغۇمىدا ئىششىش، زەخملەنگەن پۇت ساق پۇتقا قارىغاندا غەيرىي بولۇپ قېلىش، مېڭىش قىيىنلىشىش، زەخمە ئېغىر بولسا ئاغرىق دەستىدىن يەرگە دەسسىيەلمەسلىكتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە كېرىلىش ئېغىر بولسا رېنتگېن ئارقىلىق دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا، يېنىك دەرىجىدە بولسا رېنتگېن ئارقىلىق ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا پەقەت زەخملەنگەن پۇتنى ساق پۇتقا سېلىشتۇرۇپ ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە تاشقى پاقالچاق ئوشۇق قىسمىنى باسقاندا ئاغرىشتەك ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئاندىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. بۇ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشتا سېلىشتۇرما دىئاگنوزغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى تاشقى پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىدىن بىر قىسمىنىڭ سۇنۇقىدىن، ئوشۇق بوغۇم ياللۇغىدىن، ئوشۇق بوغۇم چېقىقىدىن، ئو-

شۇق بوغۇم پەيلىرىنىڭ زەخىملىنىشىدىن پەرقلەندۇرۇش لازىم.

تاشقى پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچتىن بىر قىسمىنىڭ سۇنۇقىدا ئاغرىق ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭغا رېنتگېن نۇرى ئارقىلىق ئېنىق دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ. ئوشۇق قىسمىنى باسقاندا قاتتىق ئاغرىش بىلەن يەرلىك ئورۇندىن غۇچۇرلىغان ئاۋاز چىقىدۇ.

ھوشۇق بوغۇم ياللۇغىدا بوغۇم ئىششىيدۇ، رېنتگېن ئارقىلىق دىئاگنوز قويغىلى بولمايدۇ. بوغۇمنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە ئوتتۇراھال ئاغرىيدۇ، بەزىدە قىزىش قوشۇلۇپ كېلىدۇ. تاشقى پاقالچاق ئوشۇق قىسمىنى باسقاندا ئاغرىمايدۇ.

ئوشۇق بوغۇم چىقىقىدا تولۇق چىقىقنى رېنتگېن ئارقىلىق ئېنىقلىغىلى بولىدۇ، ئەمما يېرىم چىقىقنى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئىنچىكە كۆزەتكەندە، ھوشۇق بوغۇم پەنجە قىسمى ئىچكى ياكى سىرتقى تەرەپكە قايرىلغان ھالەتتە بولىدۇ.

ئوشۇق بوغۇم پەيلىرىنىڭ زەخمىسىدە پەيلەردە ئاغرىق بولىدۇ، تاشقى ئوشۇق سۆڭەكنى باسقاندا ئاغرىمايدۇ. ئەمما يېنىك دەرىجىدە ئىششىيدۇ.

تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمىنىڭ كېرىلىپ كېتىشىنى داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بىر ياردەمچى تېڭىقچى زەخىملەنگەن پۇتنىڭ تىز ئاستى قىسمىدىن چىڭ تۇتۇپ بېرىدۇ. تېڭىقچى قىزىق پاراڭلار ئارقىلىق بىمارنىڭ دىققىتىنى بۇرىغاچ بىر قولى بىلەن زەخىملەنگەن پۇتنىڭ تاپان قىسمىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن پۇتنىڭ پەنجە بارماق قىسمىدىن تۇتۇپ ھوشۇق بوغۇمنى ئاستا، سىلىق ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بىمارنىڭ دىققىتى بۇرالغاندا پۇتنى سىلكىپ ئۇدۇلغا تارتىدۇ. ئاندىن تاشقى پاقالچاق سۆڭەك قىسمىنى ئۈستى تەرىپىگە قىلىپ پۇتنى يانچە قويىدۇ. بۇ چاغدا ئەگەر تاشقى پاقالچاق ئوشۇق قىسمى ئۇدۇلغا (يانغا) كېرىلگەن بولسا تېڭىقچى ئىككى

قولى بىلەن بېسىپ جايىغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمى ئالدى ياكى كەينى تەرەپكە سۈرۈلگەن بولسا سۆڭەكنى ئىككى قولى بىلەن ئۆز ئورنى تەرەپكە بېسىپ جايىغا كەلتۈرىدۇ. سۆڭەك جايىغا كەلسە ئىششىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ساق پۇتنىڭ ئوشۇق قىسمى بىلەن ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ.

تېڭىش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن تۇخۇمنىڭ ئېقى ياكى سېرىقى سۈركەلگەن ماتا بىلەن تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمى نورمال ھالەتتە تەكشى تېڭىلىدۇ (بوش تېڭىلسا تېڭىق ئاسان بوشاپ كېتىدۇ، چىڭ تېڭىلسا قاننىڭ نورمال ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ يەرلىك ئورۇن ئىششىپ قالىدۇ)، ئاندىن كېيىن كېرىلگەن ئورۇنغا مۇۋاپىق شىنا (تاختا) ياكى قاتتىقراق كاردون قەغەز قويۇپ ئۈستىدىن بېنت بىلەن تېڭىلىدۇ. شىنا قويغاندا جايىغا كەلتۈرگەن سۆڭەكنىڭ قايتىدىن قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر زەخىملەنگەن ئورۇندا ئېغىرراق ياللۇغلىنىش بولسا ياللۇغنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن ئاندىن كېرىلگەن ئورۇننى جايىغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ياللۇغلىنىش ئوتتۇراھال ياكى يېنىك ھالەتتە بولسا كېرىلگەن ئورۇننى جايىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن تۇخۇم ئېقىغا مومىيا، قىزىلگۈل، رەۋەن، سۆرۈنجان قاتارلىقلارنىڭ تالقانلىرىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قوشۇپ تېڭىش لازىم. ئىستېمال قىلىشقا چۆپچىن كەبىرى، چۆپچىن سەغىرى قاتارلىق ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

كېسەللىك ئۈچ ھەپتىدىن ئاشقان بولسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق كېرىلگەن ئورۇننى جايىغا كەلتۈرۈش لازىم. 1. قېتىق، پىياز ئارىلاشمىسى بىلەن يەرلىك ئورۇن بوشاشقىچە بوش تېڭىلىدۇ. 2. قەلەمپۇر يېغى، قارىغاي يېغى، قۇستە يېغى، زەيتۇن يېغى، ئات يېغى، بادام يېغى قاتارلىقلاردىن قايسىسى تېپىلسا شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇن بوشاشقىچە مايلىنىدۇ. 3. زە-

خىملەنگەن پۇتنى قوي ئىچىگە تىقىپ ئىككى - ئۈچ سائەت تۇر-غۇزۇپ مۇسكۇل ۋە پەيلەر ئوبدان بوشىغاندىن كېيىن پۇتنى سۇدا يۇيۇپ ئاندىن جايىغا كەلتۈرۈش لازىم. 4 . كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن كېرىلگەن پۇتنى مۇسكۇللار بوشاشقىچە سۇغا چىلى-سىمۇ بولىدۇ.

تاشقى پاقالچاق سۆڭەك ئوشۇق قىسمىنىڭ كېرىلىپ كېتى-شىنى داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: 1 . تېڭىق يۆتكەشتە تېڭىق بوشىغاندا ئاندىن يۆتكەش لازىم. بوغۇم قېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن تېڭىق ئالماشتۇرغاندا بوغۇمنى مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش كېرەك؛ 2. كېرىلىپ كېتىش ئېغىر بولغانلار ئىككى - ئۈچ ھەپتىگىچە ماڭماسلىق، پۇتنى 45 گرادۇس ئېگىزلىكتە قويۇپ يېتىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا ئىششىق تېز يانىدۇ؛ 3 . بىمارنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرۇش، كېسەللىكنىڭ قوشۇمچە ئاسارەتلىرىگە قارىتا ۋاقتىدا مۇۋاپىق دورا بېرىش لازىم.

## 19 . زىققىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا

ئابلەي مەتنىياز

زىققە كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ زىققە كېسىلى ھەققىدىكى قاراشلىرى بويىچە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

1 . بەلغەم ماددىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى غەيرىي تەبىئىيلىشىپ بەدەندە، بولۇپمۇ ئۆپكىدە ئۇنىڭ كۆپىيىشى؛

2 . مېڭىدىن چۈشكەن نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۆپكىگە ئورۇن-لىشىپ كانايچىلاردا ياللۇغ پەيدا قىلىشى؛

3 . نەپەس يوللىرىدا ماددىسىز سەۋەبلەر يەنى ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق قاتارلىقلارنىڭ ئېشىپ يەرلىك ئورۇندا كېسەللىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى؛

4 . نەپەس يوللىرىدا يەل پەيدا بولۇپ، نەپەس يوللىرىنىڭ تو- سۇلۇشى؛

5 . بەدەن سەزگۈرلۈكىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشى؛

6. روھىي ئامىللار يەنى غەم – غۇسە، بەك خاپا بولۇش ياكى خۇشال بولۇش؛

7 . بوغما كېسىلى بىلەن ئاغرىش؛

8 . ئاشقازان كۆپۈپ ئۆپكىنى سىقىش؛

9 . كۆكرەكنىڭ تۇغما تارلىقى؛

10 . كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇ چۈشۈش؛

11 . بىر قىسىم يۈرەك كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىش؛

12 . دىئافراگمىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى قاتارلىقلار.

زىققە كېسىلىنى داۋالاشتا زىققىنى قوزغايدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش، بىمارنى ساپ ھاۋالىق جايدا تۇرغۇ- زۇش، ئوزۇقلۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كاناي مۇس- كۇللىرىنىڭ تارتىششىنى بوشاتقۇچى، قويۇق شىلىمشىق بەل- غەمنى ھەيدەپ چىقارغۇچى، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى دو- رىلارنى بېرىش زىققىنى داۋالاشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە زىققە كېسەللىكلىرىدە قەۋزىيەت تولا كۆرۈلىدۇ. قەۋزىيەتنى يو- قىتىش ئۈچۈن سانادىن 10 گرام، ھېلىلە پوستىدىن 5 گرام، نىلۇپەردىن 5 گرام، خىيار شەنبەردىن 5 گرام رەۋەندىن 3 گرام، ھەشقىپېچەك ئۇرۇقىدىن 3 گرام ئېلىپ قائىدە بويىچە 50ml مەتبۇخ تەييارلاپ، ئۈستىگە 500ml كالا سۈتى قوشۇپ بىر ئۆر- لىتىپ، ئىككىگە بۆلۈپ ئەتىگەن كەچتە بىراقلا ئىچكۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت ئوڭشالغاندىن كېيىن مەجۇنى كىلەر پىچانى بېرىلىدۇ، تەركىبى: ئىپار 1 گرام، زەپەر 3 گرام، كۆكنار ئۇرۇقى 20 گرام،

كۆكنار پوستى 10 گرام، چۇچۇكبويا 20 گرام، نانخا 15 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 15 گرام، سىيادان 10 گرام، قەلەمپۇر 10 گرام، سەرپىستان 10 گرام، زۇپا 10 گرام، بادام مېغىزى 30 گرام، لاچىندانە ھىندى 10 گرام، ئازغان مېۋىسى 30 گرام، سىرىق مايدا قورۇلغان ئاق بويا ئۇرۇقى 10 گرام، قورۇتۇلغان كىلەر تېنى 50 گرام، ھەسەل ھەممە دورىلار مىقدارىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى. دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرامدىن بېرىلىدۇ. ئىككى ئاي بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكى دورىلارنىڭمۇ زىققىغا بولغان شىپالىق ئۈنۈمى خېلى ياخشى.

1. دورىلىق تاماكا بىلەن داۋالاش

1) ۋاڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى، شېخى، يوپۇرمىقى تەڭ مىقداردا، ئاپتاپپەرەس غولىنىڭ ئىچىدىكى ئاق پورى ئوخشاش مىقداردا، دورىلارنى ئۇششاقلاپ تاماكا قىلىپ چەكسە كاناي مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىشىنى بوشىتىپ، بەلغەمنى ھەيدەيدۇ.

2) كەندىر يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچىنى تاماكا قىلىپ چەكسە زىققىغا شىپا بېرىدۇ.

3) ۋاڭ يوپۇرمىقى 3 گرام، بەزرۇلبەنجى يوپۇرمىقى 5. 1 گرام، كەندىر يوپۇرمىقى 5. 1 گرام، دورىلارنى ئۇششاقلاپ تاماكا قىلىپ چەكسە زىققىغا شىپا بېرىدۇ.

2. بويا ئۇرۇقى بىلەن داۋالاش

بويا ئۇرۇقىنى سىرىق مايدا قورۇپ كۈندە ئەھۋالغا قاراپ بىر - ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 تال يەپ بەرسە ئىسسىقتىن بولغان زىققىغا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

3. كىلەر بىلەن داۋالاش

كىلەر تالقىنىنى تەڭ مىقداردىكى بادام تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئەھۋالغا قاراپ بىر ـ ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ـ 5 گرامغىچە ئىچىپ بەرسە ياكى كىلەر گۆشىنى پى-

شۇرۇپ زىرە قوشۇپ يەپ بەرسە سوغۇقتىن بولغان زىققىغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

4. ئادراسمان بىلەن داۋالاش

1) 100 گرام ئادراسمان ئۇرۇقىغا 12 گرام نۆشۈدۈر قوشۇپ، ھەسەلدە مەجۇن تەييارلاپ كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ـ2 گرامغىچە ئىچسە بولىدۇ.

2) ئادراسمان ئۇرۇقىنى سوقۇپ ياكى قاينىتىپ داۋاملىق يەپ بەرسە سوغۇقتىن بولغان زىققىغا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## 20. بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكىنى داۋالاش توغرىسىدا

ئابلەي مەتنىياز

بۇ كېسەللىك گۆش، ماي، كۈچلۈك تاماقلارنى دائىم كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىش ياكى كەچلىك تاماقنى كۆپ يەپلا ئۇخلاش، دائىم ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىش، كۆپ ھەرىكەت قىلماسلىق، جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ئاز قىلىش، قايناق سۇنى ئاز ئىچىش، تەرەت قىستىغاندا ۋاقتىدا تەرەت قىلماسلىق، سۈيدۈك، مەنىي تۇتقۇچى دورىلارنى قالايمىقان ئىستېمال قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن قان قويۇلۇپ، خىلىتلارنىڭ تەكشۈكلۈقى بۇزۇلۇپ قاندا قويۇق، پىشمىغان يېپىشقاق ماددىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سۈيدۈكنىڭ قىيامى قويۇلۇپ، بۆرەكتە ئاسانلا چۆكمە ھاسىل قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. سەپرا ماددىلىرىنىڭ سۈيدۈك يوللىرىدا كۆپىيىشى بىلەن سۈيدۈك يوللىرى ۋەرەملىنىپ ئاجرالغان يات ماددىلاردىنمۇ ئاسانلا تاش پەيدا بولىدۇ.

پەرھىزى: داۋالاشتا ئاۋۋال يەللىك، گۆشلۈك يېمەك - ئىچمەكلەردىن، كۈچلۈك تاماقلاردىن بىرنەچچە خىل تاماقلارنى ئارد-

لاشتۇرۇپ قالايمىقان ئىستېمال قىلىشتىن، ئاخشىمى كۆپ تاماق يەپلا ئۇخلاشتىن ( بولسا ئاخشىمى تاماق يېمىسە تېخىمۇ ياخشى ) ، يۇمشاق كارىۋاتلاردا كۆپ يېتىۋېلىشتىن، كۆپ جىما قىلىشتىن، كۆپ ھەرىكەت قىلماسلىقتىن، قايناق سۇنى ئاز ئىچىشتىن ساقلىنىش لازىم.

داۋالاشقا كىرىشكەندە ئاۋۋال يەڭگىل سۇرگە بىلەن 3 كۈن بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن بەديان ئەرىقى، كاسىنە ئەرەقلىرى ئۇسسۇلۇق ئورنىدا بېرىلدى. مەجۇنى ھەجرەلىيەھۇد ياكى مەجۇن ئەقرەب قائىدە بويىچە يېيىشكە بېرىلدى. شەربىتى كاكىنەچ، ئۇغرى تىكەن شەربىتى، بوزۇرى جەۋھىرى قاتارلىق دورىلارمۇ قوشۇمچە ئارىلاپ بېرىلدى.

يۇقىرىقى دورىلارغا قوشۇپ تۆۋەندىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقارغۇچى دورا ۋە چارىلەرمۇ قوشۇمچە ياكى ئايرىم قوللىنىلىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ياڭاق، بادام، سارماي قاتارلىقلارنى سۈت چاي بىلەن ئىستېمال قىلىش.

تامىقىغا كۆپرەك چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە، كەرەپشە قاتارلىق يۇمشاتقۇچى سەيلەرنى زەيتۇن يېغىدا قورۇپ ئىستېمال قىلىش.

سەۋزە مۇراباسىنى تاماقتىن كېيىن كۈندە 3 قېتىم 10g دىن يېيىش.

بېدە مۇراباسىنى، بېدىنىڭ ئۇرىقىنى ۋە گۈلىنى مەلۇم مۇددەت ئىستېمال قىلىش.

خولىنجان، سىيادان، بەديان، ئوغرىتىكەن، سەۋزە، قوغۇن ــ تاۋۇز، تەرخەمەك ئۇرۇقلىرى، كاكىنەچ قاتارلىقلاردىن قايسى خىلى بولسا قاينىتىپ ئىچىش.

توشقان گۆشىنى سۈتتە قاينىتىپ پىشۇرۇپ يېيىش.

خولىنجان بىلەن سىيادانىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ 10g دىن كۈندە 2 قېتىم يېيىش.

بىر ئەمەلىي داۋالاش جەريانىدا ئىلمان چاي، توڭلاتقان چاي، سامسا، رېستوران گۆش قورۇمىلىرى، قوغۇن، لازا، ئاچچىقسۇ، كالا، ئۆچكە، تۆگە گۆشلىرى كېسەلنى قوزغاپ ئاغرىقنى كۆ-چەيتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىدۇق.

سۇيدۇك يولىدا توسۇلۇش بولمىغاندا چاينى كۆپ ئىچىشنىڭ، سۇيدۇك يولىدا توسۇلۇش بولۇپ بۆرەك سۇلۇق ئىششىغاندا چاينى مۇۋاپىق ئىچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق.

ئىسسىق چاي، قايناق سۇ، تاۋۇز، يۇمشاق پىشقان سۇيۇق — سەلەڭ يەلسىز تاماقلار بىمارلارنىڭ دائىم ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## 21 . تۇغما خاراكتېرلىك ئىچ مايماقنى داۋالاش

ئابلەي مەتنىياز

تۇغما خاراكتېرلىك ئىچ مايماق سۆڭەك بۆلۇمىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك بولۇپ، قىزلارغا قارىغاندا ئوغۇللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ئىككىلا تەرەپتە بولىدۇ.

بۇ كېسەللىكتە ئوشۇق بوغۇم ئىچىگە قايرىلىش بىلەن بىرگە پۇت پەنجە بارماقلىرىمۇ ئىچىگە قايرىلىپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆ-تۈشى بىلەن مايماق مېڭىش ئادەتكە ئايلىنىپ، پۇت پەنجە يان تە-رىپى يېرىلىپ ياللۇغلىنىش كېلىپ چىقىدۇ ھەمدە بوغۇملار ئو-زۇن مۇددەت غەيرىي ھالەتتە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن زەخىملىنىش خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغى پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر ئىچ مايماق باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بولسا ئىن-چىكە تەكشۈرۈپ ئاندىن داۋالاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى بەلگىلەش

لازىم. تۇغما خاراكتېرلىك ئىچ مايماق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا ساقىيىشى شۇنچە تېز بولىدۇ. بىمارنىڭ يېشى چوڭ بولسا داۋالاشتا پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ ئېگىلىش ھالىتىگە دىققەت قىلىش لازىم. كېسەلنى قانچە بالدۇر بايقاپ، بالدۇر داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېسەلنىڭ ساقىيىشىدا زور رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆسۈشى جەريانىدا غەيرىيلىك بار - يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ كېسەللىككە سەل قارىشى ياكى خىجىللىق ھېس قىلىشى سەۋەبىدىن كېسەللىكنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپ داۋالاش پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈۋالىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بالىلار بىلەن يېشى چوڭ بالىلارغا قارىتا قوللىنىلىدىغان داۋالاش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلىرى ناھايىتى يۇمران بولغاچقا پۇتىنىڭ شەكلى ئازراق ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگەرمىگەن ھالەتتە بولىدۇ. شۇنداقلا داۋانى تېز قوبۇل قىلىدۇ.

داۋالاشتا تېڭىقچى بىر قولى بىلەن بوۋاقنىڭ ئوشۇق قىسمىنى، يەنە بىر قولى بىلەن پۇت پەنجە قىسمىنى تۇتۇپ بوش كۈچ بىلەن ئاۋايلاپ سىرتقا قايرىپ، پۇت پەنجە دۈمبە تەرىپىگە ئېگىپ تۈزلەپ بىر ئاز تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى كۈندە 3 - 2 قېتىمدىن، بىر ئايچە تەكرارلىغاندىن كېيىن ئوڭشالغانلىقى بىلىنسە، مەلۇم ۋاقىت تۇخۇم بىلەن تېڭىپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئوڭشالمىسا پۇتنى تۈزلەپ تۇخۇم بىلەن تېڭىپ ئىچ ئوشۇق تەرەپكە شىنا قويۇپ مۇقىملاشتۇرۇش لازىم.

بىمار ئىككى 3 ياش ئەتراپىدىكى بالا بولسا تېڭىقچى بىر قولى بىلەن بالىنىڭ ئوشۇق قىسمىنى قاماللاپ تۇتۇپ جەينىكىنى بالىنىڭ پاقالچاق سۆڭىكىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى

بىلەن پۇت پەنجە بارماقلىرىنى تۇتۇپ بوش كۈچ بىلەن قايرىپ ۋە تولغاپ، پۇت دۈمبە تەرىپىنىمۇ ئېگىپ تۈزلەپ ئىچكى ئوشۇق تەرىپىگە، تاپان قىسمىغا مۇۋاپىق شىنا قويۇپ تېڭىپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

3 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارغا يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىپ پۇتنى تۈزلىگەندىن سىرت، يەنە مەخسۇس ياسالغان ياغاچ ئاياق بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

ياغاچ ئاياقنى ياساش ئۇسۇلى: تاپان ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى پەننى تاپان ئارقىدىن تىز ئارقىغا تەڭ كېلىدىغان بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى پەنگە تىك شەكىلدە مىخلاش ۋە تاپان ئاستىدىكى پەننىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىچكى - تاشقى ئوشۇق ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئىككى پەننى تىك قىلىپ مىخلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

تېڭىشتا پۇتنى تۈزلەپ تۇخۇم سۈركەلگەن ماتا بىلەن تەكشى يۆگىگەندىن كېيىن پۇتقا كىيگۈزۈپ ئىككى ئوشۇق ئۇدۇلىدىكى پەنلەرنىڭ ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ يەنە تېڭىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. سىرتقى ئوشۇق ئۇدۇلىغا پاختا تىقىپ پۇتنى تۈزلەشكە چارە قىلىنىدۇ. پۇت سەل تۈزلىنىپ سىرتقى ئوشۇق بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق پەيدا بولسا يەنە پاختا تىقىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا تاكى پۇت تۈزلەنگىچە ھەپتىدە بىر قېتىم تېڭىق ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

ئىچ مايماقنى مۇقىملاشتۇرۇش مەشغۇلاتى بوش كۈچ بىلەن سىلىق ئىشلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كىچىك بالىلاردا قوشۇمچە يارىلىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن يارىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ئالدى بىلەن يارىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئاندىن داۋالاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تېڭىلغان ئورۇندىكى قان ئايلىنىش ئەھۋالىنى كۈندە بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، قول بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمىسە

دەستىكار ئۇسۇلى بىلەن داۋالاشقا بۇيرۇش كېرەك.

## 22 . تولغاقنى داۋالاش ئۇسۇللىرى

### ئابلەي مەتنىياز

تولغاق ياز، كۈز پەسلىدە كۆپرەك يۈز بېرىدىغان كېسەللىك بولۇپ، يۇقۇملىنىش، بۇلغانغان سۇ، كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىش، چىۋىننىڭ تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى بۇلغىشى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. تۆۋەندە تولغاق كېسىلىنى داۋالاشتىكى ئاددىي ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرىمىز: 1. تولغاق بولغان ئاغرىققا دەسلەپتە بىر كۈن قايناق سۇدىن باشقا نەرسە بەرمەي ئۈچەينىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش؛ 2. سېمىز ئوتنى سەي ئورنىدا تاماق بىلەن ئىستېمال قىلىش ياكى سىقىپ سۈيىنى كۈندە ئۈچ قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچىش؛ 3. قارا چايدىن 30 گرامغا 7 گرام زەنجىۋىل قوشۇپ ئۈچ پىيالە سۇ قۇيۇپ ئىككى پىيالە قالغىچە قاينىتىپ، قارا ياكى ئاق شېكەردىن ئازراق سېلىپ كۈندە تۆت قېتىم يېرىم پىيالىدىن ئىچىش؛ 4. ئانار پوستىنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ، ئازراق قارا شېكەر سېلىپ ئىچىش؛ 5. تاماققا سامساقنى قوشۇپ خام ئىستېمال قىلىش؛ 6. تۇرۇپ ئۇرۇقىدىن 30 گرام ئېلىپ، قارا شېكەر سېلىپ قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىش؛ 7. يۇمغاقسۈت (ئاش كۆكى) ئۇرۇقىنى قورۇپ، سوقۇپ ھەر قېتىمدا 7 گرامدىن ئىچىش؛ 8. ئامۇت (نەشپۈت) دەرىخىنىڭ پوستىدىن بىر سىقىمنى ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ، سۈيىنى ئىچىش؛ 9. ئۆرۈك يوپۇرمىقىدىن 70 گرامنى قاينىتىپ قويۇق تەمى چىققاندا سۈزۈپ ئازراق شېكەر سېلىپ، كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم ئىچىش؛ 10. كۆك چايدىن 7 گرامنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دانە تۇخۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ قورۇپ

پىشۇرۇپ، كۈندە ئىككى قېتىمدىن ئۈچ كۈن يېيىش؛ 11. ئىچى سۈرۈش بىلەن كەلگەن تولغاقتا تۆمۈرنى قىزىتىپ سۇدا داغلاپ سۈيىنى ئىچىش؛ 12. قارا ئۆرۈك ياكى ئاپېلسىن پوستىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىش لازىم.

## 23. مەنىي تۇتالماسلىق كېسىلىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى داۋاسى

ئابلەي مەتنىياز

ھۆللۈكنىڭ غالىبلىقىدىن بولغان مەنىي تۇتالماسلىقنى داۋالاشتا، ئالدى بىلەن تازىلاش ئۈچۈن ئايارەج پەيقىرا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەنىي تۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. رەئىس ئەزالار خىزمىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن بولغان بولسا ئالدى بىلەن رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن مەنىينى تۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ياسالمىلاردىن ماددەتۇلھايات، ھەببى ئىمساك، مەجۇنى مومسىك قاتارلىق دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى. خەلق ئارىسى رېتسېپلىرىدىن كەندىر ئۇرۇقىنى قورۇپ تالقانلىغاندىن كېيىن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش، ياڭاق تاشقى پوستىنى قاينىتىپ ئىچىش، قوي بۆرىكىگە يۇلغۇن يىلىمى تالقىنىنى سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىش، ھىڭ يىلتىزى، قارا بۇيا يىلتىزى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ قاينىتىمىسىدا يۇيۇنۇشلارنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى. بۇلاردىن باشقا ھەببى ئىمساك ئەپيۇننىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى. تەركىبى: ئاقىرقەرھا، قەلەمپۇر، بەسباسە، مەستىكى رۇمى، ئەپيۇن ۋە زەپەر قاتارلىق دورىلار تالقانلىنىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن پىياز سۈيىدە نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىپ كۈندە 2 ياكى 3 دانىسى كالا سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

# 24 . دىئابېت كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش

ئابلەي مەتنىياز

دىئابېت كېسەللىكى كۆپ ئۇسساش، كۆپ سىيىش، كۆپ يېيىش، تېز ئورۇقلاش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، يۈرەك، قان تومۇر، ئۆسمە كېسەللىكلىرىدىن قالسىلا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېغىر، سوزۇلما كېسەللىك.

دىئابېت كېسەللىكى شېكەرلىك ( ئىسسىق ) دىئابېت، شېكەرسىز ( سوغۇق ) دىئابېت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يەنى، سۈيدۈكتە شېكەر بولسا، شېكەرلىك ( ئىسسىقتىن بولغان ) دىئابېت، سۈيدۈكتە شېكەر بولماي، باشقا ئالامەتلەر بولسا، شېكەرسىز ( سوغۇقتىن بولغان ) دىئابېت بولىدۇ. دىئابېت كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى مۇرەككەپ بولۇپ، تارىختا ئۆتكەن تېۋىپلىرىمىز تۆۋەندىكى بەش چوڭ سەۋەبكە يىغىنچاقلىغان:

1 . ئۆچەي زەربە يېيىش، زەخىملىنىش تۈپەيلىدىن ئۆچەي خىزمىتى بۇزۇلۇپ، ئۆچەي مەنبەلىك دىئابېت كېلىپ چىقىدۇ.

2 . مېڭە، نېرۋا، يۈلۈنلار زەخىملىنىش، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ كۆپ بولۇشى، جىنسىي ئالاقىنى كۆپ قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن مېڭە، نېرۋا خىزمىتى بۇزۇلۇپ، نېرۋا مەنبەلىك دىئابېت كېلىپ چىقىدۇ.

3 . تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش، كۆپ تاماق يېيىش، هاراقنى كۆپ ئىچىش سەۋەبىدىن جىگەر خىزمىتى بۇزۇلۇپ، جىگەرنىڭ شېكەرنى پارچىلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، جىگەر مەنبەلىك دىئابېت كېلىپ چىقىدۇ.

4 . ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بۆرەك خىزمىتى بۇزۇلۇپ، بۆرەك شىكەر ماددىسىنى ياخشى سۈزۈپ ئالالماي، شىكەرنى سۈيدۈك بىلەن سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۆرەك مەنبەلىك دىئابىت كېلىپ چىقىدۇ.

5 . ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ شىكەرنى پارچىلايدىغان ماددا — ئىنسۇلىننى ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشى تۈپەيلىدىن ئاشقازان ئاستى بېزى مەنبەلىك دىئابىت كېلىپ چىقىدۇ.

دىئابىت كېسەللىكىدە ئېغىزى قۇرۇپ، قاتتىق ئۇسساش، چىشى بوشاپ قېلىش، چىش مىلىكلىرى ئاغرىش، ئېغىز تاتلىق بولۇپ قېلىش، ھەزىم قىلىش بۇزۇلۇش، ئاچچىق كېكىرىش، ئىشتىھاسى كۆپ بولۇش، قەۋزىيەت بولۇش، ئورۇقلاش، تېرىسى بوشاش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، مىجەزى چۈسلىشىش، تېرىسى قۇرغاقلىشىپ قىچىشىش، تېرىگە داغ، سەپكۈن ئۆرلەش، بەزىدە مۇدۇر، چاقا چىقىش، نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قېلىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كېسەل كىشىنىڭ قول – پۇتلىرى سوغۇق، تاپىنى ئىسسىق بولىدۇ. سۈيدۈك تەركىبىدىكى شىكەر ماددىسىنىڭ غىدىقلىشىدىن بەزىدە سۈيدۈك يول ئېغىزى، تاشقى بۆرەكتە زەخمە پەيدا بولىدۇ. ئەرلەردە باھ ئاجىزلىقى، مەنى تۇتالماسلىق، ئاياللاردا ھەيز توسۇلۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، تاجسىمان ئارتېرىيە قېتىش، مېڭە قان تومۇرى قېتىش، يۇقىرى قان بېسىم، سەكتە، نېرۋا ئاجىزلىق، پۇت – قول ئۇيۇشۇش، سانجىپ ئاغرىش، يۈرەك سىقىلىش، سوغۇق تەرلەش، ئۇيقۇسىزلىق، تۆۋەنكى مۇچىلەر چىرىش، شەلۋەرەش، سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

دىئابىت كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاشتا سەۋەبچى ئامىللارنى يوقىتىش ئاساس قىلىنىدۇ.

1. ئىسسىقتىن بولغان شىكەرلىك دىئابىتنى داۋالاش. قاتتىق

ئۇسساش بولسا:

( 1 ) قاپاق، تەرخەمەك، ئاچچىق ئانار، شاپتۇل سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچۈرۈش لازىم.

( 2 ) مۇۋاپىق مىقداردىكى چىگىت مېغىزىنى بىر كىچە – كۈندۈز ئىسسىق سۇغا چىلاپ، تەمىنى چىقىرىپ ئىچۈرۈش لازىم.

( 3 ) ئۈچ تۇخۇمنى بىر كىچە – كۈندۈز ئاچچىقسۇغا چىلاپ يېگۈزۈش لازىم. مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى زىيابىت، قۇرسى كاپور، مەجۇنى بەللۇت، مەجۇنى ئاتائا، مەجۇنى ھالۋائىي بەيزە، لوبوبى كەبىر قاتارلىق دورىلارنى قائىدە بويىچە بېرىش لازىم.

2 . سوغۇقتىن بولغان ( شېكەرسىز ) دىئابېتنى داۋالاشتا، ئالدى بىلەن سەۋەبچى ئامىلنى يوقىتىش كېرەك.

( 1 ) كۈندۈر، سەئىدى كوپى، بەسباسەدىن 12 گرامدىن، بەزرۇلبەنجىدىن 3 گرام ئېلىپ يۇمشاق ئېزىپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، بىر تالدىن يېيىش لازىم.

( 2 ) 3 گرام گۈنجۈت بىلەن 3 گرام كۈندۈردىن سوقۇپ تەييارلاپ، سۇ بىلەن كۈندە ئۈچ قېتىم ئىستېمال قىلسا شىپا قىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى ماسكىل بەۋىل، مەجۇنى كۈندۇر، ماددەتۇلھايات، جاۋارىش جالىنۇس، مەجۇنى خوپسۇللمەدىت، كۆچۈلا، كۈندۈر، سالاجەت ياسالمىلىرى، ئىسسىق تەبىئەتلىك ئىمساكلار سوغۇقتىن بولغان دىئابېتنى داۋالاشتا شىپا قىلىدۇ.

## 25 . زۇكامنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش

### ئابلەي مەتنىياز

زۇكام كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك بولۇپ، سوغۇق ياكى ئىسسىقلىقنىڭ بەدەنگە زىيادە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چى-

قىدۇ. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىمۇ زۇكامنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. زۇكام ئادەتتە تېنى ئاجىز، ياشانغان كىشىلەردە، باللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. سوغۇقتىن بولغان زۇكامدا چۈشكۈرۈش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، باش ئاغرىش، بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان زۇكامدا يۇقىرىقى بەلگىلەر كۆرۈلگەندىن سىرت، بەدەن جۇغۇلداپ قىزىيدۇ، باش، پۇت - قوللار سىرقىراپ ئاغرىيدۇ، يۈز - كۆز قىزىرىدۇ، بىمارنىڭ ئاۋازى غارالىق - غۇرۇڭ بولۇپ يۆتىلىدۇ، گېلى ئاغرىيدۇ، مەيدىسى چىڭقىلىدۇ، ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان زۇكامنىڭ بەزىلىرى دورا قىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ، لېكىن سەل قاراپ زۇكام ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئېغىر زۇكام بولغان كىشىنى پاكىز، يورۇق، ھاۋاسى ساپ ئۆيدە ياتقۇزۇش، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى نورمال ساقلاش، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئۆينى ئاچچىقسۇ، سامساق، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى قوشۇپ قاينىتىپ ھورلاندۇرۇش، ساق كىشىلەرنى بىمار بار ئۆيگە ئىمكان بار كۆپ كىرگۈزمەسلىك، بىمارغا قايناق سۇنى كۆپ ئىچۈرۈش، ياغلىق، شىرىنلىك، قورغاق، كۈچلۈك، يۇقىرى كالورىيىلىك تاماقلارنى بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى بۇنداق تاماقلار زۇكامنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇۋېتىدۇ. زۇكامنى تۆۋەندىكى يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋالاپ ساقايتىشقا بولىدۇ.

( 1 ) كۆك ماش، پىياز، ئاق شېكەردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىسسىقىدا ئىچىش لازىم.

( 2 ) ماشقا ئاق تۇرۇپ ( لوبۇ ) ، چامغۇر سېلىپ ئازراق سامساق قوشۇپ قاينىتىپ تاماق ئورنىدا ئىچىش لازىم. بۇ يۆتەلىپ مەيدىسى چىڭقىلىشۇالغان، بەلغەمنى چىقىرالمايدىغان زۇ-

كامغا پايدا قىلىدۇ.

( 3 ) چاكاندىدىن 3 گرام، كۆك ماشتىن 3 گرامنى تالقان قىلىپ ياكى قاينىتىپ بىراقلا ئىچىۋەتسە تەرلىتىپ تېز ساقايتىدۇ.

( 4 ) بىر چاڭگال كۆك ماشنى قاينىتىپ، ماش يېرىلغاندا سۈزۈپ، ئازراق چۈچۈك بۇيا يىلتىزى سېلىپ يەنە قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ، يوتقانغا چۈمكىلىپ ياتسا تەرلەپ تېز ياخشىلىنىدۇ.

( 5 ) گۈل بىنەپشىدىن بىر سىقىمنى دەملەپ قىزىق ئىچىش لازىم.

( 6 ) زەنجىۋىل بىلەن سامساقنى ئۇششاقلاپ قايناق سۇدا دەملەپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچىپ بەرسە بۇ سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

( 7 ) بېھىنى قوقاسقا كۆمۈپ يۇمشاق پىشۇرۇپ يېيىش لازىم.

( 8 ) ئاقلانغان سامساقتىن يېرىم جىڭ تەييارلاپ، كالا يېغىدا قورۇپ سەل سارغايتىپ، ئاندىن يەنجىپ باراۋەر مىقداردا ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 گرامدىن يېسە، زۇكامدىن بولغان، ئۆزۈنغا سوزۇلغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

( 9 ) زاراڭزا چېچىكى، كېۋەز يىلتىزى، ئاق جۈجەم ( ئۈژمە ) يىلتىزىنىڭ پوستى قاتارلىقلاردىن 30 گرامدىن، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، يۇلغۇن چېچىكى، يانتاق چېچىكى، ھەمىشەۋاگۈل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن 5 گرامدىن ئېلىپ ئۈچ جىڭ سۇ قۇيۇپ ئىككى جىڭ سۇ قالغىچە قاينىتىپ، سۈيىنى سۈزۈپ ئىسسىق چاغدا كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 100ml دىن ئىچىپ بەرسە زۇكام ۋە دەم سىقىلىشقا شىپا بولىدۇ.

( 10 ) گۈل بىنەپشە، نىلۇپەر 6 گرامدىن، زۇپادىن 3 گرام، چىلاندىن تۆت دانە ئېلىپ بىر پىيالە قايناق سۇدا دەملەپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا

شىپا بولىدۇ.

( 11 ) كۆك ماش، زەنجىۋىل، سامساق قاتارلىقلاردىن قايسى خىلى بولسا شۇنى قايناتتىپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

( 12 ) بىر سىقىم سانانى دەملەپ ئىچىپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

( 13 ) قوي مېيىنى كۆيدۇرۇپ كۆز، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاق ئەتراپلىرىغا سۇركەپ قويسا سوغۇقتىن بولغان زۇكام ياخشىلىنىدۇ.

( 14 ) سۇيۇق ئاش ئېتىپ ئىچىپ يوتقانغا چۈمكىنىپ تەرلەپ بەرسىمۇ يەڭگىل زۇكاملار ياخشىلىنىدۇ.

( 15 ) قىزىتمىلىق ئىسسىق زۇكامغا تاۋۇز سۈيىنى سەل قىزىتىپ ئىچسىمۇ شىپا بولىدۇ.

( 16 ) بۇرۇندىن سۇ ئېقىپ توختىمىسا سىيادان، بىخ مارجان، ياكى مەلۇم ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى چالا سوقۇپ، تاماكا ئورنىدا دىماغقا تارتىپ بەرسە ياكى پۇراپ بەرسە بۇرۇندىن سۇ ئېقىشنى توختىتىدۇ.

( 17 ) توخۇ شورپىسىغا قارىمۇچ، زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن ئازراقتىن سېلىپ قىزىق پېتى ئىچىپ بەرسە ياكى ئۆگرە سېلىپ ئىچسە زۇكامنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەت ياسالما دورىلىرىدىن زۇكام جەۋھىرى، زۇپا جەۋھىرى، شىپائىي زۇكام جەۋھىرى، لوئۇوقى كەتان، لوئۇوقى بانو، لوئۇوقى سەرپىستان، كاشكاپ جەۋھىرى، ھەببى قوقىيا، ھەببى ئايارەچ، بەرشىنا قاتارلىق دورىلارنى ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

ئېغىر زۇكام بولغۇچىنى ياخشى پەرۋىش قىلىش لازىم. چۈنكى بىمار مۇۋاپىق داۋالانمىسا، ياخشى كۈتۈلمىسە ئۆپكە ياللۇغى، مېڭە پەردە ياللۇغى، رېماتىزم، يۈرەك كېسەللىكلىرى، كۆكيۆتەل قاتارلىق بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ ياكى قوزغايدۇ. شۇڭا، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشماي بولمايدۇ.

بىمارغا ئاسان سىڭىدىغان، يەل كەلمەيدىغان، بەدەننى قىزىتمايدىغان ( ئىسسىقتىن بولغان زۇكامغا ) تاماقلارنى بېرىش لازىم.

## 26. هاراق ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش توغرىسىدا

### ئابلەي مەتنىياز

جەمئىيەتتە هاراققا نىسبەتەن كىشىلەردە هەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزى كىشىلەر هاراق تەن سالامەتلىك ئۈچۈن زىيانلىق دەپ قارىسا، بەزى كىشىلەر تەن سالامەتلىككە پايدىلىق دەپ قارايدۇ. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ هاراققا نىسبەتەن چۈشەنچىسى كەم. شۇڭا هاراققا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىنتايىن مۇهىم. چۈنكى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر هاراققا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولماي، ئۇنى كۆپ ئىچىپ مەس بولۇشتىن كېلىپ چىقماقتا.

هاراق ئۇزۇندىن بۇيان دوستلۇقنىڭ ۋە غەلىبىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ يەنە خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ـ هەسرەت سورۇنلىرىدىن ئايرىلماي كېلىۋاتىدۇ. هازىرقى كۈندە توي، مەشرەپ، بەزمىلەردىمۇ هاراق ئىچىلىدۇ، هاراقسىز توي، مەشرەپ، بەزمىلەر قىزىمايدۇ، يېقىن دوستلار بىر يەرگە جەم بولغاندا هاراق ئىچىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا سىردىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشۇلىدۇ. تارىختىن بۇيان شاهلار پالۋانلار، ئەدىبلەردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ئۇنى ئىچىپ كەلگەن. بۇ، ئۇنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە پايدىسى بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مۇۋاپىق مىقداردا ئۈزۈم هارىقى ( مۇسەللەس )

ئىچىپ بەرسە كۆكرەك، ئۆپكىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە ئىچىنى بوشىتىش، باھنى قوزغاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق روللىرى بار، دەپ قارايدۇ.

« ئۆسۈملۈك دورىلاردىن مۇھىم بايانلار » دېگەن كىتابتا ئاز مىقداردا ھاراق ئىچىپ بەرسە قاننى ئۇرغۇتۇپ، قىشتا سوغۇق ئۆتكۈزمەيدۇ، ئادەمنى خۇشخۇي قىلىپ، تولا چېچىلىشنى باسىدۇ، دېيىلگەن. ھاراقنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئىسپىرت بولۇپ، ئۇ قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىسپىرت بىر خىل ئېرىتكۈچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن تاماق ھەزىم بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئامېرىكا خافور تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئاز مىقداردا ھاراق ئىچىپ بەرسە تاجىسمان، ئارتېرىيە بوتقىسىمان قېتىش كېسىلى ئازىيىدىكەن.

ھاراقنىڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ، پەقەت پىۋىنىڭ تەركىبىدىلا ئىسپىرت مىقدارى ئاز ھەم ئادەمگە كېرەكلىك ۋىتامىن، ئوزۇقلۇق ماددىلار مول بولۇپ، ئىشتىھانى ئېچىپ، تاماق ھەزىم بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە نېرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ھاراقنىڭ يۇقىرىقىدەك پايدىلىق تەرەپلىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ كۆپ.

« ئۆسۈملۈك دورىلاردىن مۇھىم بايانلار » دېگەن كىتابتا ھاراقنى ئارتۇق ئىچسە نېرۋىنى بۇزۇپ، قاننى ئازايتىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ، قىزىتمىنى ئۆرلىتىپ مىجەزنى ئەسەبىيلەشتۈرىدۇ، دېيىلگەن. ھەددىدىن زىيادە ئىچىلگەن ھاراق ئادەمنى زەھەرلەيدۇ، ھاراقخۇمارلاردىن تۇغۇلغان بالىلار خامۇش، ئاغرىقچان، ئاخماق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئىسپىرت تەركىبى يۇقىرى ھاراقلارنى داۋاملىق كۆپ ئىچكەندە قىزىل ئۆڭگەچ راكى، ئاشقازان راكى،

جىگەر قېتىش، جىگەر راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزاق مۇددەت هاراق ئىچىش ئورگانىزمدا ئاقسىل ۋە ۋىتامىن كەم بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆتكۈر هاراقلار قان تومۇرنى كېڭەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى بىلەن ئاغرىغان كىشىلەرنىڭ ئۆپكىسىدىكى قان تومۇرلارنى يېرىلدۇرىدۇ. كونا يۇرەك كېسىلىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۆتتە تاش پەيدا قىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەت هاراق ئىچكۈچىلەر كېسەل بولسا، ناهايىتى تەستە ساقىيىدۇ.

هاراقنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق دانالىرىمىزمۇ تۆۋەندىكىدەك قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان.

ئىچىملىك —ئادەمنى قاتىل ۋە ئوغرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

(ك. كولتون)

ئىچىملىك —تۈرمىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان خىزمەتكار.

(ئا. بودرىرلار)

ئىچمەسلىك —ئوچاققا ئوتۇن، قازانغا گۆش، داستىخانغا نان، دۆلەتكە بايلىق، يانچۇققا پۇل، تەنگە كۈچ، ئۈستى - باشقا كىيىم - كېچەك، مېڭىگە ئەقىل، ئائىلىگە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ.

(ب. فىرانكلىن)

هاراقنى كۆپ ئىچسەڭ ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز هەرىكەتلىنىدۇ، تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ، پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ، قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ، كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ، ئېغىزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ...

(قابۇس)

يۇقىرىقى سۆزلەر كۆپ ئىچىلگەن هاراقنىڭ ناهايىتىمۇ زور زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، هاراقنى ئىچمەس-

لىكىمىز لازىم.

## 27 . پەرۋەر ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

### ئابلەي مەتنىياز

پەرۋەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى ئۆزگىچە دورا شەكلى بولۇپ، تەخسە ۋە پەتنۇسلارغا ئۇيۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلىرىدىكى تېۋىپلار كۆپرەك قوللىنىدۇ. ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى ئاددىي بولغاچقا ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ دائىم تەييارلاپ ئىشلىتىدۇ. پەرۋەر تەييارلاشتىكى ئاساسىي ماتېرىياللار شېكەر 1000 گرام، دورا تالقىنى 50 .70 گرام، شۇلتا 10 گرام، سۇ 250 گرام بولۇپ، ئالدى بىلەن شېكەرنى سۇغا سېلىپ ئېرىتىۋېلىپ، سۇ تۇگەپ قىيام بولغىچە قايناتقاندىن كېيىن دورا تالقىنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن شۇلتىدىن سېلىپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۇ ماي سۈركەلگەن پەتنۇسقا تۆكۈپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، دورىنى پەتنۇسقا تۆككەندە بالدۇر تۆكۈپ قويۇپ قېتىشماي قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. يەنە بىرى، دورىنى قازاندىن ۋاقتىدا ئالماي قازاندا قېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

پەرۋەرگە چۈشىدىغان دورا تالقىنى كېسەللىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل بولىدۇ. تۆۋەندە 6 خىل دورا تالقىنى نۇسخىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

1 ـ نۇسخا: ئاقمۇچ، قارىمۇچ، كاۋاۋچىن، پىلپىل ھەربىرى

10 گرام، زەنجىۋىل، قەلەمپۇر، خولىنجان، جۇزبۇۋا، دارچىن، سۇيزە، يېزىخۇ ( تاق شاخلىق ئەمەن ) ھەر بىرى 15 گرام. بۇ نۇسخا بىلەن ياسالغان پەرۋەر سوغۇق مىجەز كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈش، ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلىرىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2 ـ نۇسخا: ئېگىر، بەدىيان، رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە، قارىمۇچ، سىيادان، زەنجىۋىل ھەربىرى مۇۋاپىق مىقداردا بۇ نۇسخا بىلەن ياسالغان پەرۋەر ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى يەرللەرنى ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ.

3 ـ نۇسخا: ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، سوئىلەپ مىسىرى، بوزىدان، شاقاقۇل، دارچىن، قەلەمپور مۇۋاپىق مىقداردا. بۇ نۇسخا بىلەن ياسالغان پەرۋەر بەدەننى ۋە باھنى كۈچەيتىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان پەيدا قىلىپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

4 ـ نۇسخا: قارا ھېلىلە، سېرىق ھېلىلە، ھېلىلە كابۇلى ۋە بەلىلە پوستىلىرى، لاچىندانە، قاقىلە، قىزىلگۈل، سۇمبۇل، جۇزبۇۋا، بەسباسە مۇۋاپىق مىقداردا. بۇ نۇسخىدا ياسالغان پەرۋەر مېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ، مالىخولىيا كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5 ـ نۇسخا: چۈچۈكبۈيا يىلتىزى، ئادراسمان ئۇرۇقى، كۆكنار پوستى مۇۋاپىق مىقداردا. بۇ نۇسخا بىلەن ياسالغان پەرۋەر يۆتەل توختىتىدۇ، دەم سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6 ـ نۇسخا: زەنجىۋىل، سۇيزە، زىرە، يېزىخۇ قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئايرىم ـ ئايرىم پەرۋەر قىلىپ ياساپ ئىشلەتسىمۇ ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

پەرۋەرنى ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ـ 10 گرام ئىستېمال قىلسىمۇ ياكى شوراپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

# 28 . قىزىلمۇچنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرى

ئابلەي مەتنىياز

قىزىلمۇچ ( لازا) دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ بىرى.

قىزىلمۇچ تېبابەتچىلىكتە كۆپ ئىشلىتىلمىسىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ پايدىلىق ھەم زىيانلىق تەرەپلىرىنى بىلىپ قويۇش لازىم.

قىزىلمۇچنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ۋىتامىن C ۋە كالتسىي، فوسفور، تۆمۈرگە ئوخشاش ئېلېمېنتلار، ئاقسىل، ماي كاروتىنغا ئوخشاش ئورگانىك ماددىلار بار.

قىزىلمۇچنى مۇۋاپىق مىقداردا تاماققا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، بەدەننى قىزىتىپ تەرلىتىدۇ، قاننىڭ ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزىلمۇچ يەنە نەپەس سىقىلىش، رېماتىزم، ئۇششۇك قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇچەي يولىدىكى بەزى مىكروب، قۇرتلارنى يوقىتىدۇ. قىزىلمۇچنى قاينىتىپ، سۈيىدە ئۇششۇكەن ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە ئۇششۇك ساقىيىدۇ. قىزىلمۇچنى زەنجىۋىل، تۇخۇم سېرىقى بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ مەلھەم قىلىپ، باشقا مەلۇم مۇددەت چېپىپ بەرسە چاچ ئۈندۈرىدۇ.

قىزىلمۇچنى زەنجىۋىل، سۆرۈنجان بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ مەلھەم قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، رېماتىزمغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

قىزىلمۇچنى قايناتىپ ئۇنىڭغا ئازراق ماش ۋە سامساق قو- شۇپ قايناتىپ ئىچسە زۇكامغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. قى- زىل مۇچنى كۆيدۈرۈپ ئۆينى ئىسلىسا ھەر خىل ھاشارەتلەرنى سىرتقا ھەيدەيدۇ.

قىزىلمۇچنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى: قىزىلمۇچنى دائىم كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلسا ئاشقازان، ئۇچەي ياللۇغى ھەم يارىسى، بوۋاسىر، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، ئۆپكە تۇ- بېركۇلىيوزى، قىچىشقاق، تەمرەتكە، تېرە كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆزگە قاتتىق زىيان قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ كې- سەللىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

شۇڭا، ھەربىر كىشى قىزىلمۇچنىڭ زىيانلىق ھەم پايدىلىق تەرەپلىرىنى توغرا تونۇپ ئاندىن ئىستېمال قىلىشى لازىم.

## 29 . ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەرۋىش ئالاھىدىلىكلىرى

سەيلاخان سەيپۇل

ئۇيغۇر تېبابەت پەرۋىش ئىلمى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاي- رىلماس تەركىبىي قىسمى. نەچچە مىڭ يىللىق كېسەللىك دا- ۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز كېسەللىك پەرۋىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ساقلىق ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلەن بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر تېبابەت پەرۋىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى كې- سەللىك داۋالاشتا توغرا قوللىنىش، داۋالاش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

## 1 . مىزاجغا ئاساسەن پەرۋىش قىلىش

ئوخشىمىغان مىزاجلىق كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ئېغىر - يېنىكلىكى، ئالامىتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، كېسەللىك داۋالاشتا كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن پەرقلىق داۋالاش بىلەن بىرگە، ئوخشىمىغان ئۇسۇلدىكى پەرۋىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھۆل ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە كۆپ ھاللاردا يۇرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرى كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل مىزاجدىكى بىمارلارنى پەرۋىش قىلىشتا پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكى، سەۋەبى ۋە ئاقىۋىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن پەرۋىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق بىمارلارنىڭ پەرۋىشىمۇ ئوخشاشلا پەرقلىق بولىدۇ. كېسەللىكلەر مەيلى ماددىلىق ياكى ماددىسىز سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان بولسۇن، پەرۋىش قىلىشتا، كېسەللىك ئۆزگىرىشىگە قارىتا كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبنىڭ قارشى تەبىئىتىدىكى پەرۋىش چارىلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق ئۆتۈش ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرا سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىشتا سوۋۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا سالقىنلىتىش، سوغۇق سۇدا يۇيۇش، مۇز تېڭىش، قېتىق ئىچكۈزۈش ۋە دورا ئىچكۈزۈش چارىلىرى ئەھۋالغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. سوغۇقلۇق تەسىرىدىن كېسەللىك كۆرۈلگەندە قىزىتىش، قۇرۇقلۇقتىن بولغاندا ھۆللەشتۈرۈش، ھۆللۈكتىن بولغاندا قۇرۇتۇش قاتارلىق پەرۋىش چارىلىرى قىلىنىدۇ.

## 2 . ھاۋا كىلىماتىغا ئاساسەن پەرۋىش قىلىش

ئىنسانلار ھاۋادىن ئايرىلالمايدۇ. ھاۋانىڭ ساپ، سۈزۈك، ھاۋا

تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورمال بولۇشى شۇنداقلا ھاۋانىڭ شالاڭ بولماسلىقى سالامەتلىك ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ھاۋا تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەربىر پەسىلنىڭ ئۆزىگە خاس مىزاجى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەتىياز پەسلىنىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق، ياز پەسلىنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق، كۈز پەسلىنىڭ مىزاجى قۇرۇق سوغۇق، قىش پەسلىنىڭ مىزاجى ھۆل سوغۇق. پەسىللەرنىڭ بۇ خىل مىزاجى ئېنىقكى كىشىلەرنىڭ مىزاجىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پەرۋىش ئېلىپ بارغاندا، كېسەللىكنىڭ خاراكتېرىدىن باشقا يەنە ھاۋا ۋە پەسىللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېسەللىككە بولغان تەسىرىنى ئېنىق بايقاپ پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 3. بىمارلارنىڭ ئىچىملىك سۇ پەرۋىشى

سۇ ئىنسانلار ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇلغانغان سۇلار بەدەندە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلسا، تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار بەك كۆپ بولغان سۇلار مىزاجنى بۇزىدۇ. شۇڭا، كېسەللىك پەرۋىشىدە ئىچىدىغان ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىدىغان سۇلارنىڭ پاكىز بولۇشى، ئەڭ ياخشىسى قاينىتىلغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھامىلىدارلار، رېماتىزم كېسەلى بارلار، تېنى ئاجىز، ياشانغان بىمارلار سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىشى كېرەك. پەي، مۇسكۇل ئاغرىقلىرى، سوغۇق يەلدىن بولغان ئاغرىقلار ئىسسىق سۇدا يۇيۇلسا مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى بوشاشتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىدۇ ۋە قاننى راۋانلاشتۇرىدۇ. لېكىن ئىسسىق سۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ بار بولۇپ، يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، مېڭىگە قان چۈشۈش شۇنىڭدەك يۇقىرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە ئىسسىق سۇدا يۇيۇنسا، ئىسسىق سۇ قان ئايلىنىشنى تېزلىتىپ نا-

چار ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۆرەك كېسىلى، ئۆپكە كېسىلى ۋە سۇلۇق ئىششىقلاردا سۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. پەرۋىش قىلىشتا بەدەنگە كىرگەن ۋە چىققان سۇيۇقلۇقنى ئۆلچەپ، سۇيۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا پەرۋىش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

## 4. بىمارلارنىڭ تاماق پەرۋىشى

بەدەندىكى كۈچ – قۇۋۋەت ۋە ھارارەت تاماقتىن كېلىدۇ. ساقلىق ساقلاش ۋە بىمارلارنى پەرۋىش قىلىشتا مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كېسەللىك داۋالاشتا دورا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئىلمىي بولغان ئوزۇقلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلسا كېسەللىكنى تېز ساقايتقىلى بولىدۇ. تاماققا ئاساسەن پەرۋىش قىلىشتا بىمارنىڭ بەدەن ئېھتىياجى بىلەن كېسەللىك ئەھۋالى ۋە مىزاجىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەسىلەن: بۆرەك خىزمىتى تولۇق بولمىغان كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىشتا، تۇزلۇق تاماقتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. سۈيدۈكتىن كېسەللەنگەن كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىشتا يۇقىرى ئاقسىللىق تاماقلاردىن پەرھىز بۇيرۇلۇپ، تۆۋەن مايلىق تاماقلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاماق بېرىشتە بىمارلار تامىقىنىڭ مىقدارى ۋە ۋاقتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 5. بىمارلارنىڭ كىيىم – كېچەك پەرۋىشى

كېسەللىك پەرۋىش قىلىشتا بىمارلارنىڭ كىيىم – كېچىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنىڭ بىرى. ساق كىشىلەر بولسۇن ياكى بىمارلار بولسۇن ھەر ۋاقىت سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، كىيىم – كېچەكلەر سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا بە-

دەڭگە تېگىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا يەرلىك ئورۇندىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. تېبابەتچىلىكىمىزدە كېسەللىكنىڭ خاراكتېرى، بىمارنىڭ مىزاجى ۋە پەسىل ئۆزگىرىشلىرىگە ئاساسەن كىيىنىش، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىغا پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەدەننى قىسىپ تۇرىدىغان، تار، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان كىيىم – كېچەكلەر چەكلىنىدۇ. كىيىم – كېچەك پاكىز، ئازادە بولۇپ، يۇمشاق تەبىئىي تالالىق رەختلەردىن تىكىلگەن بولسا سالامەتلىككە پايدىلىق بولىدۇ. باشقىلار كىيگەن كىيىم – كېچەكلەرنى ئىشلىتىش بىر قىسىم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

## 6 . بىمارلارنىڭ روھىي كەيپىيات پەرۋىشى

روھىي كەيپىياتتىكى غەزەپلىنىش، غەم – قايغۇ، خۇشاللىق، قاتتىق قورقۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساقلىقىقا ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياخشى بولغان روھىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ناچار روھىي كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك پەرۋىشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. ھەر خىل مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان روھىي كەيپىيات ئالاھىدىلىكلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن پەرۋىش ئېلىپ بېرىش، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەندە يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ قىسقىرىش بېسىمى كۆچىيىپ قان تومۇرلارنىڭ بېسىمى ئاشىدۇ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى قالايمىقانلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىشتا ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

### 7. بەدەننىڭ تۇتۇش ۋە چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن پەرۋىش قىلىش

ئادەم بەدىنىدە ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ كىرىشى بىلەن كېرەك-سىز ماددىلارنىڭ چىقىرىلىشىنىڭ نورمال بولۇشى ساقلىق ئۇ-چۇن ئىنتايىن مۇھىم. ماددا ئالمىشىش قالدۇقلىرى بەدەندىن چوڭ تەرەت، سۈيدۈك، تەر، ياش، نەپەس ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. لېكىن سۈيدۈكنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى، كۆپ تەرلەش، ئۇزاق مۇددەت ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلار بەدەندىكى سۇ ۋە ئېلېكترولىتلار تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەكسىچە سۈيدۈك توختاپ قالسا سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش، چوڭ تەرەت ئۇزۇن مۇددەت كەلمىسە ھەزىم ئەزالىرى خىزمىتى بۇزۇلۇش ۋە باشقا زەھەرلىنىشلەر كې-لىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋىش قىلىشتا بەدەننىڭ تۇتۇش ۋە چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاش كې-سەللىكنى ساقايتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 8. دەم ئالدۇرۇش ۋە ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق پەرۋىش قىلىش

كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىدا كېسەللىك خاراكتېرىگە ئاساسەن مۇۋاپىق دەم ئالدۇرۇش ۋە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش، داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قەدىمدىن تارتىپلا مۇۋاپىق چېنىقىش ۋە ھەرىكەتنىڭ كېسەللىك داۋالاشتا مۇھىملىقىنى بىلىپلا قالماي بەلكى يەنە، بىر قىسىم كېسەللىكلەر ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان مەخسۇس ھەرىكەت قائىدىلىرىنىمۇ بەلگىلىگەن.

مۇۋاپىق ھەرىكەت بەدەندىكى پەي ۋە مۇسكۇللارنى كۈچلەندۈ-رۈپ، قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، ساپ ھاۋانىڭ قوبۇل قى-

لىنىشىنى ۋە بۇزۇق ھاۋانىڭ بەدەندىن چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، بەك سەمىرىپ كەتكەن، ئاسان زۇكام بولىدىغان، زېهنى ئاجىز، پەيلىرى بوشاشقان بىمارلارنى پەرۋىش قىلىشتا مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشقا ئىلهاملاندۇرۇش ياخشى رول ئوينايدۇ. ئېغىر ھالدىكى يۇرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، دەم سىقىش قاتارلىقلارنى پەرۋىش قىلىشتا ئارتۇقچە چارچاپ كېتىشتىن ساقلىنىش ۋە مۇۋاپىق دەم ئېلىش تەكىتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يۇقىرىقىدەك پەرۋىش نۇقتىلىرى ۋە ھەربىر كونكرېت پەرۋىش مەشغۇلاتلىرى كېسەللىكتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل پەرۋىش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى خاسلىقى بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاش ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

## 30 . ئالتە زۆرۈرىيەت بويىچە پەرۋىش قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش

سەيلاخان سەپۇل

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى ئالتە زۆرۈر شەرتى ساپ ھاۋا، يېمەك - ئىچمەك، ھەرىكەت ۋە دەم ئېلىش، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق، چىقىرىش ۋە تۇتۇش ۋە روھىي ھالەتلەردىن ئىبارەت ئالتە تەرەپتىن شەرھىلىنىدۇ. پەرۋىشنى ساقلىق ساقلاشتىكى بۇ ئالتە زۆرۈرىيەت بىلەن زىچ باغلاپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى ئالتە زۆرۈرىيەتنىڭ قايسى بىر ھالقىسىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلىدىكەن كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. كې-

سەللىك پەرۋىشىدە ئالتە زۆرۈرىيەتنىڭ قايسى بىرىگە سەل قارىلىدىكەن، كېسەللىكنىڭ شىپا تېپىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ ياكى كېسەللىك ساقايمايدۇ. پەرۋىش جەريانىدا ئالتە زۆرۈرىيەتنىڭ ھەر بىر ھالقىسىغا قارىتا پەرقلىق بولغان دىئالېكتىكىلىق پەرۋىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ساپ ھاۋا ھالقىسىدا بىمار تۇرىدىغان مۇھىتنى چۆرىدىگەن ھالدىكى پەرۋىش مەشغۇلاتى، يېمەك - ئىچمەك ھالقىسىدا بىمارنىڭ ئوزۇقلىنىشى جەريانىدىكى پەرھىز ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار پەرۋىشى، ھەرىكەت ۋە دەم ئېلىش ھالقىسىدا بىمارنىڭ ساقىيىشىغا بولغان پايدىلىق ھەرىكەتلەر ۋە چەكلىنىدىغان ھەرىكەتلەر پەرۋىشى، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق ھالقىسىدا ئۇيقۇنى ياخشىلاش ياكى ئۇخلىتىش ئارقىلىق داۋالاش جەريانىدىكى پەرۋىش مەشغۇلاتى، چىقىرىش ۋە تۇتۇش ھالقىسىدا ماددا ئالمىشىشقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق جەريانلار ھەققىدىكى پەرۋىش مەشغۇلاتى، روھىي ھالەت ھالقىسىدا بىمارلاردىكى روھىي كەيپىيات، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك پەرۋىش مەشغۇلاتى ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 31 . 12 بارماق ئۈچەي يارىسى بىمارلىرىنى پەرۋىش قىلىش نۇقتىلىرى

سەيلاخان سەيپۇل

12 بارماق ئۈچەي يارىسىنى پەقەت دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەنلا تېزدىن ساقايتقىلى بولمايدۇ. بەلكى روھىي جەھەتتىن داۋالاش، كۈتۈش، يېمەك - ئىچمەكنى تەڭشەش قاتارلىق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇشنى بىرگە ئېلىپ بارغاندىلا داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابەت ئۇسۇلى بويىچە پەرۋىش قىلىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

1. تېبابەت نەزەرىيىسىدە ئۇچەي يارىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدا سەۋدا، سەپرانىڭ كۆپىيىشىدىن ھاسىل بولغان غەيرىي تەبىئىي سەۋدانىڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. ھەمدە روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى ئىچكى - تاشقى پايدىسىز ئامىللارنىڭ قايتا قوزغاش، ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شۇڭا، ھەمشىرىلەر بۇ كېسەللىكنىڭ خاراكتېرى ھەمدە بىمارنىڭ ئەمەلىي مىزاجى، روھىي ھالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىمار بىلەن سىردىشىش، ئىلھام بېرىش، كېسەللىك جەريانىنى ئىجابىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش، ساقايغان بىمارلارنى مىسال قىلىپ بېرىش، بولۇپمۇ بىمارغا ئۆزىنىڭ خىزمىتى، دەرىجىسى، يېتەلمىگەن ئارزۇسى ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن تارتقان زىيانلىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈنلەي ساقىيىش نىيىتى بىلەن ياتاققا كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى تونۇتۇپ، بىمارنىڭ تېگىشلىك بولمىغان روھىي بېسىمدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

2. ئوزۇقلۇقلارنىڭ ھەزىم بولۇشىدا ئۇچەي ئۆتكىلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پرىنسىپ جەھەتتە قۇۋۋەتسىزلىكنى كۈچلۈك غىزا ۋە دورىلار بىلەن تۈزىتىش تەكىتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىنسا ئاللىقاچان يارا بولغان ۋە نېپىزلاپ كەتكەن ئۇچەيدە ئېغىر بولغاندا تېشىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ خىل كېسەللىكتە بىمارغا ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئەمما ئاسان سىڭىدىغان تاماقلارنى ئاز - ئازدىن بېرىش لازىم. ئىنچىكە يېيىپ قارا گۆش بىلەن سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىش، لازا، ئاچچىقسۇ ۋە پىياز قوشماي، قارا گۆشنى ئۇششاق پىشۇرۇپ شوۋىگۇرۇچ ئېتىپ بېرىش لازىم. كاكچا نانمۇ پايدىلىق.

3. كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، خاتىرە قالدۇرۇش، داۋالاش ۋە كۈتۈشتە تېۋىپلارغا ماسلىشىپ داۋالاشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش لازىم.

# 32. ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى

روشەنگۈل كېرەم

ھامىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى بالا ھەمراھى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن دورىلار بالا ھەمراھىدىن ئۆتەلەيدۇ. شۇڭا، ھامىلىدار ئاياللارغا دورا ئىشلەتكەندە ھامىلىگە بولىدىغان تەسىرىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىشىش لازىم. ئامال بار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە دورا ئىچمەسلىك كېرەك. تۆۋەندە ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. مەست قىلغۇچى دورىلار

ئومۇمىي بەدەننى مەست قىلغۇچى دورىلار مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى كەڭ دائىرىدە تورمۇزلاپ، ھامىلىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. گۇمۇشلۇق قاتارلىق روھىي كېسەللەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. تەييار ياسالمىلاردىن زۇكام جەۋھىرى، بەرشىشا كەبىر، ھەببى شىپا، يەككە دورىلار ئەپيۇن، نەشە، ئىت ياڭىقى قاتارلىق دورىلارنى ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا قەتئىي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 2. ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلار

بۇ خىلدىكى دورىلار مەست قىلغۇچى دورىلارغا ئوخشاشلا ھا-

مىلىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا ئىشلىتىلسە ھامىلە زەھەرلىنىش ۋە تۇنجۇقۇشى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مەجۇنى ئازاراقى، ھەببى ئازاراقى، كۇچۇلا تالقىنى، جاۋارىش بالادۇر، بادو سۇرگۇسى، يەككە دورىلاردىن ئەپيۇن، نەشە، كوپرەس، سىماب قاتارلىقلار بىرنەچچە مىنۇتتىلا ھامىلىنى زەھەرلەپ قويىدۇ.

## 3. ئۈتكۈر سۇرگۇ دورىلار

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئانا تېنى ئادەتتىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا كۆپرەك سۇيۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. سۇرگۇ دورىلىرى بەدەندىكى سۇ ۋە مىكرو ئېلېمېنتلارنى كۆپ مىقداردا چىقىرىۋەتكەچكە، ئانا تېنى ۋە ھامىلىدە سۇسىزلىنىش يۈز بېرىپ، ھامىلىنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار، بادو سۇرگۇسى، سانا سۇرگۇسى قاتارلىقلار بولۇپ، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە قەتئىي ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ، ھامىلىدارلىقنىڭ 4 - ئېيىدىن ئىلگىرى ۋە 7 - ئېيىدىن كېيىن سۇرگۇ دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 4. ئۈتكۈر قۇرۇق ئىسسىق دورىلار

قۇرۇقلۇقى يۇقىرى دورىلار ھامىلىدارلارنىڭ بەدىنىگە ئاسانلا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. دائىم قەۋزىيەت بولىدىغان ئاياللاردا قىيىن تۇغۇت ياكى بالدۇر تۇغۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بۇ خىلدىكى دورىلار سۇفۇپى بەللۇت، قۇرسى تاباشىر قاتارلىقلاردۇر.

## 5. ھۆللۈكى يۇقىرى دورىلار

مۇۋاپىق ھۆللۈك ھامىلىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم

بولسا بولمايدۇ. بىراق بىر قىسىم دورىلار بەدەندە ھۆللۈكنى زى-ياده ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار بالىياتقۇنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بالدۇر تۇغۇش ۋە ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: قاپاق، قاپاق ئۇرۇقى قاتارلىقلار.

## 33. بوۋاسىر كېسەللىكىنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش چارىلىرى

رەيھانگۈل ئىسمايىل، ئامىنە ياقۇپ

بوۋاسىر ( گېموروي ) — ئىچكى بوۋاسىر ۋە تاشقى بوۋاسىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنى يەرلىك ئۇسۇلدا دا-ۋالاشتا تۆۋەندىكىدەك ئاددىي چارىلاردىن بىرىنى تاللاپ قوللانسا ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1. جاڭگال ياكى قۇرۇقلۇقتا ئۆسكەن ھۆل كۆك يانتاق چې-چىكىدىن 200 g نى، 200g قارا شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، خېمىر قىلىپ، كۈندە ئىككى ۋاخ، چوڭراق چىلان چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلىش.

2. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، ئاق لەيلى غازىڭى، جىگدە غازىڭى، ئارپا، ئىت ئۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئې-لىپ چىلاشقۇدەك سۇغا سېلىپ، دورىلارنىڭ تەمى تولۇق چىق-قىچە قايناتقاندىن كېيىن تىرىپىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى داسقا قويۇپ مەقئەتنى ھورلاندۇرسا، سۇ سوۋۇغاندا ئاغرىق ئورۇننى مەلۇم ۋاقىت چىلاپ ئولتۇرسا ۋە سىرتقى بوۋاسىرغا سۈزۈۋېتىل-گەن دورا تىرىپىنى تاڭسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاچچىق ئانار يىلتىزىنى ئۈچ ھەسسە سۇغا چىلاپ سۇنىڭ رەڭگى قىزارغىچە قايناتقاندىن كېيىن، قول كۆيمىگىدەك سوۋۇغاندا ئاغرىق ئورۇننى 30 ـ 40 مىنۇت چىلاپ ئولتۇرسا بولىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى كۆك يانتاق يىلتىزىنى چالىراق قۇ-رۇتقاندىن كېيىن، كۆيدۈرۈپ تۈتۈنى بىلەن مەقئەتنى ئىسلىسا بولىدۇ.

5. 25g كۆك يانتاق، 10g نىلۇپەر، 25g ھېلىلە پوستى، 20g موزا قاتارلىقلارنى بىر چىنە سۇغا چىلاپ سۇنىڭ يېرىمى قالغىچە قايناتقاندىن كېيىن، دورا تىرىپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىنى كۈندە ئىككى قېتىم يېرىم پىيالىدىن ئىچسە بولىدۇ.

6. ئالتە تال ئەنجۈر قېقى، 30g موزا (يۇمشاق سوقۇش كېرەك) نى بىر چىنە سۇغا سېلىپ سۇس ئوتتا 15 ـ 20 مىنۇت قايناتقاندىن كېيىن، سۈيىنى ئىچىپ، ئەنجۈر قېقىنى يېسە بولىدۇ.

7. مۇۋاپىق مىقداردىكى پىيازنى كالا يېغىدا قورۇپ سوۋۇغان-دىن كېيىن مەقئەتكە سۈركىسە بولىدۇ.

8. پىلپىلدىن 36g، قارىمۇچتىن 42g، زەنجىۋىل، زەجۇۋا، ئامىلە پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3g، قىزىل قولتۇق پاقىدىن 15g، قۇلۇلە يېلىنى 10g، چۇغۇندەك تالقىنىدىن 7g، كىرپە تالقىنىدىن 20g تەييارلاپ، يۇمشاق سوقۇپ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2g دىن تا-ماقتىن كېيىن قايناق سۇ بىلەن ئىچسە بولىدۇ.

9. 9g سۆرۈنجان، ئۈچ دانە قىزىل قولتۇق پاقا، 6g دانىكار، 9g قۇرۇتۇلغان چايان، 8g قوغۇشۇن توپىسى، 25g قوينىڭ بۆ-رەك يېغى قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، پاقا بىلەن چاياننى سۇس ئوتتا

سارغايغىچە قورۇپ قالغان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىپ، قوي يېغىنى كۆيدۇرۇپ چىگىردىكىنى سۈزۈۋېتىپ ياغ سوۋۇغاندا، ئۈستىگە سوقۇلغان دورىلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، ھەر كۈنى كەچتە يېتىشتىن بۇرۇن مەقئەتنى سۇدا يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن مەلھەمنى مەقئەت ئەتراپىغا چېپىپ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

10 . 250g چىلاننى سارغايغىچە قورۇپ، 60g شېكەر بىلەن قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تىرىپىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل 15 كۈن داۋاملاشتۇرۇلسا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

11 . 250g يۇمغاقسۈت كۆكىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا تەمى چىققىچە قاينىتىپ، تىرىپىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىدە كۈندە بىر نەچچە قېتىم مەقئەتنى يۇيۇپ بەرسە بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى سۇتكى چىقىپ قالىدىغان بالىلارغا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

12 . 9g كۈنجۈتنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا تەمى چىققىچە قاينىتىپ ئاغرىق ئورۇننى ھورلاندۇرۇپ، ئارقىدىن سۈيى بىلەن مەقئەتنى يۇيسا بولىدۇ.

13 . 500g سۆگۈپيازنىڭ ئېقىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا تەمى چىققىچە قايناتقاندىن كېيىن ئاغرىق ئورۇننى ھورلاندۇرۇپ، ئارقىدىن سۈيى بىلەن مەقئەتنى يۇيۇش كېرەك.

14 . كالىنىڭ تېلىدىن كۈندە بىر تالنى پاكىز يۇيۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا پىشۇرغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغراپ 15 كۈنگىچە يەپ بەرسە بولىدۇ.

15 . 600g يۇمغاقسۈت ئورۇقىنى سارغايغىچە قورۇپ، تالقانلىغاندىن كېيىن، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر چىمدىمنى 6 گرام سېرىق ھاراق بىلەن قوشۇپ ئىچسە بولىدۇ.

16 . 300g تەكىيە كاۋا ( دوڭگوا ) نى پاكىز يۇيۇپ، توغراپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا تەمى چىققىچە قاينىتىپ، سۈيىدە ئاغرىق ئورۇننى كۈندە بىرقانچە قېتىم يۇيۇپ بەرسە شىپا بولىدۇ.

# 34 . ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر

رەيھانگۈل ئىسمايىل، ئامىنە ياقۇپ

ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ناركوز قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ( مورفىن قاتارلىقلار ) ۋە ناركوز قىلمايدىغان ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ( قىزىتمىنى ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدىغان ) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش دېگىنىمىز، دوختۇرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي خالىغانچە دورا ئىشلىتىش، دورىنىڭ مىقدارىنى خالىغانچە كۆپەيتىش ياكى ئازايتىپ ئىستېمال قىلىش ھەمدە دورىنى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى دوختۇرنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە ئىشلەتسە ھەمدە ئەكس تەسىرىنىڭ بار – يوقلۇقىنى قەرەللىك كۆزىتىپ تۇرسا، ھەر تەرەپلىمە ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بولمىسا تۆۋەندىكىدەك يېڭى كېسەللىكلەر ۋە ئاۋارىچىلىقلار يۈز بېرىدۇ.

1 . بۆرەك زەخىملىنىش: ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتسە، دورىلار پروستاگلاندىن ( مەزى بېزى ھورمونى ) نىڭ بىرىكىشىنى تورمۇزلاپ، بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولماسلىق ۋە ئارىلىق ماددىلىق بۆرەك ياللۇغى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ھازىر ئاغرىق توختىتىش دورىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولماسلىق، دورىلار سەۋەبىدىن بولىدىغان كېسەللىكنىڭ 37% نى ئىگىلى-

مەكتەپ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىندومېتاتسىن (消火痛) نىڭ زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر. ئادەملەرنىڭ بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىسا بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلار ۋە مېتابولىزمدىن پەيدا بولىدىغان كېرەكسىز ماددىلارنىڭ بەدەن سىرتىغا ئاجرىلىپ چىقىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا سەل قاراپ ۋاقتىدا داۋالانمىسا، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار پەيدا قىلىدىغان ئارىلىق ماددىلىق بۆرەك ياللۇغىنىڭ خەتىرىمۇ نىسبەتەن ئېغىر، شۇنداقلا بۆرەك راكىمۇ ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. ئاشقازان يارىسى: ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى قالايمىقان ياكى كۆپ ئىستېمال قىلسا، بارا - بارا ئاشقازان يارىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا ئىلگىرى ئاشقازان كېسەللىكى بار بولسا ئاشقازان تېشىلىپمۇ كېتىدۇ. ئاشقازانغا زىيان سالىدىغان ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار — ئاسپىرىن، فېنىل بۇتازون ( )، ئىندومېتاتسىن ۋە ناپروكسېن ( ) لاردىن ئىبارەت.

3. خۇن تەۋرەش ھادىسىسى: ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنىڭ قاننىڭ ئۇيۇشۇشىغا توسالغۇ بولۇش خۇسۇسىيىتى بار. ئەگەر ھامىلىدار ئاياللار ئاسپىرىن قاتارلىق ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتسە، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ياكى تۇغۇتتىن كېيىن ئېغىر ھالدا خۇن تەۋرەش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

4. كېسەللىك ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ: بەزى ئاغرىقلار مەلۇم كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى مەسىلەن: سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى دەسلەپتە پەقەت قورساق ئاغرىش بىلەن باشلىنىدۇ، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىدا كۆكرەك ئالدى رايونى ۋە سول بىلەكنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى ئاغرىيدۇ. بۇنداق چاغدا ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتسە، ئاغرىق ۋاقىتلىق

پەسەيگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي ئەھۋال يوشۇرۇنۇپ قېلىپ، كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت ۋە ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. يەنە باشقا نۇرغۇن كېسەللىكلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

## 35 . ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ پەرۋىشى

ئايتىللا ئىسمايىل

ئۆپكە ياللۇغى بالىلىق دەۋرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، يىل بويى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۆپكە ياللۇغىنى كۆپىنچە ئۆپكە ياللۇغى قوش شارچە باكتېرىيىسى، قوشۇمچە تارقىلىشچان زۇكام ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى نەپەس يوللىرى ئۆتكۈر يۇقۇملىنىش، قىزىل، كۆكيۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ئىككىلەمچى پەيدا بولىدۇ. باشقا ئامىللاردىن ئۆپكە ياللۇغىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئولتۇراق ئۆيلەردىكى شامال ئۆتۈشۈش ياخشى بولماسلىق، ئۆي ھارارىتى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىپ ئۆپكە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆپكە ياللۇغى كۆپىنچە ئۇزۇققلۇق ناچارلىق، راخىت كېسىلى، نەپەس يولىدىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ئەگىشىپ كېلىدۇ.

بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغان كېسەللەرگە داۋالاش تەدبىرىنى قوللانغاندىن سىرت تېببىي پەرۋىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك كۆزىتىش ۋە تېببىي پەرۋىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

1 . دەم ئېلىش ۋە مۇھىت: ئۆينىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ دەم

ئېلىشقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ، ئۆي ھارارىتى 18 ~ 22℃ بولۇش، ياتاقخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ساپ ھاۋانى كىرگۈزۈش ، كېسەل بالىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تەرلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يوتقان - كۆرپىلەر يېنىك يۇمشاق ، كىيىملىرى مۇۋاپىق بولۇشى ، ئۇنىڭدىن باشقا نەپەسكە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچ كىيىمنى بوشراق كىيدۈرۈش، سۈيدۈك لاتىسىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، بەدەننى ئۆرۈپ تېرىنىڭ قۇرغاقلىقىنى ساقلاش، بالىنىڭ ئارام ئېلىشى ۋە ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پەرۋىش جەريانىدا ھەرىكەت تېز ، يېنىك بولۇشى كېرەك .

2 . نەپەس يولىنى نەملەشتۈرۈش ۋە نەپەس يولىدىكى ئاجرالمىلارنى تازىلاپ چىقىرىش كېرەك .

ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ نەپسى تېز بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، قىزىش ، تاماقنى ئاز يېيىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن نەپەس يولىدىكى ئاجرالمىلار قويۇقلىشىپ ، يۆتەلگەندە بەلغەم چىقماي نەپەس يولىنى توسۇۋېلىپ ، نەپەسلىنىشكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، نەپەس يولىدىكى ئاجرالمىلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ، نەپەس يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى يەڭگىللىتىش ، ئەگەر بەلغەم چىقماي قالغاندا بەلغەم سۈمۈرتكۈچ ئەسۋابىنى ئىشلىتىش، مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا ھەرىكەت سىلىق، توغرا بولۇش، غىدىقلاشنى ئازايتىش، چىقىرىلغان بەلغەمنىڭ رەڭگى ۋە مىقدارىنى كۆزىتىپ دوختۇرغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

3 . يېمەك - ئىچمەك : كېسەلگە ئاسان ھەزىم بولىدىغان ، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى ، ۋىتامىن تەركىبى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش ، كېسەلنى تاماق يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئەگەر تاماق يېگەندە يۆتىلىش، نەپەس قىيىنلىشىش ، ھاسىراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئاز - ئازدىن كۆپ قېتىم

بېرىش، تاماق كانايغا كېتىپ، تۇنجۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، قايناق سۇنى كۆپ ئىچۈرۈپ سۇيۇقلۇق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

4. ئەگەر كېسەل بالا قاتتىق قىزىغان بولسا ئەھۋالىغا قاراپ فىزىكىلىق ئۇسۇلدا هارارەت چۈشۈرۈش، يەنى بەدەننى ئىلمان سۇدا سۈرتۈش، ئوروق باللارنىڭ بەدىنىنى سۈرتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ سۈرتۈش، ياتاق يارىسى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ياكى سوغۇق سۇ ئېلىنغان گېرىلكىنى پېشانە، قولتۇق، تېقىم، يېرىق قاتارلىق چوڭ قان تومۇر بار ئورۇنلارغا قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن 50% ~30 لىك ئىسپىرتتا تېرە سەل قىزارغىچە بەدەن سۈرتۈلىدۇ. قاتتىق يۆتىلىش ۋە بەلغەم چىقىرىش تەس بولغاندا يۆتەل توختاتقۇچى دورىلارنى قەرەللىك، بەلگىلىك مىقدار بويىچە بېرىش، بەلغەمنى شۈمۈرۈپ، ئېغىز بوشلۇق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، قايناق سۇنى ئاز - ئازدىن كۆپ قېتىم ئىچۈرۈش لازىم.

5. كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىش: بەدەن هارارىتى، تومۇر سوقۇش، نەپەسلىنىش، قان بېسىم، ئەس - هوشى، سۈيدۈك مىقدارى، تېرە كۆكىرىش، بەدەن هارارىتى جىددىي تۆۋەنلەش، ئۇيقۇچانلىق، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، دەرهال توختۇرغا مەلۇم قىلىش ۋە پەرۋىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

## 36. سۆگەلنى داۋالاش تەجرىبەم

### قاهار سۇلتان

سۆگەل ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان تېرە كېسەل. ئۇ

ئاساسەن، خىلتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن يەنى قويۇق بەلغەم خىلتى بىلەن سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلۇپ ئۇششاق قان تومۇرلارنىڭ مەلۇم قىسمىدا تۇرۇپ قالغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

سۆگەل — گۆشتىن ئۆسكەن سۆگەل، يىرىلىدىغان سۆگەل، مىخسىمان سۆگەل، ئۇزۇن ئىنچىكە سۆگەل، زەرداپ ئاقىدىغان سۆگەل، بوغدايسىمان سۆگەل دەپ بىرقانچە تۇرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

داۋالاشتا، ئۆزگەرگەن غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى ئاددىي چارىنى قوللىنىش ئارقىلىق سۆ-گەلنى تولۇق ساقايتقىلى بولىدۇ.

قائىدە بويىچە مەجۇنى سىيادان ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. گۆ-رۈچتىن ياسالغان ئاچچىقسۇدىن 150 گرام، ئادەتتىكى ئاچچىق-سۇدىن 100 گرام، كۆكتاشتىن 50 گرام، نۆشۇدۇردىن 25 گرام، سىيادانىدىن 30 گرام ئېلىپ قاتتىق دورىلارنى تالقان قىلىپ، سۇيۇق دورىلارغا چىلاپ ئاپتاپتا 10 – 15 كۈن تۇرغۇزۇپ ھەر خىل سۆگەللەرگە سىرتتىن 2 – 3 قېتىم ئىشلىتىلسىلا ئۈنۈمى كۆ-رۈلىدۇ.

يۇقىرىقى زىماد تەمرەتكە ۋە قاداققىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. قاداققا ئىشلىتىشتە يەرلىك ئورۇننى جىراپ قىزارتىپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

## 37. راك كېسەللىرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش

ئەبەيدۇللا ھامۇت

ئەبەيدۇللا ھامۇت ھەزىم يوللىرى راكى بولۇپ قېلىپ بۇ كې-سەللىك بىلەن 4 يىل 8 ئاي كۈرەش قىلغان. تۆۋەندە ئەبەيدۇللا ئاكىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

بۇ خىل كېسەللىكتە قويۇق تاماقلار ئاسانلىقچە سىڭمەيدىغان

بولغاچقا يېڭى گۆش بىلەن ھەر خىل سەيلەرنى پىشۇرۇپ شۇنىڭ سۈيىدە ئوماچ، شويلا، سۇيۇقئاش، چۆپ قاتارلىق تاماقلارنى يې- يىش ئارقىلىق كېسەللىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغان. تۇرلۇك كۆكتاتلار ئوزۇقلۇقىنىڭ 80% ~ 70نى ئىگىلىگەن.

ئاساسلىق ئىستېمال قىلىنغان كۆكتاتلىرى پالەك، يېسىۋى- لەك، سەۋزە، تۇرۇپ، ئاق چامغۇر، كاپۇستا، پەمىدۇر، سامساق، پىياز، تەرخەمەك، توقماق سەي ... قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنى يېڭى پاقلان گۆشى بىلەن قاينىتىپ، سۇيىگە بۇغداي ئۇنىدا ئوماچ، چۆپ ئاش سېلىپ ئىچكەن. گورۇچ بىلەن شويلا قىلىپ بەرگەن. بەزىدە يۇقىرىدىكى تاماقلار يېنىپ كەتسە، گۆش بىلەن كۆك- تاتلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىشنى ئۆزگەرتمەستىن تاماقنى ئۆزگەرتىپ ئىستېمال قىلغان. يەنى ئۇن تامىقى توختىتىلىپ گورۇچ تامىقى بېرىلگەن 1 ـ 2 كۈن ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۇن تامىقى بېرىلگەندە تاماق سىڭگەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇن ۋە گورۇچ تا- ماقلىرى سىڭمەس بولۇپ قالغاندا گۆش بىلەن كۆكتات سۈيىنى ئىچىپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ چاغلاردا راكنىڭ باشقا دورىلىرىنى ئىستېمال قىلمىغان. يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئەبەيدۇللا ھامۇت ئاكا 4 يىل 8 ئاي ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 38. «ئا، ب» تىپسىز جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش ھەققىدە

ئابدۇرېشىت روزى

جىگەر ياللۇغى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان ھامان ئالدى بىلەن بىمارنى ساق كىشىلەردىن ئايرىش، تاماقتىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئوڭاي سىڭمەيدىغان تاماقلارنى بەرمەس-

لىك، تاماقتا ئاقمۇچ، قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، قوي مېيى، زەنجىۋىل، زىرە قاتارلىق خۇرۇچلارنى سالماسلىق كېرەك. قانداق تاماقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشتا بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش، دەسلەپكى مەزگىلدە بىمارنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى بولماي، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى بېرىش، تاماقنى كۆپ يېگۈزمەسلىك لازىم. ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىدا تاماق مىقدارىنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتسە بولىدۇ. مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىش جىگەر ياللۇغىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق. لېكىن هاراق ئىچىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

جىگەر ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جىگەردىكى ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، سۈيدۈكنى ماگدۇرۇش ئۈچۈن 200ml سىركىگە ( ئۈزۈم سىركىسى بولسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى ) 100 گرام شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ئۆرلىتىپ ئۈچكە بۆلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

جىگەردىكى تۇسالغۇلارنى ئېچىپ سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، سېرىق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كاسىنە شەربىتى بېرىلىدۇ. تەركىبى: كاسىنە ئۇرۇقى، كاسىنە يىلتىزى ھەربىرى 9 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، نىلۇپەر ھەر بىرى 6 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 6 گرام، بەدىيان 10 گرام، چىلان 21 گرام، شېكەر 200 گرام. بۇ دورىلارنى بەلگىلىك مىقداردىكى سۇ بىلەن قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈپ شېكەر سېلىپ، سوۋۇتۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 100ml — 60غىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

جىگەر ياللۇغى ئېغىرلاشقان، سېرىق چۈشكەن، ماگدۇرسىزلانغان، قىزىتما ۋە باش ئاغرىشلار كۆرۈلگەندە، بۇزۇرى شەربىتى بېرىلىدۇ. تەركىبى: كاسىنە ئۇرۇقى، نىلۇپەر، بەدىيان ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرام، قوغۇن، تاۋۇز، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەربىرى 12 گرام، قاپاق ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرام، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى 15 گرام، چىلان 45 گرام، شېكەر

250 گرام. بۇ دورىلارنى 2 لىتىر ئەتراپىدىكى سۇ بىلەن قايناتـقاندىن كېيىن، شېكەر سېلىپ شەربەت تەييارلاپ 4 كۈن ئېچـكۈزۈلىدۇ.

سېرىقلىق ئېغىر بولغان جىگەر ياللۇغىغا تۆۋەندىكى نۇسخا ئانار شەربىتىگە قوشۇپ ئېچكۈزۈلىدۇ. تەركىبى: ئەفتىمۇن، كۆك چېچەك، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام، چىلان 30 گرام، بۇ دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئانار شەربىتىنى قوشۇپ، 100ml — 50دىن تاماقتىن كېيىن 3 كۈن ئېچكۈزۈلىدۇ.

جىگەر ئىسسىقى ئېشىپ، قان قويۇلۇپ، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاـجىزلاشقان بولسا، تۆۋەندىكى سەندەل شەربىتى بېرىلىدۇ. تەرـكىبى: ئاق سەندەل 10 گرام، قىزىل سەندەل 15 گرام، پىرسىـياۋشان، نىلۇپەر، كۆكنار ھەربىرى 6 گرام، قارا ئۆرۈك 18 گرام، چىلان 21 گرام، شېكەر 150 گرام. بۇ دورىلار مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىلىپ، 100ml — 50دىن 3 كۈن ئېچكۈزۈلىدۇ.

مەجۇن دورىلاردىن ئىشتىھانى ئېچىش، جىگەر ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن جاۋارىش ئامىلە، گۇلقەنت، ئامىلە نۇشدارى قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق جىگەر ياللۇغىنى داۋالاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. كەسىپداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىـلىمىز.

## 39. ئىت ياڭىقىنىڭ شىپالىق رولى

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

ئىت ياڭىقى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ،

6 ـ 2 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. غولى تىك، تۈۋى ياغاچلاشقان، ئۈستۈنكى قىسمى ئاچىماقلىنىپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى تېرەك يوپۇرمىقىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن سەل يوغانراق كېلىدۇ. گۈلى يوپۇرماق قولتۇقىدىن ياكى شاخچىنىڭ بۆلۈنگەن يېرىدىن ئۆسىدۇ. شەكلى كانايسىمان، رەڭگى ئاق، مېۋىسى ياڭاق چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۈستىدە ئۈششاق تىكەنلىرى بولىدۇ. مېۋىسى پىشقاندا غوزىسى يېرىلىپ ئىچىدىن قارا رەڭلىك ئۇرۇقى چىقىدۇ. دورا ئورنىدا ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

ئىت ياڭىقىنىڭ تەمى ئاچچىق، زەھەرلىك. ئۇرۇقىنىڭ تەبىئىتى 4 ـ دەرىجىدە، گۈلىنىڭ تەبىئىتى 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

ئىت ياڭىقى ئىنچىلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

ئىت ياڭىقى زەھەرلىك بولغاچقا ئىشلىتىلىشتىن ئاۋۋال زەھەرسىزلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىت ياڭىقىنى بەدىيان سۈيىدە سالايە قىلىپ قايتا ـ قايتا نەملىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېھتىياجغا قاراپ باشقا ئۇسۇللار بىلەن زەھەرسىزلەندۈرۈلىدۇ.

ئىت ياڭىقى ئۇرۇقىغا زەنجىۋىل، رەۋەن، بەدىيان، مەستىكى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەب تەييارلاپ بېرىلسە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۆلگەي كۆپ كېلىشنى توختىتىدۇ. ئىت ياڭىقى ئۇرۇقىدىن قائىدە بويىچە ياغ تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سۈركىسە بوغۇم ئاغرىقى، ئىششىق، پەي تارتىشىپ قېلىش، چىش ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى چىشقا تېمىتىلسا ئاغرىق توختىتىدۇ.

ئىت ياڭىقى گۈلى ۋە يوپۇرمىقى، ئىت ئۈزۈمى، ئاقىرقەرھا، لەيلىقازاق ئۇرۇقى، ياۋا ئەپيۇنگۈل قاتارلىقلارنى ئەرقى كاسىنلەردە نەمدەپ چىش ئاغرىقى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولغان ئىششىقلارغا

تاڭسا، ئىششىق ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدۇ. شېكەر بىلەن گۈلىنى قىيام قىلىپ ئىچسە زىققە نەپەس ۋە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. ئىت ياڭىقى يوپۇرمىقى گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ خېمىر قىلىپ سىرتتىن چاپسا تۇرلۇك سۇنۇق، باش ئاغرىقى، رېماتىزملىق بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈلگە بەزىرۇلبەنجى يوپۇرمىقى قوشۇپ قۇرۇس تەييارلاپ ئاز مىقداردا بېرىلسە ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىت ياڭىقى زەھەرلىك بولغاچقا ئىشلىتىش مىقدارىنى 0.5 گرامدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋدا مىزاجلىقلارغا، جىگىرىنىڭ خىزمىتى ناچارلارغا، كىچىك باللارغا، ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئىت ياڭىقىدىن زەھەرلىنىش ۋە باشقا نورمالسىز ئالامەتلەر كۆرۈلسە، دورىنى دەرھال توختىتىپ قاينىتىلغان مېھرىگىياھ سۈيىنى ئىلمان ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇش، كۆپ مىقداردا سۈت ئىچكۈزۈش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا پىلپىل، بەدىيان، قايماق، ئەرەب يىلمى قاتارلىق دورىلار ئىت ياڭىقىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

## 40. يۇلغۇن مېۋىسى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى

مۆمىنجان ئابدۇراخمان

يۇلغۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چۆل - باياۋانلىرى، شورلۇق جاڭگاللاردىن چىقىدىغان ياغاچ غوللۇق، كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى قىزغۇچ بولىدۇ. 9 -، 10 - ئايلاردا پىشىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۇنىڭ مېۋىسى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە چېچىكى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىمۇ دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### تەبىئىتى
سوغۇققا مايىل

### خۇسۇسىيىتى
ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىششىق قايتۇرىدۇ، قوتۇر، قىچىشقاق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

### ئىشلىتىلىشى
يۇلغۇن مېۋىسىدىن 100 گرام، قىزىل چۆپچىن، شاھتەررىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 15 گرامدىن، مامىرانچىنىدىن 10 گرام، كۆكنار پوستىدىن 6 گرام، كۇندۇردىن 3 گرام ئېلىپ، كۇندۇر ۋە يۇلغۇن مېۋىسىدىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ، يۇلغۇن مېۋىسى بىلەن بىللە 2500 مىللىلىتىر سۇغا تۆت سائەت چىلاپ، ئاندىن سۈس ئوت بىلەن 1500 مىللىلىتىر سۇ قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۈستىدىن كۇندۇر تالقىنىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم يەرلىك ئورۇننى يۇسا، قان، سەپرا ماددىسىدىن بولغان تېرە كېسەللىكلىرى، قوتۇر، قىچىشقاق، سېرىق قەقەشلىك جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ.

يۇلغۇن مېۋىسىدىن 75 بەش گرام، ۋاڭ غولى ۋە يىلتىزلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 31 گرامدىن، گۆگگۇرت سېرىقى تالقىنىدىن 21 گرام ئېلىپ، گۆگگۇرت سېرىقىدىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ، 3000 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ سۈس ئوت بىلەن 2000 مىللىلىتىر قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، گۆگگۇرت سېرىقى تالقىنىنى ئۈستىدىن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يىلمان ھالەتتە بەدەننى يۇيۇپ بەرسە ياكى داكىنى شۇ سۇدا ھۆللەپ بەدەننى سۈرتۈپ بەرسە، كىچىك بالىلاردىكى بەدەن تەمرەتكىسىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

يۇلغۇن مېۋىسى ۋە بەرگىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 21 گرامدىن،

ئەنجۈر قېقىدىن 7 دانە، ئۈزۈم سىركىسىدىن 50 مىللىلىتىر ئېلىپ، قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا، تال ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ.

# 41 . يۇلغۇن يىلىمىنىڭ ئۆزگىچە ئىشلىتىلىشى

ئىلىنىياز روزى

يۇلغۇن يىلىمىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇش، تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە. ئادەتتە پارچىلىنىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن سۇنۇق ۋە چىقىقلارنى تەكشۈرۈپ توغرا تېڭىشقا مۇمكىن بولىسىمۇ، لېكىن ساقىيىش ئۇنۇمىنى قولغا كەلتۈرۈش باشقىچە بىر مەسىلە. شىپاخانىمىزدا مۇرەككەپ سۇنۇق ۋە چىقىقلارنى داۋالاشتا يۇلغۇن يىلىمىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۇق.

ئالدى بىلەن سۇنغان ئورۇن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، سۆڭەك ئورنىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا يۇلغۇن يىلىمىنى ئېرىتىپ ماتاغا سۈركەپ، يەرلىك ئورۇنغا تارشا قويۇپ تېڭىلىدۇ. 15 كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. يەرلىك ئورۇننى تېڭىشتا يۇلغۇن يىلىمىنىڭ كۈچلۈك قورۇش كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇۋاپىق چىڭلىقتا تېڭىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا ئادەتتىكى سۇنۇقلار بىر - ئىككى قېتىمدا ئېغىر ۋە مۇرەككەپ سۇنۇقلار تۆت - بەش قېتىمدىلا تەل - تۆكۈس ساقىيىدۇ.

# 42 . سامساق ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى

ئابلەي مەتنىياز

كونىلاردا: « سامساق ، سامساق يېگەن كىشىنىڭ تېنى ساق »

دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ تېبابەتچىلىكتە مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار.

سامساق بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، يال-لۇغنى قايتۇرۇش، مەددە چۈشۈرۈش، يۆتەل توختىتىش، ھۆل-لۇكنى قۇرۇتۇش، يەل ھەيدەش، قاننى تازىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيز ماڭدۇرۇش، تەرلىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، تېبابەتچىلىكتە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە سامساقتىن پايدىلىنىپ ھەر خىل دورىلار ياسىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «مەجۇنى سەۋىم» دېگەن دورا مەشھۇردۇر. بۇ دورا نېرۋا سىستېمىسى، نەپەس سىستېمىسى، ھەزىم سىستېمىسى ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى كېسەل-لىكلىرىنىڭ ياخشى دورىسىدۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، سامساق يەنە راك كېسىلىدىن ساقلىنىشتىمۇ مەلۇم رول ئوينايدىكەن. ئالاقىدار ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇ-بىي قىسمىدا سامساقنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى بار بولۇپ، بۇ جايدا راك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر ناھايىتى كەم ئۇچرايدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى سامساق تەركىبىدىكى «ئاللىن» دې-گەن ماددىنىڭ ئۇچەي يوللىرىدا ياشىغۇچى باكتېرىيىلەرنى زە-ھەرسىزلەندۈرۈش رولى بولۇپ، چىرىگەن ماددىلارنى كېمەيتى-دىكەن.

ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، سامساقنى زەيى-تۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئاغرىغان قۇلاققا تېمىتسا مەنپەئەت قى-لىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا سامساقنى ھەر خىل يارا ـ جاراھەتكە سىرتتىن چاپسا تېز ئۈنۈم بېرىدىكەن. زىيانداش ھاشارەتلەر چاق-قاندا يېسە ۋە سىرتتىن چاپسا تېز ئۈنۈم بېرىدىكەن. سىركە بىلەن قوشۇپ يېسە ۋابانىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن. يەلدىن بولغان ئۇچەي توسۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇچەيدىكى قۇرتلارنى چۈ-شۈرۈشتىمۇ سامساق بەلگىلىك رول ئوينايدىكەن ۋە مەنىينى كۆ-

پەيتىدىكەن. ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېسە يۆتەل توختىتىپ، بەلغەم چىقىرىدىكەن. ئىشتەينى ئاچىدىكەن. ئۇيقا كەلتۈرىدىكەن. ساماساق يەنە قورساق ئېسىلىش، تاماق سىڭمەسلىك قاتارلىقلارغا ھەمدە پالەچ، لەقۋا، بوغۇم، بەل ئاغرىقلىرىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدىكەن.

بەزى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ساماساقنىڭ يەنە قەنت سىيىش كېسەللىكىگە، قان تومۇر قېتىشتىن پەيدا بولغان يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگىمۇ ئالاھىدە تەسىرى بار ئىكەن.

## 43 . ئىگىرنىڭ شىپالىق رولى

### ئابلەي مەتنىياز

ئىگىر كۆل، ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. ئۇ تۇسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەندىكى زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يەل ھەيدەش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. ئىگىردىن مەجۇن ياسالغاندىن باشقا ئۇ يەنە نۇرغۇن ياسالما دورىلارغا قوشۇلىدۇ. ئىگىرنىڭ قىسمەن شىپالىق رولىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز.

( 1 ) ئىگىر مەجۇنىنىڭ سوغۇق مىجەز، سېمىز كىشىلەرنىڭ بەلغەمىنى يوقىتىپ، ئورۇقلىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش ئۈنۈمى بار.

( 2 ) ئىگىرنى چايناپ سۈيىنى يۇتۇپ بەرسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تىلى ئېغىر باللارنىڭ تىلىنى تېز چىقىرىدۇ.

( 3 ) ئىگىرنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقىنى دەرھال توختىتىدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ، يەل ھەيدەپ تۇسالغۇنى ئاچىدۇ. باش، كۆكرەك ئاغرىقلىرىنى توخ-

تىتىدۇ. ئىچكى ئەزالار سىپازمىسىنى بوشىتىدۇ.

( 4 ) يېڭى ھۆل ئىگىرنى سىقىپ سۈيىنى ئىچسە بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ. قاننى تازىلايدۇ. دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. بۆرەكنى قىزىتىپ باھنى قوزغايدۇ. سۈيدۈكنى، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

( 5 ) ئىگىرنى سوقۇپ چاپسا پالەچ، پەي تارتىشىپ قېلىش، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

( 6 ) ئىگىرنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن قوشۇپ تاڭسا، بوغۇملارنىڭ ئىششىپ ئاغرىشىغا شىپا بولىدۇ.

( 7 ) ئىگىرنى سىيادان بىلەن قوشۇپ سوقۇپ مەلھەم قىلىپ ئاق كېسەلگە چاپسا ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ.

( 8 ) ھۆل ئىگىرنى سوقۇپ سامساق بىلەن مەلھەم قىلىپ ھاشارات چاققان ئورۇنغا چاپسا ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

( 9 ) ئىگىرنى مۇراببا قىلىپ ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەل، پالەچ، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

( 10 ) ياشانغان ۋە سوغۇق مىجەز كىشىلەر چېيىغا ئىگىر سېلىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچىپ بەرسە مىجەزىنى تەڭشەپ، سوغۇقلۇقنى يوقىتىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىگىرنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن ئىسسىق مىجەز كىشىلەر ئۇنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىشى لازىم.

## 44 . ئۈزۈمنىڭ شىپالىق رولى

ئابلەي مەتنىياز

ئۈزۈمنى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا سېرىق چۇشۇش خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى ۋە تال ئىششىقىغا مەنپەئەت

قىلىدۇ.

قىزىل ئۇزۇم ۋە قارىمۇچتىن 5 ـ 4 داندىن ئېلىپ، داۋاملىق يەپ بەرسە بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىش، سۈيدۈك تۇتۇش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇزۇمنى هايۋانات ياغلىرى بىلەن مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئۇرۇنغا چاپسا ئىششىق ياندۇرىدۇ. جاۋاشىر بىلەن چاپسا نىقرىسقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇزۇم ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا ياشاڭغۇراشنى توختىتىدۇ. سۇلۇق جاراھەتلەرگە چاپسا جاراھەت سۈيىنى يوقىتىدۇ.

ئۇزۇم ئۇرۇقىنى سىركىگە چىلاپ قورۇتقاندىن كېيىن يېسە سوزۇلما ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇزۇم يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرىنى قايناتىپ ئىچسە هامىلىدارلىقتىكى كۆڭۈل ئېلىشىشقا شىپا بولىدۇ ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

## 45. سىيادانىنىڭ شىپالىق رولى

### ئابلەي مەتنىياز

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە سىيادانىدىن ئوكۇل، مەجۇن، ياغ ۋە باشقا ياسالما دورىلار تەييارلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

1. سىيادان يېغىنى قايناق سۇغا تېمىتىپ ئىستېمال قىلغاندا ئاق كېسەل، چاچ بالدۇر ئاقىرىپ كېتىشكە شىپا بولىدۇ، سۈت كەلتۈرىدۇ، سىرتتىن سۈركىگەندە پەينى بوشىتىدۇ. چاچنى قارايتىدۇ، پالەچ، لەقۋا، قىچىشقاقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

2. سىيادانىنى دائىم نانغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، كۆڭۈل ئېلىشىش

ۋە جىگەر، تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

3. ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدا بەش گرامدىن سىيادان يەپ بەرسە سۈيدۈكنى، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ، سۈتى كەم ئاياللارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىدۇ.

4. سىيادانىنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە يۈز تېرىسىنىڭ چىرايلىق، رەڭگىنى سۈزۈك قىلىدۇ.

5. سىيادانىنى سىركە بىلەن قوشۇپ مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا ئۈچەيدىكى قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

6. سىيادانىنى ھەسەل سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا نەپەس سىقىلىشقا شىپا بولىدۇ.

7. سىيادانىنى چالا سوقۇپ پات - پات پۇراپ بەرسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە زۇكامغا شىپا بولىدۇ.

8. يەتتە دانە سىيادانىنى كالا سۈتىگە چىلاپ بىر سائەتتىن كېيىن قۇرۇتۇپ يۇمشاق ئېزىپ بۇرۇنغا تېمىتسا كۆز سارغىيىشنى ساقايتىدۇ.

9. سىيادانىنى ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى بىلەن قوشۇپ قورۇپ ئاندىن سوقۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا (بىر مەزگىل) 40 ياشتىن تۆۋەن تاقىر باشلارنىڭ بېشىغا چاچ چىقىرىدۇ.

## 46. ئىچ سۈرۈشنى داۋالايدىغان ئاددىي نۇسخىلار

روشەنگۈل كېرەم

1. گۈرۈچنى يۇماستىنلا قازاندا قورۇپ شويلا ئېتىپ، ئۈستىگە ئاز مىقداردا سوقۇلغان ئانار ئۆرۈقى سېلىنىپ كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

2 . موزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ، قارايغىچە قورۇپ ، تالقانلىغاندىن كېيىن كۈندە 1 ـ 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6g تالقانغا سىمىز ئوت سۈيى قوشۇلۇپ ئىچكۈزىلىدۇ .

3 . مامىرانچىنىدىن 6g ، پىننىدىن 9g ئېلىپ تالقانلاپ 15g شېكەر قوشۇپ بىر كۈندە 3 كە بۆلۈپ ئىچكۈزىلىدۇ .

ئامىلە بىلەن يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاي- ناق سۇغا چىلاپ تەمى چىقىرىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ .

5 . قىزىلگۈل، نىلۇپەر ۋە ئانار پوستىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100ml –50 غىچە ئىچكۈزىلىدۇ .

6 . بىر نەچچە دانە سەۋزىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇششاق توغراپ، سۇدا قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈپ ، سۈيىگە بىر قوشۇق شېكەر قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزىلىدۇ .

7 . 15g قارا ئۆرۈك قېقى بىر پىيالە سۇدا قاينىتىلىپ ئىچ- كۈزىلىدۇ .

8 . توخۇ تاشلىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قازاندا سار- غايغىچە قورۇپ تالقانلاپ، ھەر كۈنى 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6g دىن ئىچكۈزىلىدۇ .

9 . ئاچچىق ئانارنى تېشىپ سىركىگە بىر كۈن چىلاپ، سۇدا قاينىتىپ سوققاندىن كېيىن كۆمىلاچ تەييارلاپ كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 ـ 15 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

10 . ئىچى سۈرەك سۈرۈپ كەتكەندە تەرخەمەك يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق ئېلىپ قۇرۇتۇپ ، تالقانلىغاندىن كېيىن چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 6g دىن، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 3g دىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

11 . پاقا يوپۇرمىقىدىن 3g ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ سۇدا قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ .

# 47 . چاچ ئاقىرىشنى داۋالايدىغان ئاددىي رېتسېپلار

روشەنگۈل كېرەم

چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى بىر قەدەر كۆپ. ئاساسلىقى ئوزۇقلۇق ۋە روھىي كەيپىياتقا بېرىپ تاقىلىدۇ. تۆۋەندىكى رېتسېپلارنىڭ چاچنى ئۆستۈرۈش ۋە قارايتىش رولى بار.

قارا كۈنجۈت بىلەن شېكەرنىڭ ئارىلاشمىسى. پاكىز قارا كۈنجۈتنى سۇس ئوتتا قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، تەڭ مىقداردا ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئاچ قورساق ئەھۋال ئاستىدا بىرقانچە دانە ياڭاق يەپ بەرسە بولىدۇ.

توخۇ يېغىنى قاچىغا سېلىپ قاسقاندا دۈملەپ، كىچىك ئوتتا بىر دەم قايناتسا ياغ ئېرىيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ جىگىرتىكىنى ئېلىۋېتىپ، كۈنجۈت يېغى ئورنىدا ئىشلەتسە ياكى قورۇما ۋە باشقا تاماقلارغا سېلىپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

كۈنجۈت — ئۈجمە كۈمۈلچى. بۇ كۈمىلاچ ئۈجمە ياكى ئۈجمە يوپۇرمىقىغا قارا كۈنجۈتنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۈجمە ياكى ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن كۈنجۈتنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتقاندىن كېيىن سوقۇپ، ئايرىم — ئايرىم ساپال قاچىلاردا ساقلاپ، يېيىش ۋاقتىدا بىر ئۈلۈش ئۈجمىگە تۆت ئۈلۈش كۈنجۈت ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، 10 گرام ئېغىرلىقتا كۈمىلاچ ياساپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر داندىن يېسە بولىدۇ.

يۇقىرىقى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە يەنە روھىي كەيپىياتنى كۆتۈرەڭگە تۇتۇپ، هاراق ئىچىشتىن ساقلانسىلا چاچ بالدۇر ئاقىرىش ۋە چۈشۈشنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

## 48 . كېلەر ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى

### ئابلەي مەتنىياز

كېلەر پاتمىچۇق ئائىلىسىدىكى هايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى تاغ كەسلەنچۈكىگە ئوخشايدۇ، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بېشى سەل چوڭ، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە، كۆزى چوڭ، پولتايغان بولىدۇ، تېرىسى قارامتۇل كۇلرەڭ قاسراقسىمان، گۆشى قىرتاقراق بولىدۇ.

ئۇ ئادەتتە شىنجاڭ، ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. تۇرپان، پىچان قاتارلىق قۇرغاق، ئىسسىق جايلاردا ياشىغانلىرىنىڭ شىپالىق رولى يۇقىرى بولىدۇ. كېلەرنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ باهنى قۇۋۋەتلەش، زىققىنى پەسەيتىش، زەهەر قايتۇرۇش، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىدەك كېسەللىكلەرگىمۇ شىپا بولىدۇ.

—يېڭى تۇتۇلغان كېلەرنى تېرىسىدىن ئاجرىتىپ پىشۇرۇپ، زىرە ياكى زەنجىۋىل سېلىپ شورپىسى بىلەن مەلۇم مىزگىل ئىستېمال قىلىنسا، بەدەن ئاجىزلىقى، پۇت - قول مۇزلاش ۋە سوزۇلما كاناي ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

—كېلەر تالقىنىنى تەڭ مىقداردىكى بادام تالقىنى ياكى ئادراسمان تالقىنىغا قوشۇپ كۈندە ئىككى قېتىم 5 ـ 10 گرامدىن كاپ ئېتىپ بەرسە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، دەم سىقىلىشقا شىپا بولىدۇ.

—كېلەر تالقىنىنى تەڭ مىقداردىكى كۈچۈلا تالقىنىغا ئا-

رىلاشتۇرۇپ، گۆلقەنتكە سېپىپ مەلۇم مەزگىل ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جاھىل ئۆپكە سىلىغا شىپا بولىدۇ.

—ئۆپكە سىلى، كاناي ياللۇغى بار ياشانغانلار ياز پەسلىدە ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر دانە كېلەرنىڭ پۇتۇن تېنىنى قاينىتىپ، ئازراق يۇمغاقسۇت سېلىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، كېسەلدىن ئۈزۈل - كېسىل ساقىيىدۇ.

— كېلەر قېنىنى بوغا قېنىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە ياكى قۇيرۇقىنى تالقانلاپ ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ 2 گرامدىن بىر مەزگىل ئىستېمال قىلسا، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

— كېلەر تالقىنىنى ئانار سۈيىگە قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان دەم سىقىلىشقا شىپا بولىدۇ.

—كېلەر گۆشى تالقىنىغا تەڭ مىقداردىكى بۆيا ئۇرۇقى (تۆمۈر تىكەن ئۇرۇقلىرى بولسىمۇ بولىدۇ) ۋە مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر قوشۇپ، 5 ـ 10 گرامدىن مەلۇم مەزگىل ئىستېمال قىلىپ بەرسە مەزى بېزى ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

—كېلەر تالقىنىنى بەديان تالقىنى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، يۈز، پۇت، قول ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

كېلەر بۆرىكىنى تىكەن، تۆمۈر پارچىسى كىرىپ كەتكەن ياكى چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا تېڭىپ قويسا، زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

## 49 . قۇشقاچ ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى

### ئابلەي مەتنىياز

قۇشقاچ ھەممىلا جايدا بولىدىغان، كىشىلەرگە تونۇش بىر خىل كىچىك قۇش، ئۇنىڭ گۆشى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ھەم شىپالىق. ئۇنىڭ گۆشىنىڭلا شىپالىق رولى بولۇپ قالماي يەنە

مېڭىسى، تۇخۇمى، جىگىرى، مايىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ شىپالىق رولى بار.

قۇشقاچ گۆشىنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەننى قىزىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، ھۆل - سوغۇق مىجەز-لىك كېسەللەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، يۈرەك، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش روللىرى بار.

1. قۇشقاچ گۆشىنى سوغۇق مىجەز كېسەللەر دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرسە يۇقىرىقى تەسىرلەرنى بېرىشتىن باشقا يەنە نەپەس سىقىش، بەل - پۇت ئاغرىش، تولا سىيىش، ھەيز كېسەللىكى، چۇقۇق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. قۇشقاچ بالىسىنىڭ گۆشىنى، قۇشقاچ تۇخۇمىنى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى، زەيتۇن يېغى بىلەن بىللە قورۇپ پىشۇرۇپ يېسە باھنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

3. قۇشقاچ گۆشى ۋە تۇخۇمىنى دائىم يەپ بەرسە ئورۇق كې-شىلەرنى سەمرىتىدۇ.

4. قۇشقاچ قېنىنى ئاق چۈشكەن كۆزگە تېمىتىپ بەرسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

5. قۇشقاچ مايىقىنى قوغۇن ئۇرۇقى، ھەسەل بىلەن قوشۇپ سوقۇپ يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ يۈزگە سۈرتسە سەپكۈن داغلارنى چۈشۈرىدۇ.

6. قۇشقاچ مايىقىنى نۆشۈدۈرگە قوشۇپ سوقۇپ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۆگەلگە چاپسا سۆگەلنى يوقىتىدۇ.

7. قۇشقاچ جىگىرىنى دائىم يەپ بەرسە، باھنى كۈچەيتىدۇ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

8. قۇشقاچ مېڭىسىنى پاختىغا سۈركەپ قۇلاققا تىقىپ قويسا گاسلىققا شىپا بولىدۇ.

9. قۇشقاچ مايىقىنى ئادراسمان ئۇرۇقى بىلەن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئىچكى

ئەزالاردىكى مۇنەكلەرنى يوقىتىدۇ. سىرتتىن چاپسا چىيانغا شىپا بولىدۇ.

قۇشقاچ گۆشى ناھايىتى ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈن، ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە ئانار سۈيى، غورا، ئاچچىقسۇ، سىركەنجىبىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىشى لازىم.

## 50. تېۋىپ توختى ئىمام رېتسېپلىرى

### ھامۇت قارى

پېچانلىق داڭلىق تېۋىپ توختى ئىمام 50 يىل ئۈچۈرىسىدىكى تېبابەتچىلىك ھاياتىدا مول داۋالاش تەجرىبىلىرىنى توپلىغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە قوللانغان رېتسېپلىرىدىن بىر قىسمىنى رەتلەپ تەييارلىدۇق. كەسىپداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

#### مائۇلئۇسۇل كەبىرى

تەركىبى: بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە (چىگىسەي) يىلتىزى، كەپە يىلتىزى (بىخ كەبىر) ھەربىرىدىن 15 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ئۇرۇقى، ئىزخىر يىلتىزى، ئاسارۇن، ھەببى بىلسان، قوۋزاق دارچىن، جىنتىيانا ھەر بىرىدىن 6 گرام، بوزىدان، ئادراسمان ئۇرۇقى، قارا سايۋا ئۇزۇم ھەر بىرىدىن 60 گرام، شېكەر 300 گرام، سۇ 1000ml.

تەييارلىنىشى: قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: باش ئاغرىش، باش قېيىش، باش ئېغىرلىشىش، تۇتقاقلىق كېسەل، پالەچ، لەقۋا، بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

## مائۇلئۇسۇل سەغرى I

تەركىبى: بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، ئىزخىر يىلتىزى، سىرىق ھىلىلە، رەۋەنچىنى، پۇنۇس ھەربىرىدىن 9 گرام، كەپە يىلتىزى، بەدىيان، كەرەپشە، كاسىنە، رۇم بەدىيان، سىمىز ئوت، ئىت ئۈزۈم ئۇرۇقى، نىلۇپەر، كۆك چېچەك، گاۋزىبان ھەربىرىدىن 6 گرام، شېكەر 120 گرام، سۇ 6 چىنە.

تەييارلىنىشى: قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: قورساق، بەل، كىندىك ۋە يوتىلاردىكى سانجىقلىق يەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

## مائۇلئۇسۇل II

تەركىبى: بەدىيان، كەرەپشە، كەپە، ئىزخىر يىلتىزى ھەربىرىدىن 30 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان ئۇرقى ھەربىرىدىن 12 گرام، مەستىكى، سۇمبۇل، جىنتىيانا، رەۋەنچىنى ھەربىرىدىن 6 گرام، ھەببى بىلسان، ئاسارۇن، ئۇد بىلسان ھەربىرىدىن 7 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 9 گرام، ئىنەك پىتى يېغى، ھەسەل ياكى شېكەر ھەر بىرىدىن 120 گرام، سۇ 4 چىنە.

تەسىرى: پالەچ، لەقۋا، تارتىشىپ قېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

تەييارلىنىشى: قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ قوشۇق ئىچىلىدۇ.

## مائۇلئۇسۇل سەغىرى III

تەركىبى: بەدىيان، كەرەپشە يىلتىزى، كەپە يىلتىزى ھەربىرىدىن 15 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان ئۇرۇقى، بەدىيان ئۇرۇقى، ئىزخىر يىلتىزى، ئاسارۇن، ھەببى بىلسان، دارچىن،

جىنتىيانا ھەر بىرىدىن 6 گىرام، ئۇد بىلسان، بوزىدان، ئادراسمان ئۇرۇقى ھەربىرىدىن 9 گىرام، قارا سايۋا ئۇزۇم 30 گىرام، شېكەر 300 گىرام، سۇ 3 چىنە.

تەييارلىنىشى: قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: باش ئاغرىش، ھوشسىزلىنىش، تۇتقاقلىق كېسەل، لەقۋالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## 51. دىئابېت كېسىلىنىڭ ئاددىي داۋاسى

### ھامۇت قارى

دىئابېت كېسىلىدە «ئۈچ كۆپ، بىر ئاز بولۇش» ئالامىتى يەنى كۆپ يېيىش، كۆپ ئىچىش، سىيىش ۋە بەدەن ئورۇقلاش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، كېسەللىك قانچە ئېغىرلاشسا ماغدۇرسىزلىق شۇنچە كۈچىيىدۇ. كلىنىكىلىق تەجرىبىلىرىمگە ئاساسلانغاندا دىئابېت كېسىلىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن داۋالىسا بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1. غىزائى داۋا جەھەتتە: بىمارغا ئالدى بىلەن كۈنىگە 200 گىراملا ئۇن ئىستېمال قىلىش ھەمدە 250 گىرام پاقلان گۆشىگە نوقۇت قوشۇپ شورپا قىلىپ گۆش ۋە شورپىسىنى ئىستېمال قىلىش بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن داۋالىغاندا ئىككى ھەپتىدە دىئابېت كېسىلىنىڭ داۋاملىق ئېغىرلىشىشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

2. دورىلىق داۋا جەھەتتە: قۇرسى زىيابىت كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 — 6 گىرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

شەربىتى ئىنجىبار 500 گىرام ئېلىپ كۈندە 4 ـ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى مۇنداق: ئىنجىبار يىلتىزى ئۇرۇقى، تاتلىق ئانار پوستى ۋە ئۇرۇقىنىڭ

ھەربىرى 9 گرامدىن، تاباشىر 10 گرام، موزا، كۇندۇرلەرنىڭ ھەربىرىدىن 6 گرام، گۇل سۇرۇق، كۆكنار پوستى ۋە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا بىر ئاخشام چىلاپ قويغاندىن كېيىن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەمدە دورا تەييارلاپ ئىككى – ئۈچ ھەپتە ئۇدا ئىچكۈز-گەندىن كېيىن، بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلىشىدۇ ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشىلىنىدۇ.

ھەزىم قىلىشى ناچار بولسا ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەجۇنى نانىخا، ماددەتۇلھايات، جاۋارىش كۇندۇر، روھىي كەيپىياتى ياخشى بولمىسا نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىترىفىل سەغرى، مە-جۇنى نۇجاھ بەرسە بولىدۇ. ئاخىرقى داۋالاش باسقۇچىدا بىمارنىڭ روھىي – كەيپىياتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن خېمىرى مەر-ۋايىت، داۋائىل مىشكى ھار قاتارلىقلارنى بەرسە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شېكەر سىيىش كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى تامامەت يوقات-قىلى بولىدۇ.

## 52 . خېنىنىڭ شىپالىق رولى

رەناخان ئىبراھىم

● خېنىغا ئوسما قوشۇپ چاپسا، چاچنى قارايتىدۇ ھەمدە چاچنى پارقىرىتىدۇ.

● خېنىنى ئېزىپ قولغا چاپسا قولغا چىققان سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ.

● خېنىنى ئېزىپ ئۇنىڭغا زەنجىۋىل، كاۋاۋچىن، قارىمۇچ، ئاچچىق ئۇزۇم، يانتاق چېچىكى، ياڭاق پوستى قاتارلىقلارنى ئا-رىلاشتۇرۇپ پۇت بوغۇملىرىغا چاپسا، بوغۇم ياللۇغى، رېماتىزم قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بېرىدۇ.

● خېنە يېغىنى مۇچە ۋە مۇچە بوغۇملىرىغا سۈركەپ بەرسە سوغۇقلۇقنى ھەيدەپ، مۇچىلەر تېلىش، ئاغرىش ئالامەتلىرىنى يوقىتىدۇ. خېنە يېغىنى چىقىرىش ئۇسۇلى: 2kg خېنىنى ئېزىپ ئۇنىڭغا ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زەنجىۋىل قاتارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، 1. 5L سۇدا 1L قالغىچە قاينىتىپ، تىرىپىنى سۈزۈۋېتكەندىن كېيىن ئۈستىگە 250ml قىزىتىلغان كۈنجۈت يېغىنى قۇيۇپ داغلاپ، 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈن نۇرىدا 45 كۈن تۇرغۇزۇلسا خېنە يېغى تەييار بولىدۇ.

# پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپا - خانىسىغا مەسئۇل بولغان خادىملارنىڭ تىزىملىكى

1 . ئەبەيدۇللا ھامۇت : 1983 - يىلى يىل بېشىدىن 1985 - يىلى يىل بېشىغىچە مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولغان .

2 . ئىمەر تۇرسۇن : 1984 - يىلى 2 - ئايدىن 1987 - يىلى 3 - ئايغىچە دوختۇرخانا باشلىقى بولغان .

3 . نايىت ئىسمايىل : 1985 - يىلى 1 - ئايدىن 1986 - يىلى 1 -ئايغىچە ياچېيكا شۇجىسى بولغان .

4 . قاھار سۇلتان : 1987 - يىلى 3 - ئايدىن 1987 - يىلى 12 - ئايغىچە مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى ، 1987 - يىلى 12 - ئايدىن 2002 - يىلى 3 - ئايغىچە شىپاخانا باشلىقى بولغان .

5 . يۇسۇپ سېتى : 1987 - يىلى 4 - ئايدىن 1995 - يىلى 7 -ئايغىچە ياچېيكا شۇجىسى بولغان .

6 . قاھار سۇلتان : 1995 - يىلى 7 - ئايدىن 2003 - يىلى 1 -ئايغىچە ياچېيكا شۇجىسى بولغان .

7 . ئابدۇل توختى : 1995 - يىلى 5 - ئايدىن 2002 - يىلى 10 -ئايغىچە مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى بولغان .

8 . ھەبىبۇللا ھۆسەيىن : 2002 - يىلى 3 - ئايدىن

ھازىرغىچە شىپاخانا باشلىقى، 2003 ـ يىل 1 ـ ئايدىن ھازىرغىچە ياچىيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

9 . رەشىدە تۇردى: 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ھازىرغىچە مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

10 . ياقۇپ ئابدۇراخمان: 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ھازىرغىچە كەسپىي مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئامانگۇل تۇردى

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پىچاندىكى تەرەققىياتىغا نەزەر

تۈزگۈچى: ئابلەي مەتنىياز

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
ئۈرۈمچى شىنشىيې باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
1168×850مم، 32 فورمات، 9.75 باسما تاۋاق، قىستۇرما ۋارىقى: 3
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىرازى: 1—1500

ISBN7-5372-3843-X
باھاسى: 20.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم

# شىپاخانىمىز داۋالايدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەر

يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى: پالەچ، ئېغىر يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تىقىلمىسى، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك، يۇقىرى قان بېسىم، يۇقىرى مايلىق قان كېسىلى.

ئاشقازان، جىگەر، ئۆپكە كېسەللىكلىرى: ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەرخىل جىگەر ياللۇغى، جىگەر قېتىش، زىققە.

بۆرەك كېسەللىكلىرى: بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك تېشى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، مەزى بېزى چوڭىيىش ۋە مەزى بېزى ياللۇغى، بۆرەك ئاجىزلىقى.

تېرە كېسەللىكلىرى: بەرەس، كالا تەمرەتكىسى.

ئاياللار كېسەللىكلىرى: پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئەزا يۇقۇملىنىش، ھەرخىل ئۆسمە، راك، بالىياتقۇ سىرتقا چىقىۋېلىش كېسەللىكلىرى.

تاشقى كېسەللىكلەر: سازائىسمان ئۆسۈكچە ياللۇغى، ئۆت تېشى كېسىلى، ئۈچەي تۇتۇلۇش قاتارلىقلارنى ۋە ھەرخىل مۇرەككەپ سۇنۇقلارنى ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن ئۈنۈملۈك داۋالايدۇ.



ISBN 7-5372-3843-X

9 787537 238434 >

ISBN 7-5372-3843-X
（民文）定价:20.00元